# مۇسا تۈركىستانىي

# شەرقىي تۈركىستان فاجىئەسى

## كاشغەر سەھنەسىدە

ئىككىنچى بۆلۈم

مەسئۇل مۇھەررىر
دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ

ئۆزلەشتۈرگۈچى
ئىسلام تېكىن

**بۇ كىتابنى ئۆزىنىڭ نەشرىياتىدا ھەقسىز نەشرى قىلدۇرۇپ بەرگەن ئوچاق نەشرىياتىنىڭ ساھىبى ئىلىم سۆيەر، پىشقەدەم تەتقىقاتچى زات يۇسۇف خوجا ئەپەندىگە كۆپتىن كۆپ تەشەككۈر ئېيتىمىز ۋە ئاللاھتىن ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر تىلەيمىز.**

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

2008 ـ ماي ـ ئىستانبۇل

ئالاقىلىشىش ئادرېسى

adresi: Ördek Kasap Mah· Millet Cad Gülşen Apt· No: 108
D:5 Çapa Fatih / İstanbul / Türkiye· Tel: +90- 212 -5232877
Fax: +90 -212- 5232876 web: www·maarip·org
E-mail: uyghurmaarip@yahoo·om



مۆسا ئەپەندى

بسم الله الرحمن الرحيم

# كىرىش سۆز

تارىخ ھەقىقەت، ئىگىلىگۈر سۈنماس،
قۇياشنى قار بىلەن كۆمگىلى بولماس.
تارىختۇر ئۆتمۈشنى كۆرسەتكۈچ كومپاس،
كەلگۈسى ھاياتقا قانۇنىي ئاساس.
- ئابدۇلھەمىد راشىدىن -

بارلىق كائىناتنى ياراتقان ۋە بىزلەرنى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىك مەخلۇق قىلغان جانابى الله غا ھەمدۇ- سانالار بولسۇن، ئىنسانىيەتكە ئىززەت-ئابروي ۋە شان-شەرەپ بىلەن ياشاش يولىنى ئۆگەتكەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سالاملار بولسۇن!

تارىخ، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئىنسانىيەت تارىخىدا، شانلىق تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالالىغان، ئۆز تارىخىنى تارىخ بېتىگە ئالتۇن ھەل بىلەن يازالىغان ۋە بۇ تارىخىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلەلىگەن ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىمۇ پارلاق بولىدۇ.

دۇنيادىكى ھەر بىر مىللەتنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئۆتتى. بۇ جەرياندا مۇھىم تارىخىي باسقۇچلۇق پەيتنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەنلەر بولسا، شەرەپلىك ھاياتقا ئىگە بولدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئەخمىقانە ھەرىكەت قىلىپ تارىخىي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلار بولسا، باشقىلار تەرىپىدىن خورلانغان ھالدا بېقىندى ھاياتقا مەجبۇر بولدى.

بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار، تارىخ بويىچە بۇ خىلدىكى

نۇرغۇن ئىسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق، تارىخىمىزدا نۇرغۇن دۆلەت ۋە ئىمپىراتورلۇقلارنى قۇردۇق، بەزىدە مەغلۇپمۇ بولدۇق، ئەمما ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، يەنە قايتا-قايتا دۆلەتمۇ قۇردۇق. تۈرك ئىسلام تارىخىدا، ئىسلام دىنىنى تۇنجى قېتىم دۆلەت دىنى قىلىپ بىكىتكەن سۇتۇق بۇغراخان بىزدىن چىققان. بىز شۇندىن ئېتىبارەن باشقا ئەللەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ئادالىتىنى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىيجاناپ ئەخلاقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدۇق، ھېچ قاچان زۇلۇم قىلمىدۇق، زۇلۇمغىمۇ رازى بولمىدۇق. بىز ئىناق-ئىتىپاق ۋە بىرلىك-باراۋەرلىك ئىچىدە ياشىغان چاغلىرىمىزدا دۈشمەنلىرىمىز بىزنى يېڭەلمىدى. ئىناقلىقىمىز بۇزۇلۇپ، شەخسىي مەنپەئەت ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى بېسىپ چۈشكەندە باشلىغان ھامان پۇرسەتپەرەس دۈشمەنلىرىمىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھىلە ـ نەيرەڭ ئارقىلىق بىزلەرنى مەھكۇم قىلىۋالغىلى تۇردى.

يېقىنقى تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، ئەجدادىمىزنىڭ پەم ـ پاراستىگە ۋە ئەقل قابىلىيىتىگە «بارىكاللا» ئېيتماي تۇرالمايمىز. دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر زامانىۋى دۆلەت قۇرۇشقا باش قاتۇرۇپ تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرگەن بىر پەيتتە، سابىت داموللاھاجىمغا ئوخشىغان دانا كىشىلىرىمىز، 1933ـ يىلى ئەڭ مۇكەممەل ئاساسىي قانۇن ۋە دۆلەت ئاپپاراتىغا ئىگە، دۇنيادا تۇنجى ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ چىقتى. ئەپسۇسكى ياۋۇز خىتاي ۋە رۇس زومىگەرلىرى ئىچكى دۈشمەن بىلەن بىرلىشىپ بۇ ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى ئۇزۇن ياشاتمىدى. 1949ـ يىلى قىزىل خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن ئېتىبارەن، بىزنى دۇنيادا يىتىم قالدۇرۇشقا، سىياسىي سەھنىدىن يوق قىلىشقا ۋە يالغان ـ ياۋىداق تارىخ بىلەن كەلگۈسىدىن ئۈمىدىمىزنىمۇ ئۈزدۈرۈشكە تىرىشماقتا. جۈملىدىن 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈشكە

ئۇرۇنماقتا. چۈنكى بۇ، بىزنىڭ پارلاق كەلگۈسىمىزنى بەرپا قىلىش، ئىززەت-ئابرۇيىمىزنى ۋە شان - شەرىپىمىزنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزدە ئىنتايىن ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تارىخىي ۋەقەدۇر چۈنكى ئەجدادلىرىمىز ئۇ تارىختا، پۈتۈن دۇنياغا، بولۇپمۇ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا نەق پاكىتلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان مۇستەقىل بايرىقى بار، ھەشەمەتلىك دۆلەت گېربى بار ۋە ئىنقىلابىي روھقا ئىگە دۆلەت مارشى بار «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى ئەنە ئاشۇ تارىختا قۇرۇپ چىققان.

كىتاپخانلىرىمىز بۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ تارىخىنى ھەرخىل مەنبەدىن ئاڭلىدى ۋە ئوقۇدى. بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر ئۇنىڭغا رىۋايەتتەك تۇيۇلدى ۋە كىتاپخاندا توغرا-خاتالىقى ئۈستىدە تەرەددۇت ياراتتى. چۈنكى ئۇ مەنبە بولسا، مۇھىتىنىڭ بېسىمى كۆزدە تۇتۇلغان ۋە يازغۇچىنىڭ چۈشەنچىسى بىلەن يوغۇرۇلغان ھالدا مەيدانغا چىققان بىر مەنبە ئىدى. ھەرگىزمۇ ئۇ تارىخنى ياراتقانلارنىڭ قەلىمى بىلەن مەيدانغا كەلگەن چىن تارىخىي مەنبە ئەمەس ئىدى.

قولىڭىزدىكى بۇ تارىخىي كىتاپ بولسا، 1933 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرغۇچىسى سابىت داموللاھاجىم بىلەن ئەينى چاغدا بىر سەپتە تۇرۇپ خىزمەت قىلغان مۇسا ئەپەندىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان تارىخىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بىر ماتېرىيالدۇر. بۇ كىتاپتا ئاشۇ دەۋردىكى تارىخىي مەسىلىلەرگە بېرىلگەن باھامۇ ئاشۇ تارىخنى ياشىغان بىر كىشى تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن باشقىچە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇئەللىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەرنىڭ ئىچىدە ياشىغان، ۋە ئۇ ۋەقەلىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بەزى مەسىلىلەرگە باھا بېرىشتە شۇ دەۋر شەكىللەندۈرگەن شەخسىي چۈشەنچىسى بويىچە باھا بەرگەن. مەسىلەن: «خائىن تۇڭگانلار» بابىدا تۇڭگانلارنىڭ خىتايلاردىن پەرقى يوق دېگەنگە

ئوخشاش يەكۈنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز كىتاپتىكى بۇ خىل يەكۈنلەرنى مۇئەللىپىنىڭ شۇ دەۋردىكى بەزى ۋەقەلىكلەرنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن شەخسىي كۆز قارىشى دەپ قارايمىز.

ئەسلىدە مۇئەللىپ بۇ كىتاپقا «ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى» دەپ ئىسىم قويغان ۋە بۇ كىتاپنى ئىككى قىسىمغا بۆلگەن، بىرىنچى قىسمىدا غەربىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن فاجىئەلەرنى بايان قىلغان، ئىككىنچى قىسمىدا شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن فاجىئەلەرنى بايان قىلغان. كىتاپنىڭ قولىمىزدىكى بۇ قىسمى بولسا پەقەت شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن ۋەقەلەرنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن كىتاپنىڭ ئىسمىنى «شەرقىي تۈركىستان فاجىئەسى» دەپ ئاتاش مۇناسىپ كۆرۈلدى.

مۇسا ئەپەندىنىڭ، بۇ مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ تارىخنى يېزىپ قالدۇرغانلىقى بىزلەر ئۈچۈن مول بايلىق خەزىنىسى قالدۇرۇپ كەتكەندىنمۇ قىممەتلىك بىر ئىشتۇر. جانابى الله ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن! بىزلەرنى ئوقۇپ ئاچچىق ساۋاقلاردىن دەرس ئالىدىغان ۋە ئەجداد مىراسىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىدىغان، ئۆز مىللىتىگە كۆيىنىدىغان شەرەپلىك كىشىلەردىن قىلسۇن! ئامىن.

مەسئۇل مۇھەررىر

دوكتۇر/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ

# ئۆزلەشتۇرگۇچىدىن

بابا يۇرتىمىز ئۇلۇغ تۇركستاندا مەيدانغا كىلگەن روس ۋە چىن ئىستىبدادى يۇكسەك چىنلىق بىلەن بەيان قىلىنغان بۇ ئەسەردەكى مۇدھىش ۋاقىئەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بىر قاتار ئۇلۇغ تارىخىي ئىشلارغا ئۆزى شەخسەن ئىشتىراك ئەتكەن مۇسا تۇركستانىي ئەپەندى **1904** - يىلى فەرغانە ۋىلايەتىنىڭ ئەندىجان شەھرىدەكى بىر دىندار ئائىلەدە دۇنياغا كىلگەن. باشلانغۇچ تەربىيەنى ئەسكىچە مەكتەبلەردە ئالغاندىن كيىن ئەندىجان گىمنازىيەسىگە كىرىپ ئوقۇغان. **1919** - يىلى گىمنازىيەنى پۈتتۇرگەندىن كيىن شۇ چاغداكى «ئىتتىھادى ئىسلام - ئىسلام ئۇيۇشماسى» قارماقىدا ھەر تۇرلۇك دىنىي ۋە مىللىي خىزمەتلەرنى قىلغان ھەمدە قىزىل روسلارغا قارشى كۆرەش سەفلەرىدە مۇھىم روللارنى ئۆتىگەن. **1928** - يىلى ئافغانىستاندا تۇرغان پەيتلەرىدە فارس تىلىنى ئىگەلەگەن. **1929** - يىلى مەككەمۇكەررەمە، مەدىنەمۇنەۋۋەرەدە بولغان چاغلارىدا ئەرەب تىلى بىلىمىنى تولۇقلاغان. ئانا يۇرتىغا قايتقاندىن كيىن ئۇزۇن ئۆتمەي **1931** - يىلى قەشقەرگە كىلگەن. ئۇ قەشقەرگە كىلگەندىن كيىن شەرقىي تۇركستان جۇمھۇرىيەتى قۇرۇلۇشى يولىدا قىلغان خىزمەتلەرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. قەشقەر تارىخىداكى تۇنجى قاتىملىق ئاممەۋىي شىفاخانا بولمىش «ھىلالى ئەھمەر» نى قۇرغۇچى ئىككى شەخسنىڭ بىرى مۇسا تۇركستانىي ئەپەندىدۇر. ئۇ كيىن ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى ۋە قابىلىيەتىگە كۆرە، شەرقىي تۇركستان ھۆكۇمەتى مەئارىف مىنىستىرلىكىدە ئىلمىي خادىم، باش ۋەكالەتتە باش ۋەكىل مەسلەھەتچىسى، كيىن مالىيە مىنىستىرلىكىدە ئورۇنباسار مىنىستىر بولۇپ ئىشلەگەن. شەرقىي تۇركستان ھۆكۇمەتى ئاغدۇرۇلغاندىن كيىن **1934** - يىلى ئاۋغۇست ئايىدا ئائىلەسى بىلەن قار- مۇزلۇق ھىمالايا تاغلارىدىن ئاشىپ كەشمىرگە بارغان. كيىن كابۇلغا كىلىپ، ئۇ يەردە ئۇچ يىل تۇرۇپ **1937** - يىلىغا كىلگەندە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇ قايەرگە بارماسۇن ئۆزىنىڭ ھەرياقلىق يەتىشكەن زىيالى، ئوت يۈرەك ۋەتەن كۆرەشچىسى بولغانلىقىغا ياراشا ئانا ۋەتەنى تۇركستان ۋە ئۇنىڭ تارىخى، تەقدىرىگە يىقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ساھەدە ئىزچىل تۇردە ئوي سۇرۇپ، قەلەم تەبرەتىپ كىلگەن. قولىڭىزداكى

بۇ ئەسەر مۇئەللىفنىڭ ئەشۇ جىھەتتەكى ئەڭ يىرىك ئەمگەكلەرىدىن بىرىدۇر. ئۇ يەنە نۇرغۇنلىغان ئىلمى، دىنىي، سىياسىي، ئەدەبىي تۈتۈملاردا ئىزچىل يازىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆپلەگەن مەقالە، ئەسەرلەرنى يازغان. بۈتۈن ھەياتى ۋەتەن، دىن خىزمەتى بىلەن ئۆتكەن بۇ زات **1986** - يىلى **82** ياشىدا سەئۇدىي ئەرەبىستانىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. قولىڭىزداكى بۇ ئەسەر ئۇنىڭ شۇ ناملىق ئەسەرىنىڭ **2** – بۆلۈمى بولۇپ، ئۇنىڭ **1** – بۆلۈمى بىر پۈتۈن ئانا ۋەتەنىمىز، بابا ۋەتەنىمىز ئۇلۇغ تۈركىستانىنىڭ غەربىي بۆلەكى - غەربىي تۈركىستان( ئورتا ئاسىياداكى بۈگۈنكى بەش دۆلەت تىرىتورىيەسى) غا باغىشلانغان بولسا، ئۇنىڭ **2** - بۆلۈمى بولغان بۇ ئەسەر ئۇلۇغ تۈركىستانىنىڭ شەرقىي بۆلەكى – شەرقىي تۈركىستانغا باغىشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەرنىڭ **2** - بۆلۈمى بىلەن ئۇنىڭ **1** - بۆلۈمى ئاراسىدا ئومومىي جىھەتتىن باغلانىش بولغاندىن باشقا، ۋاقىئەلەر ئارقا كۆرۈنۈشى، ۋاقىئەلەر ئورنى بويىچە باغلانىش يوق. بۇ قاتىم بىز گەرچە ئەسەرنىڭ **1** - بۆلۈمىدىن باشلاپ ئۆزلەشتۈرۈپ چىقىشنى ئويلاغان بولساقمۇ ئەترافىمىزداكى ۋەتەنداشلارنىڭ كۆپىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر تۈركلەرىدىن بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ چىن ھەقىقى تارىخىنى بىلىش قىزغىنلىقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى بىزنى يەنەلا ئۇنىڭ **2** - بۆلۈمىنى بۇرۇن باسىپ چىقارىش ئىرادەسىگە ئالىپ كىلدى. شۇنداقتامۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنىمۇ پات ئارادا يورۇقلۇققا چىقارىشقا تىرىشۇرمىز.

ئەسەرنىڭ يازىقى ھازىرقى ئورتاق ئۇيغۇر يازىقىدا بولغان بولسامۇ ئۇنداكى ئايرىم سۆزلەرنىڭ ئەيتىمى (تەلەففۇزى) ھەمدە سۆزلەرنىڭ جۈملە ھالەتى ھازىرقى ئورتاق يازما ۋە باسما شەكلىدىن خىلى بەك (بولۇپمۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاشماسلىقى، ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ئەسلىي تەلەففۇزغا يىقىنلىقى جىھەتتە) فەرقلەنەدۇر. ئەسەرنىڭ بۇ خىل تۈستە باسماغا تەييارلانىشىغا مۇنداق ئىككى خىل ئىش تۈرتكە بولدى. بىرى مۇئەللىف ئەسەرنى ئەنە شۇنداق يۈنۈلۈشتە يازغان ۋە ئەسەرنىڭ تىلىنى «تۈركىستان تىلى» دىپ ئاتاغان، شۇنداق ئىكەن، بۇندىن يىگىرمە نەچچە يىل بۇرۇن ئۇيغۇر ۋە ئۆزبىك تىلىنىڭ ئورتاق نەمۇنەسى بولغان بىرتىل ۋە يازىق بىلەن يازىلغان ھەمدە ئۆزىدە مۇشۇ ئەسىر ئورتالارىغا قەدەر تۈركىستان دائىرەسىدە بىردەك ئىشلەتىلگەن يازىق تىلى ئەنئەنەلەرىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنغان بۇ ئەسەرنى قاراپ تۇرۇپ بۈگۈنكى ئاغىز تىلىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن كىلەڭسىز مەتبۇئات تىلىغا

بويسۇندۇرۇۋتىشكە كۆڭۈل ۋە ئەقل ياقىدىن رايىمىز بارمادى. ئىككىنچىسى بىز گەرچە ئەسەرنى چاغاتاي ئۇيغۇر يازىقى ۋە تىلى (توغراراقى چاغاتاي تۈرك تىلى ياكى تۈركىستان تىلى) دىن بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يازىقىغا ئايلاندۇرغان بولساقمۇ تارىخىي ئىزچىللىقنى ساقلاش ۋە ئەسلىگە ھۆرمەت قىلىش، مىڭ يىللىق تىل ئەنئەنەسىنى 50، 60 يىللىق سەلبىي تەرەققىيات، سەلبىي ئىسلاھات ئوتىدا كۈلگە ئايلاندۇرماسلىق، تىلنى كۆنۈكۈشكە تايىنىپ ئەمەس ئۆگۈنۈشكە، ئىلمىيلىككە تايىنىپ ئىشلەتىش،ئەسەر تىلىنى بۈگۈنكى بۇزۇلغان تىل يۆنۈلۈشىنىڭ قۇربانى قىلىۋەتمەسلىك، مۇھىمى بۈگۈنكى يازىق تىلىمىزنىڭ بولغانى بولغانچە ئەمەس بەلكى ئەسلىدە قانداق بولۇشى كەرەكلىگىنى ئاگقراتىپ قويماقچى بولدۇق. ناۋادا بىزنىڭ بۇ قىلغانىمىز قانداقتۇر يوقنى پەيدا قىلىش ياكى ئاساننى قىيىنلاشتۇرۇش دىپ چۈشۈنۈلسە، بۇ شۇ چۈشەنچ ۋە چۈشەنچ ئىگەسىدە تىلىمىز ھەققىدە يىلتىزلىق بىلىم ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەت قاراشىنىڭ يوقلىقىدىن دىرەك بىرىدۇ. چۈنكى ئەسەر تىلىداكى بار- يوق مەسئەلە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاشماسلىقى، بىر بۆلۈك چەت تىل سۆزلەرنىڭ ئۆلچەملىك يازىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى تۈرلۈك سەبەب ئەسەر تىلىنى ئىلمىي قىيمەت تەرەپتىن يۈكسەكلىككە ئىگە قىلسا قىلادۇركى ھەرگىزمۇ ئۇنى مەنىستەمەسلىككە دۇچار قىلمايدۇ ھەم قىلماسلىقى كىرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىلىمىزنىڭ بۇنداق بىر ئۆرنەكىنى بارلىققا كىلتۈرۈش ئۇيغۇر يازىق تىلىنىڭ مۇكەممەللىكىنى يۇقارى كۆتۈرۈش يولىداكى قايىسى بىر تىرىشىملاردا ئىلھاملىق رول ئويناشى مۇقەررەر.

بىز بۇ ئارقالىق خۇددى كوممۇنىست دەۋرىدىن بۇرۇنقى يازىقىمىز ۋە تىلىمىزنى ئۇنىڭ بۈگۈنكى يازىقتاكى نۇسخاسى ھالەتىگە ئالىپ كىلگەندەك بولدۇق. بۈگۈنكى تىل ۋە يازىق يۆنۈلۈشى مەيلى قايىسى تامانغا كەتىۋاتقان بولماسۇن ئەجداد تىلىنى ئەۋلاد قولىغا بۇزۇمسىز ھالدا يەتكۈزەلىگەنلىكىمىز بىلەن ئۆتەر خوشىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇرمەندلەرنىڭ ئەسەرنى ئوقۇش جەرەيانىدا ئەسەر تىلىغا قاراتا ئىجابىي تونۇشتا بولۇشىنى ئىستەيمىز.

بىز ئۇلۇغ الله دىن مۇئەللىفنىڭ بۇ قىيمەتلىك ئەسەرىنى مۇئەللىف ئۈچۈن ئاخىرەتلىك بايلىق، سەۋابى ئۈزۈلمەس سەدەقە بولۇپ قالىشىنى تىلەيمىز، ئامىين !

ئىسلام تېكىن

2005 - يىل، ئۆكتەبىر.

# مۇئەللىف يازغان بىر بۆلۈك ئەسەرلەرنىڭ تىزىنداسى

«ئىسلام دىنىدا سەۋدا ـ ساتىق تۈزۈكلەرى» (تەرجىمە ئەسەر)
«ئەقىيدەلەر» (تەرجىمە ئەسەر)
«سەباتۇلئاجىزىين ـ ئاجىزلارنىڭ تەۋرەنمەسلىكى» (سوفي ئاللاھ يار)
«ئۆرگەتىم ۋە ئۆستەرىم ـ تەئلىيم ۋە تەربىيە»
«بەش مەسئەلە»
«زەمزەم ۋە ئۇنىڭ تارىخى»
«سوفي ئاللاھ يارنىڭ ۋەسىييەتى»
«تۈركىستان فاجىئەسى» (بىرىنجى بولۇم)
«تۈركىستان فاجىئەسى» (ئىككىنجى بۆلۈم)
«ئىسپانىيە سەياھەتنامەسى»
«دۇنيا مىسيۇنېرلەرى»

مۇئەللىفنىڭ ئادرىسى: مەدىنە مۇنەۋۋەرە، ئەبۇزەر كوچاسى، بۇخاري مەسجىدى ئارقاسى

بۇرۇنقىلار سالدى كۆچەت، مېۋەسىنى بىز يېدۇق
بىزمۇ ئەمدى بۇ قەرزنى كېيىنكىلەرگە تۆلەدۇق

ئەيب تاپساڭىز ئەسەرىمدىن تۈزەتكەيسىز ئوقۇرمەن،
ئەيبسىزلىك خۇداغا خاس، بەندە ئەيبلىك بولاركەن.

كىمكى بولسا دانا ھەمدە ئاقىل،
خاتا بولغان يىرى بولسا كەچۈرگەي.
قىلىپ ھىممەت خاتاسىنى تۈزەتىپ،
تىلىدىن تەئنەسىنى نىرى سۈرگەي.
كىمكى ئۆزگەنىڭ ئەيبىن يوشۇرسا،
خۇدا ئۇنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرگەي.

(فەرغانە مەلىكەسى نادىرەخاندىن)

# مۇناجات

نە دەۋلەتتۈركى دىلدارىم ئۆزۈڭسەن،
قاياشۇ - ئۈلفەتۇ - يارىم ئۆزۈڭسەن.

ئىچىمنى قاپلاغان دەردىمگە دەرمان،
بۇ ئاغرىق جان ئۈچۈن شىفا ئۆزۈڭسەن.

جاھان خەلقى ماڭا دۈشمەن چىقىشسۇن،
نە پەرۋا، چۈنكى قوغدارىم ئۆزۈڭسەن.

كۆڭۈل بىردىم ساڭا ئەي جانى ئالەم،
ئەزەلدىن چۈنكى دىلداردىم ئۆزۈڭسەن.

(مەئرىفەتنامەدىن)

# باغىشلاما

ۋەتەنداشلارىم ۋە دىنداشلارىمنىڭ فائىدەلانىشى ئۈچۈن يازىلغان بۇ كىتابنىڭ سەۋابىنى - بىرى فەرغانە فاجىئەسىدە قىزىل روسلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قۇربان بولغان **28** ياشلىق ئۇكام ئەبدۇلغەنىنىڭ ئەزىز روھىغا، يەنە بىرى كاشغەر فاجىئەسىدە تۈرمەدە كامۇنىستلار ئۇقىغا تۇتۇلۇپ **25** ياشىدا شەھىدلىك شەربەتىنى ئىچكەن، كاشغەر يارباغ دەرۋازا سىرتىداكى شەھىدلىككە كۆمۈلگەن كىچىك ئۇكام مۇھەممەد سىددىيقلەرنىڭ يەئنى ئىككى كۆزۈم، ئىككى قارىنداشىم، ئىككى جىگەرىم، ئىككى يىگىتلەرنىڭ يىگىتى، بەخت گۈلى ئاچىلماستا كۆزى يۇمۇلغان قەدىردان ئىنىلەرىمنىڭ ئەزىز روھلارىغا باغىشلايمەن. بۇ ھەدىيەم ئۇلۇغ الله نىڭ دەرگاھىدا قەبۇللۇق تاپىپ ئۈز جايىغا تەگىل بولغاي، ئامىين!

ئەي قەھرىمانلەرىم، ئەزەمەتلەرىم، جان جىگەرلەرىم، قان قارىنداشلەرىم، ئاتا - ئانامدىن يادگارلەرىم! سىلەرنى الله ئۈز رەھمەتىگە ئالىپ، جەننەتكە مۇيەسسەر قىلسۇن. الله بۇيرۇغان بولسا سىلەر بەختيار كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدىڭلار.

مۇشۇ مۇناسەبەت بىلەن ئۇلۇغ تۈركىستانلىقلاردىن دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ، ختايلار ۋە ئورۇسلار بىلەن جەڭ قىلىپ، جانۇ - ماللارىنى قۇربان قىلغان، قانلارىنى فىدا قىلىپ شەھىد بولغان باھادىر يىگىتلەر، پەھلىۋان ئوغلانلارىمىزنىڭ روھلارىغا شۇنداق ختاب قىلۇرمەن :

- ئەي شەھىدلەر ! ئەي بەختلىكلەر! ئەي ئۈز قانى بىلەن بويالغان تۈركىستان ئەۋلادلارى !!!

- ئاتا - بابالەرىمىزنىڭ روھى يولۇڭلارگە چىقىپ پىشانەڭلەرگە سۆيسە ئەرزىيدۇ. ئۇلۇغ تۈركىستان يۇرتىدا ئۆتكەن بابالارىمىزنىڭ روھى سىلەرنى قانچە ھۆرمەتلەسە، سىلەردىن قانچە سۆيۈنسە ئازلىق قىلادۇر. بىر تەرەفتە تىلشۇناسلىق پىشۋاسى مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن ئەللامە رەشىدۇددىن كاشغەرىي، يەنە بىر تەرەفتە سۇرلۇك ۋەزىرلەر، دانىشمەن مۇشاۋىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يۇسۇپ خاس ھاجىپ باشلىق بابالەرىمىزنىڭ روھى يەئقۇب بەگ

يوسونى بويىچە سىلەرنى كۈتۈۋالىش ئۈچۈن ئالدىڭلارغا چىقسا ياراشادۇر. ئەي ئارسلان يۈرەكلىك قەھرىمانلار! ھەقىقىڭلاردا نىمە دەسەك ئاز. سىلەرنى قانچەدىن ـ قانچە سۆزگە ئالساق يەنە ئازلىق قىلادۇر. ئەي تىرىك ئۆلۈكلەر! ئەي شەھىدلەر! سىلەر ئۆلمەدىڭلار، سىلەر ھەرچاغ تىرىكسىلەر، ياتقان يەرىڭلار جەننەت بولۇپ، ئۈيەردە تۈرلۈك نىئمەتلەردىن بەھرىمەند بولۇپ، شاد ـ خۇررەم ياشاۋاتقاندۇرسىزلەر، پەيغەمبەرىمىز (اللە ئۈنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئەي مەنىڭ شەھىدلەرىم، دىپ سىلەرگە ئۆز قۇچاقىنى ئاچقاندۇر. «اللە نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دىپ گۇمان قىلماغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللە نىڭ دەرگاھىداكى رىزقتىن بەھرىمەند قىلىنادۇر«يەئنى جەننەتنىڭ نىئمەتلەرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلادۇر» (ئال ئىمران سۈرەسى **129** ـ ئايەت)

ئەي شەھىد ئوغلى شەھىد قەبرەڭدىن غەم ئەيلەمە
شۇ تاپ ساڭا پەيغەمبەر قۇچاق ئاچتى، يۇر، ئەنە

{ ئاكىف بىك }

# ھەدىيە

الله يولىدا جانلارىنى فىدا قىلغان، ئۆزكەفەنلەرىنى ئۆزلەرى كەيگەن، شەھادەت شەربەتىنى ئىچىشكە مۇيەسسەر بولغان يىگىتلەرىمىز، باتۇر بابالارىمىز باشتىن كەچۇرگەن ۋاقىئەلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان بۇ كىتاب ئۇلۇغ تۇركىستان كىشىلەرىدىن ھەر بىر كىشىگە بىر تارىخىي ئارماغان، خەلقىمىز ئۇچۇن بىر يادگاردۇر. كىلگۇسى نەسللەرىمىزگە ئىبرەت، ئاتالار تۆھفەسى، ئىبرەت سەھنەسى، بابالار ھەدىيەسىدۇر.

بۇ ھەدىيە ئاتا ـ بابالارىمىزنىڭ دىن ئۇچۇن، ۋەتەن ئۇچۇن تۆككەن قانلارىدىن، بىرگەن جانلارى، قۇربانلەرىدىن تىكلەنگەن گەۋدەلىك بىر ھەيكەل، جانلىق ۋە كۆزگە كۆرۇنەرلىك بىر شاھىد، ئىبرەتنامە، تارىخىي خاتىرە، بەدىئىي ئابىدە بولمىش ئۇلۇغ تۇركىستان فاجىئەسىدۇر.

ۋەتەن بىرلە كۆنۇشكەنلەر سەبەبسىز ئۇنى تەرك ئەتمەس
ئىلاجسىز قالماسا ھېچكىم ياقا يۇرتقا چىقىپ كەتمەس

چىدالماستىن ناھەق كۇنكە ۋەتەن سەندىن جۇدا قالدىم
خىتاي زۇلمىلە باغرىم قان، چەمەنىمدىن يىراق قالدىم

# كىتابنىڭ يازىلىشى ھەققىدە

**1** ـ ئۇلۇغ تۈركىستان خەلقىنىڭ غەيرەت ـ شەجائەتى، قەھرىمانلىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، مىللەتپەرۋەرلىكى، دىن ۋە دىيانەتى، سىياسىي تەقدىر ـ قىسمەتلەرى، مۇستەقىللىق ئىدىيەلەرى، ئىسلام دىنىغا قىلغان خىزمەتلەرى، اللە يولىداكى جىھادتا بەرگەن مىليۇنلىغان قۇربانلىرىنى تارىخ سەھىفەلىرىدە كۆرسەتىشتۇر.

**2**. روسلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيانىغا، بولۇپمۇ بەش ـ ئون ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇلۇغ تۈركىستانغا قارشى تۇتۇۋاتقان يول ـ سىياسەتلەرى، ھىلە ـ نەيرەڭلەرى، يەنە ئۇلارنىڭ بىزنىڭ زەمانىمىز يىگىرمىنچى ئەسىردە ئويناپ چىققان سىياسى ئويۇنلارى توغراسىدا ئاز ـ تولا توختالىپ، يەڭى ئەۋلادلارنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىق ئەپتى ـ بەشەرەسىنى ئاچىپ تاشلاش، دىن ھەم ۋەتەن دۈشمەنلەرىنىڭ تۈركىستان سەھنەسىدە ئويناغان ئويۇنلارىنى ئۇلۇغ تۈركىستانلىقلارغا، كىلگۈسى ئەۋلادلارىمىزغا بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر.

**3**. دىنىي مەجبۇرىيەتلەرى ۋە مىللىي بۇرچلارىنى لايىقىدا ئادا قىلغان تۈركىستانلىقلارنىڭ دىنىي، مىللىي كۆرەشلەرى ۋە بۇلارغا چاتىشلىق ھادىسەلەرنى، بۇ جەرەياندا بولۇپ ئۆتكەن ئىچىنىشلىق ۋاقىئەلەرنى ئەينەن يازىپ تارىخقا ئەساس ياراتىش، بولغان ۋاقىئەلەرنىڭ ئەسلىي ماھىيەتىنى ئاچىپ كۆرسۈتۈپ، ئومومىي جىھەتتىن پۈتكۈل مۇسۇلمانلارغا، ئايرىم جىھەتتىن تۈرك دۇنياسىغا بىر خاتىرە قىلىپ تەقدىم قىلىشتۇر.

بۇ ئەسەرىمىز بىلەن ئوقۇرمەندلەرىمىز دىنىي ئەقىدەمىز، مىللىي مەفكۇرەمىز، سىياسىي كۆرەشلەرىمىز، غايە ـ مەقسەدلەرىمىز، كۆرگەن، بىلگەنلەرىمىزدىن بىرقۇر خەبەردار بولۇپ قالغۇسى. ئەسەردە سادىر بولۇپ قالغان نۇقسانلارنى كۆرسۈتۈپ، خاتالىقلارنى تۈزەتكۈچىلەرگە مۇئەللىف ئالدىن ئۆزتەشەككۇرىنى بىلدۈرەدۇر.

# «ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى» كىتابىنىڭ 2 ـ بۆلۈمىگە مۇقەددىمە

ئەزىز ۋە مۇھتەرەم ئوقۇرمەندلەرىمىزگە مەئلۇمكى، كىتابىمىزنىڭ 1 ـ بۆلۈمىدە تۈركىستانلىقلارنىڭ تارىخىي دۈشمەنى، دىن دۈشمەنى، ۋەتەن دۈشمەنى بولغان روسلار بىلەن ئاتا ـ بابالارىمىز ئالىپ بارغان نەچچە ئەسىرلىك قانلىق ئۇرۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇشلارداكى گاھ مەغلۇپ بولۇش ۋە گاھ غالىب بولۇش تارىخىي بەيان قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن ئوردانىڭ ماسكاۋغا 300 يىلدىن ئارتۇقراق ھۆكمرانلىق قىلغانلىقى، خاقان ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆزى قوشۇن باشلاپ ماسكاۋغا قىلغان ھۇجۇملەرى، ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ سەركەردە ـ ئەمىرلەرىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئالىپ بارىلغان يۈرۈشلەردە روسلارنىڭ ئاغىر فەلاكەتلەرگە دۇچار قىلىنغانلىقىنىڭ، شۇن بىلەن بىرگە 19 ـ ئەسىرنىڭ يارىمىدىن كېيىن باشلانغان روس ئىستىلاسى، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسرنىڭ ئەۋۋەلقى يارىمىدا بولۇپ ئۆتكەن روس زۇلم ـ زورلۇقلارى توغراسىداكى مەزمۇنلار بىر قۇر بەيان قىلىندى. يەنە شۇ قاتاردا فەرغانە فاجىئەلەرى، شۇنداقلا ئەنۋەر پاشانىڭ تۈركىستانغا كىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئەترافىغا مۇجاھىدلار (كۆرەشچىلەر)، ئىلغار كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ روس باسقۇنچىلارىغا قاقشاتقۇچ زەربە بىرگەنلەرى ھەمدە سىياسىي فەئالىيەتلەرىمۇ ئازراق بەيان قىلىندى. لىكىن بۇ تىمادا يازىلغان، نەشر قىلىنغان، تارقالغان ئەسەرلەر خىلى كۆپ بولغاچقا، مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەرىمىز ئالدىدا تەكرارلىق بولۇپ قالماسۇن، دىگەن مەقسەددە شەرقىي بۇخارا ۋاقىئەلەرىنى ئەبدۇللاھ رەجەب بايسۇننىڭ 1945 ـ يىلى ئىستانبولدا نەشر قىلىنغان «تۈركىستان مىللىي ھەرەكەتلەرى» ناملىق كىتابىغا، سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ ئەترافىغا ئائىد ھادىسەلەرنى تارىخشۇناس زەكىي ۋەلىدىنىڭ 1969 ـ يىلى ئىستانبولدا باسىپ تارقاتىلغان «خاتىرەلەرىم» ناملىق كىتابىغا ھەۋالە قىلىندى. شۇنىڭدەك، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ فاجىئەلەرى ۋە باشقالارنى پولاد قادىرىينىڭ «ئۆلكە تارىخى»گە، خوتەن قوزغالانلارى ۋە ئۇنىڭغا ئائىد ۋاقىئەلەرنى بۇ توغراداكى مۇفەسسەل مەنبەئ ھىسابلانادۇرغان، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ھىجرىيە 1971 ـ يىلى كەشمىردە باسىپ تارقاتىلغان «شەرقىي تۈركىستان

مىللىي ئىنقىلاب تارىخى» ناملىق كىتابىغا ھەۋالە قىلىندى. تەفسىلىي ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولغانلار مەزكۇر كىتابلەرگە قاراسۇنلەر.

ئەمما قولىمىزداكى بۇ كىتابتا ئۇلۇغ تۈركىستانىنىڭ كاشغەر سەھنەسىدە كۆرۈلگەن فاجىئەلىك ۋاقىئەلەر، يېقىنقى تارىخىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئەلەملىك ھادىسەلەر، خىتايلارنىڭ زۇلم ـ سىتەملەرى، قىرى دۇشمەن قارا خىتايلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇرلۇقلەرى ۋە بۇنىڭ نەتىجەسىدە شەرقى تۈركىستان تۈركلەرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان، يەلكەسىدەكى رودۇپايلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان مىللىي ئىنقىلاب، مىللى كۆرەش تارىخى، تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىنى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلىش نىيەتى بىلەن الله يولىدا ئالىپ بارغان جىھادلەرى، بۇ يولدا كۆرسەتكەن ئۇنتۇلغۇسىز قەھرىمانلىقلەرى، تەقدىم قىلغان قۇربانلەرى ھەمدە بۇ توغراداكى كۆرگەن، بىلگەنلەرىمىز بەيان قىلىنادۇر. بۇلارنى يازىشتىن مەقسەد قانداقتۇر تارىخنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۈرۈش بولماستىن، بەلكى بىردىنبىر قىلىپ، تارىختا ئۆتكەن قارىنداشلارىمىزنىڭ ئۆزۈن مۇددەتتىن بىرى دۇنيا ئارا تالاش ـ تارتىش تىماسى بولۇپ كىلىۋاتقان بۇ زور فاجىئەگە دۇچار بولۇشىغا سەبەب بولغان فەلاكەتلەرنى ئانىقى بىلەن بەيان قىلىشتۇر. ئەملىيەتتە، شەرقى تۈركىستان تۈركلەرى بىلەن خىتايلار ئاراسىداكى دۇشمەنلىكلەرىنىڭ مىلاددىن مىڭلەرچە يىل بۇرۇن باشلانىپ، ئىككى ئەل ئاراسىدا ئۇرۇش ھادسەلەرىنىڭ توختاۋسىز دەۋام قىلىپ كىلىۋاتقانلىقى ئىنكار قىلغالى بولمايدۇرغان تارىخ ھەقىقەتلەرىدىندۇر. مەشھۇر تارىخچىلارنىڭ فىكرىگە قاراغاندا، ئۇلۇغ تۈركىستان تۈركلەرى بىلەن خىتايلار ئاراسىدا مىلاددىن **2700** يىل بۇرۇنقى چاغلاردىن باشلانغان ئۇرۇشلاردا كۆپىنچە تۈركلەر غالىب، خىتايلار مەغلۇب بولۇپ كىلگەنلەر. بۇنداق تەكرار مەغلۇبىيەتلەرگە چىداشىپ بولالماغان خىتايلار مەغلۇبىيەتتىن ساقلانىش ئۇچۇن تۈرلۈك ھىلە ـ نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغانلەر. بۇنىڭ نەتىجەسىدە مىلاددىن **100** يىل بۇرۇنقى چاغلاردىن باشلاپ تۈركلەر بەئزى ئۇرۇش مەيدانلارىدا مەغلۇب بولۇشقا باشلادىلەر. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىككى ئارادا تىنچ، بەرابەر قوشنادارچىلىق مۇناسەبەتى شەكىللەندى. شۇندىن باشلاپ تۈركلەرىنىڭ قوشۇن تارتىش نىشانلەرى ھىندىستان ھەمدە ياۋرۇپا ئەللەرى بولۇپ قالدى. شۇنداق بولۇشىغا قاراماي، يېقىنقى تارىخىمىزدا خىتايلار بىلەن تۈركلەر ئاراسىدا بولۇپ ئۆتكەن جەڭ ـ توقۇنۇشلارنىڭ سانى يوقتۇر. نىمەلا بولماسۇن، بۇ ئىككى ئەل ئاراسىداكى دۇشمەنلىك بۇرۇندىن مەۋجۇددۇر.

ھەممەمىز بىلەدۇرغان سەددىچىن سىپىلى بۇ قاراشىمىزنىڭ كۈچلۈك پاكىتلەرىدىن بىرىدۇر.

سالنامەچىلەرگە مەئلۇمدۇركى، تۈركىستانغا ئەلاقەدار خاتىرەلەر كۆپتۈر. بولۇپ ئۆتكەن ۋاقىئەلەر قانچە يازىلسا يەنە ئازلىق قىلادۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىئەلەر بەكمۇ ئېچىنىشلىق. ھادىسەلەر قايغۇرۇتارلىقتۇر. قەلەمى كۈچلۈك، بىلىم ـ ئۇچۇرى يەتەرلىك فازىللەرىمىز غەيرەتى بىلەن بۇ باي تارىخ ھەرقانچە يازىلسامۇ يەنە ئۇنى لايىقىدا يازىپ تۈگەتىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

تۈركىستان فاجىئەسىگە ئائىد يازىلغان كىتابلار ۋە باشقا ماتېرىياللار تارىخچىلارنىڭ مۈكەممەل بولغان بىر تارىخنى بارلىققا كەلتۈرۈشىگە يېقىندىن مەنبەئ بولالاسا كېرەك. شۇڭا تارىخچىلارىمىزغا ئازراق بولسامۇ بىر خىزمەتتە بولۇش نىيەتى بىلەن بۇ فاجىئە قەلەمگە ئالىندى. بەلكىم فائىدەسى بولۇپ قالۇر. ھېچ بولماغاندا بۈندىن كېيىن يازىلغۇسى كاتتاراق تارىخ كىتابلارىغا بىر مۇقەددىمە بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مۇنداقچە ئەيتقاندا، كاتتا بىر ئۆينىڭ ئىشكى كىچىككىنە بىر ئاچقۇچ بىلەن ئاچىلغاندەك، بۇ ئەسەرىمىزمۇ بىر بۆلۈك بىلىنمەگەن ۋاقىئەلەر، تارىختا ئۇنتۇلغان ھىكايەلەرنىڭ مەئلۇم بولۇشىغا بىر ۋاستە بولۇپ قالغۇسىدۇر.

تۈركىستاندا مەيدانغا كىلگەن ئاچىنىشلىق فاجىئەلەرنى يازىشقا جۈرئەت قىلغان بىر ئەدىب ھەم يازغان نەرسەلەرى ئۇچۇن ۋە ھەم يازماغان نەرسەلەرى ئۇچۇن ئىككى تەرەفلىك ئەيىبلەشلەرگە، تىلى ئۇزۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراشى ئېھتىمالدىن يىراق ئىش ئەمەس. شۇڭا ئاقىللار بۇتوغرادا شۇنداق ئەيتقان ئىكەن: «كىتاب يازغان ئادەم نىشانغا ئالىنادۇر» ئەمما يەنە بىر تەرەفتىن قاراغاندا، ئۆزدەۋرىدە بۇ فاجىئەلەر بۆشۈكدەكى گۆدەكلەر بۇگۈنكى كۈندە يىگىت بولدى. ئۇچاغلارداكى نەۋقىرانلارنىڭ ساچلەرى ئاقارىپ، بابالەرگە ئايلاندى. ئارادىن شۇنچە ئۇزۇن مەزگىل ئۆتكەن بولسامۇ تىخچە ۋەتەن ئازاد بولمادى. ۋەتەنىنىڭ ئەسارەتتىن قۇتۇلغانىنى كۆرۈش بىزگە نەسىب بولمادى. بىز ئۇ دەۋلەتكە يەتەلمەدۇق. شۇنداق بولسامۇ ئۇ ئۇلۇغ كۈنگە بىز يەتمەسەك سىلەر يەتەرسىزلەر دەپ، كىلگۇسى نەسل ـ ئەۋلادلارىمىزغا ئاتاپ ئۆتمۇش تارىخىمىزدىن بىر ھەدىيە سۇنۇلدى.

دادىم تىرا ئەز گەنجى مەقسۇدى نىشان،
گەر ما نەرەسىدىم تۆ شايەد بىرەسى.

تەرجەمەسى: بىزلەر مۇرادىمىزگە يەتەلمەگەن بولساقمۇ، سىزلەر يەتەرسىزلەر، دېپ سىزلەرگە مۇراد خەزىنەسىدىن نىشانەلەر بېردۇق.

بولۇپمۇ تۈركىستان تارىخى ئۆزىنىڭ ھەقىقى چىھرى بىلەن مەيدانغا چىقماسا، ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەلەرىنىڭ سىرى ئاچىلمايدۇر- دە، دۈشمەنلەرنىڭ تۈرلۈك ئويدۇرمالارى، يالغان دەئۋالەرى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىدىيەسىگە تەكرار ھۆكمران بولۇشقا باشلايدۇر، تارىخىمىز ھەم بۇرمىلانغان بولادۇر. توغرا، شۇتاپ ئوقۇرمەن كۆڭلىگە تارىخ بۇرمالانسا نىمە بولغۇدەك؟ دىگەن بىر سۇئال كىلىشى مۇمكىن. بىز بۇنىڭغا جەۋابەن شۇنداق ئەيتىمىزكى: ئۆز تارىخىنى توغراسى بىلەن بىلمەگەن ئەۋلادلار ئاتا- بابالەرى باشتا چۈشكەن ئورەككە قايتا چۈشەدۇر. تارىخىدىن ئۇزاقلاشقان بىر مىللەتنىڭ قەد كۆتەرمەكى قىيىندۇر. ئەگەر مىللەتنىڭ ھەقىقى تارىخى ئۇنتۇلادۇركەن، ئۇچاغدا دۈشمەنلەر ئۆزىنىڭ سىڭسىق نەزەرىيەلەرىنى مەيدانغا چىقرادۇر. ۋەتەننى تېخىمۇ ئاچىنىشلىق ھالغا كىلتۈرۈش، ئۇنى مۇستەملەكە قىلىش، مەئنەۋي خەرابلىككە مەھكۇم قىلىش غەرەزلەرىنى كۆڭۈللۈك ھالدا ئىشقا ئاشۇرادۇر. بۇ ھالدا تۈركىستانلىقلار قايىسى زەماندا بولسا بولسۇن، باشتىن - ئاياق ئۆلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ ياتقان بولادۇر. (الله بۇندىن ساقلاسۇن)

تارىخ بىلەن تونۇشۇپ چىقىش مۇھىمدۇر. ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى خەلدۇن تارىخنى چۈشەندۇرۇپ شۇنداق ئەيتىدۇر: «تارىخ بولسا كۆپچەلىك كىشىلەرنى ئۆتكەن ۋاقىئەلەرگە ۋاقىف قىلادۇر. ئايرىم كىشلەرنى يوشۇرۇن سىرلار دىن خەبەردار قىلادۇر. تارىخ ئىشىدا ئالدىنىپ قالشىنىڭ ئالدىنى ئالىش كېرەك». شۇنىڭ ئۈچۈن فەرغانە فاجىئەسى، شەرقىي بۇخارا ۋاقىئەسى، خوقەند (قوقەنت) مۇختارىيەتى بىلەن بىرگە كاشغەردە يۈز بىرگەن دەھشەتلىك ئۇرۇشلار، يىگى ھىساراكى تۆگگان ھىلەلەرى ۋە ئۇندا تۆكۇلگەن قانلار، خوتەن ھادىسەلەرى، ياركەنت ئىسيانلارى، ئالتە شەھەر قوزغالانلارى ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىلىشى لازىمدۇر. ئۇلۇغ تۈركىستان زىيالىلارى بۇ بۇرچىنىڭ مەسئۇللارىدىندۇر. كەمىنەمۇ بۇ ئىشتا ئۆز مەسئۇلىيەتىنى ھىس قىلغانلاردىنمەن. بۇ توغرادا قەلەم تەۋرەتمەگەن قەلەمدار ۋە ئەدىبنى مىللەت كەچۈرمەسلىككە ھەقلىقتۇر.

تارىختا ھەرمىللەتنىڭ ئادەملەرى پەقەت ئۆز دىنى، ئۆز ۋەتەنى، ئۆز مىللەتىنىڭ مەنفەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كىلگەن بولۇپ، باشقالارغا خىزمەت قىلماغان، ئەگەر باشقالارغا خىزمەت قىلغان تەقدىردەمۇ بىرەر غەرەز

بىلەن قىلغان. خۇددى شۇنىڭدەك بىر فىرانسۇز، بىر نېمىس، بىر ئامېرىكالىقنى ئالسپ ئەيتمايلى، ئۇ ھېچ قاچان ئۆز مىللەتى، ئۆزدىنىنىڭ مەنفەئەتنى تاشلاپ باشقا بىر مىللەتنىڭ مەنفەئەتى ئۈچۈن ئىشلەمەيدۇر، ئەگەر ئىشلەسە ئۆز مىللەتىگەمۇ مەنفەئەتلىك بولغان تەقدىردە ئىشلەيدۇر. بىر ئېنگىلىز قانچەلىك دەرەجەدە ئۇقمۇشلۇق، مەدەنىيەتلىك بولۇپ كەتسەمۇ بىر فىرانسۇزنى ئېنگىلىزدىن ئۇستۇن بىلمەيدۇر. بىر نېمىس ھەرقانچە بىلىملىك بولسامۇ ئاۋىستىرىيە ياكى ۋېنگىرىيە مەنفەئەتى ئۈچۈن نېمىس مەنفەئەتنى قۇربان قىلمايدۇر. بىر روس ھەرقانچە ئوقۇغان، مەدەنىي كىشلەردىن بولسۇن، دۇنياۋى بىلىمگە ئىگە بولسۇن، ماسكاۋ مەنفەئەتنى قويۇپ تۈركىستان مەنفەئەتىگە تارىخ يازمايدۇر. خۇلاسە قىلىپ ئەيتقاندا، ھەرمىللەت ئۆز تارىخنى ئۆزى يازغاندەك، تۈركىستان تارىخنى ئۆز لەياقەتى ۋە ماھىيەتى بىلەن تۈركىستانلىقلار يازادۇر. كەفەن كەيىپ ئاتقا مىنگەن فىدائىي شەھىدلەرىمىزنىڭ كەچۈرمىشلەرى، ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى بولغان ئورتا ئاسيا فاجىئەسى، جۇملەدىن تۈركىستان فاجىئەسى بارچە مىزنىڭ فاجىئەسىدور. تۈركلەر ئانا يۇرتى ئۈچۈن، تۈركىستانلىقلار جان ـ جەنانى ئۈچۈن، ۋەتەنى ئۈچۈن شۇ ھادىسەلەرنى مەيدانغا چىقارسا، ئۇلارنى دۇنياغا بىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تارىخ ئۈچۈن ئەساس ياراتسا، بۇ يولدا بولىشچە غەيرەت ـ ھىممەت كۆرسەتسە ئەرزىيدۇر. بۇ بارچە كىشلەرىمىزنىڭ ئارزۇسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنغا، ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشنى تۈركىستانلىقلار ئۆزى ئۇستىگە ئالادۇر، ئۆز تارىخنى ئۆزى يازادۇر. بۇ ئارقالىق تۈركىستانلىقلار ئۆز مىللەتىگە خىزمەت قىلغان فىداكارلارنىڭ قۇتلۇقناملارىنى ئىززەت ـ ئىھتىرام ئىچىدە ياد ئەتىپ، ئۇلارنى ئۇنتۇلۇشتىن ساقلاپ قالادۇر.

تۈركىستانىنىڭ كىشىنى قايغۇغا سالادۇرغان فاجىئەلەرىنى تارىخ سەھىفەسىدىن، مىللەتنىڭ كۆڭلىدىن، پۈتكۈل دۇنيادىن يوشۇرۇپ قالىش ئۈچۈن دۇشمەنلەر كۆپ غەيرەت قىلدىلەر. ئۇلار ھەدىسە كىشلەرنى ھەقىقەتكە يىقىن كىلتۇرمەستىن تۈركىستان تارىخىدەكى شۇنچە زور دەھشەتلىك فاجىئەلەرنى كىچىكلەتىپ، ئۇلارنى ئۆز پەيتىدەلا ئاياغلاشىپ بولغان ئىش قىلىپ كۆرسەتتىلەر. ھالبۇكى بۇ تارىختا ھەر قانداق بىر ئادەم چۆچۈگۈدەك دەھشەتلىك فاجىئەلەر تالايلاپ سادىر بولغان بولۇپ، ئۇلاردا ئەۋلاد ـ نەسلەرىمىز ئۈچۈن تەگىشلىك ئىبرەتلەر، مۇھىم دەرسلەر باردۇر. ئەڭ ئېچىنارلىق يەرى شۇكى، چىن (خىتاي) لىقلار ۋە روسلارنىڭ يۇنداخورلارى ۋە ئۇلارغا ساتىلغان

يازغۇچىلارنىڭ غەيرەتى بىلەن بىزنىڭ تارىخىمىز، فاجىئەمىز بولدى ـ بولدى، ئۆتتى ـ كەتتى، باستى ـ باستى قىلىپ تارىخنىڭ بۇرجەكلەرىگە ئاتىپ تاشلاندى، ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى. شۇنداق بولسىمۇ نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەنگە قارىماي، ھەقىقى تارىخىمىز كۆز ئالدىمىزدا ئۆزىنىڭ جانلىق گەۋدەسىنى كۆرسەتىپ تۇرماقتا. بۇ ئەمەلىيەتنى باشىدا ئەقلۇ ـ ھۇشى بار ھەرقانداق ئادەم ئىنكار قىلالمايدۇر.

دۇشمەنىنىڭ ئويۇنلارىنى تارىختىن، مىللەتتىن يوشۇرۇن تۇتقانلارمۇ بولدى. ئۇنداقلار تارىخنىڭ ئەسلىنى يوشۇرۇپ، ئۆزى بىلگەنچە تارىخ ياسادىلەر. شۇنداق ساتقىن پۇتۇكچىلەرگە ئىسىت! شۇنداق خائىن يازغۇچىلارغا ئىسىت!

بىر بۆلۈك سالنامەچىلەرنىڭ ئانقلىشىغا قاراغاندا، كيىنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدە خىتاي بىلەن تۈركستانلىقلار ئاراسىدا يۈز بىرگەن قوراللىق توقۇنۇشلار **42** قاتىمغا يەتكەن[1]. شۇ تارىخ جەرەياندا گىزى كىلگەندە تۈركلەر خىتاي ھاكىمىيەتىگە قارشى چىقىپ، زۇلمىغا قارشى قوزغالغان، ئۆز مۇستەقىللىقلەرىنى تەلەب قىلىپ خىتايلار بىلەن ئۇرۇشقانلارىدا گاھى غالىب بولغان بولسا، گاھىدا مەغلۇب بولۇپ كىلگەن ئىدىلەر. نىھايەت مىلادىيە **1865** ـ يىلى يەئقۇب بەگ فەرغانەدىن كىلىپ ئالتە شەھەردە **15**يىل ھۆكۇمدارلىق قىلدى. ئۇ بۇ جەرەياندا شەرقىي تۈركستاننىڭ مۇستەقىللىقنى تەگشلىك يوسۇندا قوغدادى. يۇرتنى رەزىل خىتايلاردىن قۇتقۇزدى. ئۇ سىياسەتتە، ئەدالەتتە ھەمدە ئىمارەتتە تەھسىن ـ ئافەرىنلەرگە لايىق ئىشلارنى قىلغان ئىدى. ئۇ بەدەۋلەت دىگەن ئاتاق بىلەن زور شۆھرەت قازاندى. شۇ دەۋرلەردە ئالىپ بارىلغان جەڭلەردە خىتايلار تەكرار مەغلۇب بولۇۋەردىلەر. ئاخىرى ئۇلار ئۆز ئادەتىگە كۆرە، يەئقۇب بەگگە ھىلە ـ نەيرەڭ بىلەن تەقابۇل تۇرماقچى بولدى. نەتىجەدە خائىن، جاسۇسلارنىڭ قولى بىلەن يەئقۇب بەگگە زەھەرلىك شەربەت ئىچۈرۈپ شەھىد قىلدىلەر. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيە **1878** ـ يىلى يەئقۇب بەگنىڭ يۇلتۇزى ئۆچتى.

1 ـ مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا: « شەرقىي تۈركستاننىڭ ھۆررىيەت دەئۋاسى ۋە خىتاي سىياسەتى» **1945** ـ يىل. ئىستانبول نەشرى.

# يەئقۇببەگ (بەدەۋلەت) نىڭ ئۇنتۇلماس تارىخىي تۆھفەلەرى

كاشغەرنىڭ ئەمىرى جاھانگىرخان تۆرەم **1853** - يىلى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا تەخت ۋارىسى بولغان بۇزرۇكخان تۆرە خوقەندde ئىدى. قىرغىز بەگلەرىدىن سىددىيق بەگنىڭ باشچىلىقىدا كاشغەرنىڭ بارلىق كاتتالارى بىرلەشىپ خوقەند خانى خۇدا يارخاننىڭ باش قۇماندانى ئەلىيمقۇلغا ئەلچى ئىبەرتىپ، بۇزرۇكخان تۆرەنى كاشغەر تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنى تەلەب قىلدىلەر.

خۇدا يارخان ئەلىيمقۇلنىڭ ئاراغا چۈشۈشى بىلەن سىددىيق بەگنىڭ تەلەبىنى قەبۇل قىلىب بۇزرۇكخان تۆرەنى كاشغەرگە ئىبەرتەدۇر. مانا بۇ سەفەردە يەئقۇب بەگ باش قۇماندان ( مىرئالاي ) ياكى باتۇر باشلىق سەلاھىيەتى بىلەن بۇزرۇكخانغا خىزمەت قىلىشقا قوشۇپ قويۇلادۇر. بۇلار كاشغەرگە كىلگەندە شۇچاغنىڭ ئادەتى بويىچە زور داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالىنادۇر. نەچچە كۈنلەپ كاتتا تاماشالار بولۇپ كاشغەر شەھرى بايرام تۈسىگە كىرەدۇر. تۆۋەندە بىرىلگەن قوشاقچە شۇچاغلارداكى چالغۇچى، قوشاقچىلەر( ئەشۇللەچىلەر) كۈيگە قاتقان قوشاقلاردىن بىر نەمۇنە:

ئەندجاندىن تۆرەم كىلدى،
مانا ئەمدى ئوينايمىز.
مىڭ يىللەر ھاكىم بولسا،
دىدارىغا قانمايمىز.

بىر مەزگىلدىن كىيىن بۇزرۇكخان تۆرەم ھەجكە كەتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا يەئقۇب بەگ تەختكە ئولتۇردى. ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز قابىلىيەتى ۋە تالانتىنىڭ زورى بىلەن ئۆز ھۆكمرانلىق دائىرەسىنى تىخمۇ كىڭەيتىشكە كىرىشىپ، ئالتە شەھەردەكى بۆلۈنمە بەگلىكلەرنى ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا ئۆز ئىتائەتى ئاستىدا بىرلەشتۈردى ۋە بۇنىڭ ئارقاسىدا بۇ

يەرلەردەكى خىتايلارنى قوغلاپ چىقارىپ ئۈرۈمچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل شەرقى تۇركىستاننىڭ مۇستەقىل ھۆكمدارىغا ئايلاندى. ئۇ مەملەكەتنى ياخشى ئىدارە قىلغاچقا، شەھەرلەر ئابادانلىققا (ئاۋاتلىققا) يۈزلەندى. كاشغەردەكى ئىيدگاھ جامىئەسى، شەھەر سىرتىدەكى ئاپپاق خوجام گۈنبەزى يەئقۇببەگ دەۋرىدىن قالغان ئابىدەلەردىندۇر. ئۇ يەنە كورلا، ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇنلاغان مەسجىد، مەدرەسەلەرنى سالدۇردى. ئۆز دەۋرىدە بۇيەرگە سەياھەتكە كىلگەن ئەنگلىيەلىك جۋارد ۋە شاۋدا كەبى داڭلىق سەيياھلارمۇ بۇ يەردەكى كۆركەم ۋە با ھەيبەت قۇرۇلۇش - ئىمارەتلەردىن ھاڭ - تاڭ قالغان ئىدى. بەدەۋلەتنىڭ خەلقىنىڭ ئارام ۋە ئەسايىشى (تىنچلىقى) ئۈچۈن قىلىپ بىرگەن فەۋقۇلئاددە ئىشلەردىن بىرى، باي ناھىيسى ئەترافىدا بولغان بىر شىددەتلىك جەڭدە مەغلۇب ۋە تىرىپىرەن بولغان تۇڭگان ۋە خىتايلار قاچار پەيتلەرىدە يول ئۈستىدە كۆزىگە كۆرۈنگەنلىكى گۆدەك بالالارنى تۇتۇۋالىپ ئەسىر قاتارىدا بۇلاپ قاچقان ئىدىلەر. يەئقۇب بەگ بۇ يەرلەرگە قوشۇن تارتىپ كىلگەندە بالەلەرىدىن  ئايرىلىپ قالغان بىچارە ئاتا - ئانالار دادۇ - پەرياد كۆتۈرۈپ: «بالالارىمىزنى خىتايلار بۇلاپ كەتتى، ئۆزلەرى بىزگە ئاتادارچىلىق قىلىپ دەردىمىزگە يەتسلە»، دىپ قىلغان ئەرزىنى ئاڭلاپ يەئقۇب بەگ چىداپ تۇرالماستىن شەرقى تۇركستاندا بىرمۇ خىتاينى قويماسلىققا قەسەمياد قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر بۆلۈك يارامىلىق ۋە جەسۇر يىگىتلەرىنى دۈشمەننى قوغلاشقا بۇيرۇدى. پەرمان ئىشقا ئاشتى. ئۇلار كورلادىن بىر قوناق (تەخمىنەن يىگىرمە كىلومىتىر مەسافە) يىراقلىقداكى جايغا بارغاندا دۈشمەنگە يەتىشۋالىپ ئۇلارنى تارمار قىلدى ۋە بالالارنى قايتۇرۇپ كىلىپ ئاتا - ئانالارىنىڭ قولىغا تاپشۇردى[2]. بەدەۋلەت مانا مۇشۇنداق خىزمەتلەرى بىلەن خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان ئىدى. بەدەۋلەت تارىخدىن تىلغائالىپ ئۆتەرلىك يەنە بىر ئىش شۇكى، بەدەۋلەتنىڭ قوشونى زەفەر بىلەن جەڭ مەيدانىدىن قايتىۋاتقاندا، قوشۇن ئىچىدىن بىر ئەسكەر يولدا بىر خاتۇننىڭ بىر قاچا قىتىغىنى ئىچىپ پۇلىنى تۆلەمەيدۇر. بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولغان قىتىقچى خاتۇن ئەھۋالنى يەئقۇببەگكە دەيدۇر. يەئقۇببەگ بۇخاتۇنغا: «شۇ ئەسكەرنى تونۇمسەن؟» دەيدۇر. خاتۇن: «تونۇيمەن» دەيدۇر. شۇنىڭ بىلەن بۇ خاتۇن قوشۇن ئىچىگە كىرگۈزۈلەدۇر. بۇ

2 - ئەبدۇلئەزىز چىڭگىزخان: «تۇركستان ئاسيانىڭ يۈرەكى»، **1945** - يىلى مىسىر، ئەرەبچە نەشرى، **112**، **114** - بەتلەرگە، مۇھەممەد ئاكىف: «كاشغەر تارىخى»، **1882** - يىلى ئىستانبۇل نەشرى، **374** - بەتكە قارالسۇن.

خاتۇن قوشۇن ئىچىدە ھىلقى ئەسكەرنى كۆرىدۇ ـ دە بارىپ ئۇنىڭغا ياپىشادۇر ۋە: «قىتىقنى ئىچكەن ئەسكەر مۇشۇ شۇ» دەيدۇ. يەئقۇببەگ بۇ ئەسكەرگە بۇ خاتۇننىڭ بىر قاچا قىتىقنى ئىچىپ كەتىپ پۇلنى بىرمەپسەن، دىگەن دە، ئەسكەر بۇنى ئىنكار قىلادۇر. يەئقۇببەگ خاتۇنغا ئەسكەر قىتىق ئىچمەپتۇر، دەيدۇر. خاتۇن بولسا ئۆز گەپىدە چىڭ تۇرۇپ: «قىتىق تىخى ئۇنىڭ قارنىدا ھەزم بولۇپ بولغانى يوق. بولماسا ئۇنىڭ قارنىنى يارىپ كۆرۈشسىلە» دەيدۇر. يەئقۇببەگ: «ئەگەر ئەسكەرنىڭ قارنىنى يارىپ كۆرسەك قىتىق چىقماسا، سەنىڭ قارنىڭ يارىلىپ ئۇنىڭ قىساسى ئالىنادۇر» دەيدۇر. خاتۇن بۇنىڭغا رازى بولادۇر. ئەسكەرنىڭ قارنى يارىلادۇر. دىگەن دەك، ئۇنىڭ قارنىدىن تىخى ئۇيۇپ بولالماغان قىتىق چىقادۇر. شۇ يەردە يەئقۇببەگ بۇ خاتۇنگە قىتىقنىڭ پۇلنى تۆلەپ بىرەدۇر. ئەسكەر بولسا جانىدىن ئايرىلادۇر. بۇ ئىش باشقا ئەسكەرلەرگە، پۈتكۈل يۇرت ئەھلىگە كاتتا ئىبرەت بولادۇر. باشقا بىر رىۋايەتكە كۆرە، ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ كەيملەرى بۇ خاتۇنغا بىرىۋاتىلادۇر. يەنە بىر ۋاقىئە شۇكى، ئاقسۇدا بىر ئەسكەر بىر بەققالدىن ئىككى باغ بىدە ئالىپ پۇلنى بىرمەيدۇر. بۇ ئىش بەدەۋلەتنىڭ قۇلاقىغا يەتىپ ھىلقى ئەسكەرنى شۇ ھامان ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇر. ئىبرەتلىك ۋاقىئەلەردىن يەنە بىرى: يەئقۇببەگنىڭ ئوغلى ھەيدەر بەگنىڭ مىلتىقىدىن چىققان ئوق بىر ئىشەكنى ئۆلتۈرۈپ قويادۇر. ئىشەكنىڭ ئىگەسى ئەرز قىلادۇر. يەئقۇببەگ ئوغلى ھەيدەر بەگنى تاياققا تۇتۇشقا ھۆكۈم قىلادۇر. ياش ھەيدەر بەگ شۇ قاتىملىق تاياق زەربەسىدىن ئەسلىگە كىلەلمەي ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كىتەدۇر[3].

3ـ مۇھەممەد ئاكىن: «كاشغەر تارىخى»، ئىستانبۇل باسماسى.

# بەدەۋلەتنىڭ ھەربىي تەدبىرلەرىدىن نەمۇنەلەر

جەڭ كۈنلەرى دۈشمەنگە ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا يەئقۇببەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەخسۇس بىلگۈلەنگەن ۋائىز (ۋەئز- تەشۋىقچى)، مۇرشىد (يىتەكچى- دىنىي پىشۋا) لار ئەسكەرلەرگە سۆز قىلىپ ئۇلارنىڭ جەڭ قىلىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرار ئىدىلەر. ﷲ نىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جەڭ قىلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ شەھىد بولۇپ جايى جەننەتتە بولادۇرغانلىقىنى، ئۆلمەي ئۆلتۇرگەنلەرنىڭ غازى بولادۇرغانلىقىنى ئەسكەرتەر ئىدىلەر. بۇلارنىڭ يالقۇنلۇق نۇتق- سۆزلەرىدىن جەڭچىلەر نىڭ روھى ئۆسۈپ غەيرەت- شەجائەتى ئۇرغۇپ تاشارئىدىلەر. بىر تەرەفتىن يەئقۇب بەگ يانىغا ئاغزى ئاچىغلىق تۇرغان خالتا- خالتا ئالتۇننى قويۇۋالىپ دۈشمەننىڭ بىر كاللاسىنى ئالىپ كىلگەن ئەسكەرگە بىر ئالتۇن، ئۇننىڭ باشىنى كۆتۇرۇپ كىلگەنگە ئون ئالتۇن بىرىشكە ۋەئدە قىلىپ تۇراتتىلەر. ئەسكەرلەرمۇ قانچە دۈشمەننىڭ باشىنى ئالىپ كىلسە شۇنچەلىك مۇكافاتقا ئېرىشەر ئىدىلەر. بەزى جەڭ مەيدانلارىدا دۈشمەن كاللالارىدىن كاللا تېپە (كاللا مۇنارى) لەر ياسالار ئىدى[4].

يەئقۇب بەگنىڭ ئەجىيب خىسلەتلەرىدىن بىرى ياخشى خىزمەت قىلغان قۇماندان ۋە يىگىتلەرىنىڭ كۆڭلىنى ئالىپ تۇراتتى. بەئزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ بەلىدەكى ئالتۇن دەستەلىك قىلىچىنى سوۋغا قىلسا، بەئزىدە ئەمەل- دەرەجەلەرىنى ئۆستۈرەر ئىدى. مەخفى ئىشلارغا قويۇلغان ئادەملەرىنى بولسا ئالتۇن، كۆمۇش بىرىپ رازى قىلار ئىدى. مەرھۇم يەئقۇببەگ ئەنە شۇنداق تەدبىرلەر بىلەن ختايلارنى ئۆز ئۇۋاسىغا كىرگۈزۇپ، ۋەتەننى ئازاد، مىللەتنى ھۆر ۋە مۇستەقىل قىلغان ئۇلۇغ شەخستۇر.

يەئقۇب بەگ قىلغان فەۋقۇلئاددە ئىشلارىدىن بىرى تۇرپان ئەترافدەكى تۆڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا توپلارنىڭ ئوقى يەتىشمەي قالادۇر. بۇنى بىلگەن يەئقۇببەگ دەرھال بىرمۇنچە مىس پۇللارنى توپلاتقۇزۇپ ئۇلارنى توپ ئوقى ئورنىدا ئاتىشقا بۇيرۇق قىلىپ جەڭدە غەلەبەنى قولغا كىلتۇرەدۇر.

يەئقۇب بەگنى شۇنداق فەۋقۇلئاددە ھەرەكەتلەر بىلەن زەفەر قۇچتۇرغان

4- يۇقارقى كىتاب **358** - بەتكە قارالسۇن.

بۈيۈك پەرۋەردىگار ئۈنى داۋانچىلىك، ئۆرۈمچى ئەترافىغاچە بارىپ ئۇ يەرلەرنىمۇ ئىشغال قىلىشقا مۇۋەففەق قىلدى. ئەي اللّٰه ! ئۇنىڭ، بىزنىڭ ۋە بارچە مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلەرىنى كەچۈرۈم قىلغىن.

# يەئقۇب بەگنىڭ تاشقى سىياسەتى

بەدۆلەت مەملەكەتنىڭ ئىچكى ئىشلەرنى تىخى تەرتىبكە سالار ـ سالمايلا تاشقى سىياسەتنى يولغا قويۇشقا باشلاپ، مۇنداق بىر قانچە ئىشنى ئىشقا ئاشۇردى: روسىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، روسىيە ئەلچىسى كاشغەرگە كەلدى، بەدۆلەتنىڭ ئەلچىسى موللا تۇراب بولسا پېتىرگرادقا بارىپ ئورۇنلاشتى. ئىككى دۆلەت ئاراسىدا بىرقاتار تۈرلەر بويىچە سەۋدا كېلىشىمى ئىمزالاندى.

تۈركىيە سۇلتانى ئەبدۇلئەزىزخان بەدۆلەت ھۆكۈمەتىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە بىر قانچە ئوفىتسىر، مەسلەھەتچىنى كېرەكلىك قورال ـ جابدۇقلار بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى. ئۇلار ھىندىستان ئارقىلىق كاشغەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

چىن ھۆكۈمەتى بەدۆلەت ھاكىمىيەتىنى تونۇپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

بۇخارا خانلىقىدىن ئەمىر مۇزەففەرخاننىڭ تەخت ۋارىسى ئەبدۇلمەلىك ئەلچى سىفەتىدە كاشغەرگە كەلدى.

مىسىر ۋالىسى ئىسمايىل پاشا كاشغەرگە مەخسۇس ئەلچى ئەۋەتتى. **1872** ـ يىلىدا بەدۆلەتكە مىسىردىن ھەرخىل قوراللار، توپ ـ زەمبىرەكلەر ۋە باشقا ھەدىيەلەر يەتىپ كەلدى. بەدۆلەتمۇ ئۆز ئەلچى ـ دىپلوماتلەرىنى ئەسىل سوۋغا ـ سالاملار بىلەن مىسىرغا ئەۋەتتى. شۇ ئەۋەتىلگەن ھەدىيەلەر ئىچىدە ئالتۇن بىلەن ھەل بىرىلگەن بىر قۇرئانمۇ بار بولۇپ، بۇ قۇرئان مىسىر كۇتۇبخاناسىدا ھازىرمۇ ساقلانماقتا ئىكەن[5].

ئافغانىستان پادىشاھى شىر ئەلىخان بەدۆلەت ھۆكۈمەتىنى رەسمىي ئېتىراف قىلدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمەتى تەرەفىدىن ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچىلەر ئۆمەكى كاشغەرگە كەلدى. ئەلچى موسىيور فورىستىك ئۆزى ئالىپ كەلگەن ئېشەنچ خەتنى بەدۆلەتكە ئۆز قولى بىلەن تاپشۇردى[6]. ئىككى دۆلەت ئەلاقەلەرىنىڭ

5 ـ ئەبدۇلئەزىز چىڭگىزخان: «تۈركىستان ئاسىيانىڭ يۈرەكى» گە قارالسۇن

6- مۇھەممەد ئاكىف: «كاشغەر تارىخى»، **383** ـ بەتكە قارالسۇن.

تىخىمۇ مۇستەھكەم بولىشى ئۈچۈن ئارادا بىر كېلىشىم تۈزۈلدى. بۇ كېلىشىم مەزمۇنى تۆۋەندەكىچە: ئىككى دەۋلەت كىشىلەرىنىڭ ئىككى دەۋلەت دائىرەسىدە ئۆزئارا سەۋدا ـ ساتىق ئىشلەرىنى ئالىپ بارىشى ئەركىن بولادۇر. تامۇژنا باجى پەقەت يۈزدە ئىككى يارىم پىرسەنت ئالىنادۇر. تىجارەت ماللەرى يول ئۈستىدە تەكشۈرۈلمەيدۇر. تىجارەت ماللارى بىر شەھەردىن يەنە يەنە بىر شەھەرگە يۆتكەلسە تەكرار باج ئالىنمايدۇر. تامۇژنا رەسمىيەتلەرىنى بەجەرىش جەرەيانىدا ئىككى دەۋلەت پۇللەرىنى تەسۋىيە (ئايرىۋاشلام) قىلىشتا ئىختىلاف تۇغۇلسا، تامۇژنا باجىغا پۇل ئورنىدا تىجارەت مالىدىن تۇتۇپ قالىنادۇر. ئەگەر بۇنىڭ بىلەنمۇ تالاش ـ تارتىش ئايرىلماسا مەئمۇرى خادىملار ۋە تىجارەتچىلەر ئۆزلەرىگە ۋەكىل سايلاپ چىقىپ شۇلارنىڭ گەپى بويىچە بىر تەرەپ قىلادۇر. بۇ نىڭدا ۋەكىللەرنىڭ دىگەن ى كۆچكە ئىگە بولادۇر. ئەنگىلىيە ئەلچىسى كاشغەردە، بەدەۋلەتنىڭ ئەلچىسى كالكۇتتادا تۇرادۇر. شۇنىڭدەك باشقا شەھەرلەردەمۇ ھەم ئۆزئارا ئەلچى ـ كونسۇللار تۇرغۇزۇلادۇر.

بۇ كېلىشىم ئىككى تەرەفنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى ۋە رىغبەتى بىلەن **1874** ـ يىلى **2** ـ فېۋرال كۈنى ئىمزالاندى[7].

سۆز يەكۈنى: بەدەۋلەت چەتئەللەر بىلەن بولغان سىياسىي ئەلاقەلەرىنى بەرابەر ئەساستا ئالىپ باردى. ئۇنىڭ ئىچكى، تاشقى سىياسەتىدە كەمچىلىك كۆرۈلمەدى. الله بۇ زاتتىن رازى ۋە خوشنۇد بولسۇن، ئۆز رەھمەتىگە چۈمدۈرۈپ جەننەتكە لايىق كىشىلەردىن قىلسۇن، ئامىين!

يەئقۇببەگنىڭ كۆرسەتكەن تۆھفە ـ خىزمەتلەرىگە قاراتا تارىخ سەھىفەلەرىگە يازىلغان مەدھىيەلەر بەكمۇ كۆپتۇر. يىقىنقى دەۋرىمىزدە يازىلغان ئىيسا ئالپتېكىننىڭ كىتابىدا : **1865** ـ يىلى يەئقۇببەگ بىرقاتار فەئالىيەتلەر ۋە غەيرەتلەردىن كىيىن پۈتۈن شەرقى تۈركىستان بويلاپ ئۆز ھۆكمرانلىقىنى ئورناتىشقا مۇۋەففەق بولغان، دىگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇر[8].

بىز ئۇلۇغ تۈركىستانلىقلار جەنابى يەئقۇببەگكە بولغان سەمىمى مۇھەببەتىمىزدىن كېلىپ ئۇ قەھرىمان غازىمىز، شەھىيدىمىزنىڭ ھەققىگە ئېزگۈ دۇئا ـ تىلەكلەردە بولارمىز. ئەل ـ يۇرتىنىڭ شان ۋە شەرەفنى قوغداش يولىدا قىلغان ئۇنتۇلماس ئىش ـ ئىزلەرى، تارىخى خىزمەتلەرىنى ياد ئەتىپ

7 ـ مۇھەممەد ئاكىف: «كاشغەر تارىخى»

8 ـ ئىيسا ئالپتىكىن: «دوغۇ تۈركىستان دەئۋاسى»، **1973** ـ يىل ئىستانبۇل نەشرى **126** ـ بەت

ئالقىشلايمىز. ئەي الله بۇ زاتنى ئۆز رەھمەتىڭگە چۈمدۈرگەيسەن، ئامىن!

مەقسەدگە كىلسەك، يەئقۇببەگ شەھىيد بولۇپ كەتكەندىن كىيىن شەرقى تۈركىستانغا يەنە خىتايلار ھۆكمىران بولدى. ئەمما تۈركلەر خىتايلارغا ئۆز كۆڭۈل خوشى بىلەن بوي سۇنمايتتى. گىزى كىلگەندە بىرەر باھانە ـ سەبەب بىلەن قوزغالان چىقىرار ئىدى؛ خىتايلارنى ۋەتەندىن قوغلاپ چىقارىش ئۈچۈن قولىدىن كىلگەنلىكى ئىشنى قىلار ئىدى. نىمەلا بولماسۇن ئىسيان ـ توپالانلار باسقمادى، خىتايلارمۇ ھەم بوش كىلمەدى. ھۆرلۇك ئارزۇسىدا ئالىپ بارىلغان بۇ ئىسيانلاردا ئاز بولماغان قانلار تۆكۈلدى. ئادەملەر جانلارىدىن ئايرىلدى. كۆپلەگەن نەۋقىران يىگىتلەر قۇربان بىرىلدى. ھىساپسىز ئادەم قامالدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. خىتايلار ئىسيان قىلغاننىڭ جەزاسى سىفەتىدە خەلق ئۈستىدەكى ئۇلپان ـ ياساقنى يەنە ھەسسەلەپ كۆپەيتتى.

شەرقىي تۈركىستان تۈركلەرى ئەنە شۇنداق ئاغىر شەرائىت ئىچىدە ئاتمىش يىلنى ئۆتكۈزدى. ئاخىرى پىچاق سۆڭەككە يەتىپ **1931** ـ يىلى قوزغالان كۆتۈردى.

نىشانىمىز: جەننەتنىڭ بىر پارچەسى ياكى ئاسيانىڭ جەننەتى دەيىلسە ئەرزىيدۇرغان مۇنبەت، بەرەكەتلىك تۇپراقلار، مول مەئدەنۇ ـ مىنىراللار، ئاقار سۇلار، باغۇ ـ باغچالار بىلەن شۆھرەت تاپقان، جەننەت ئاسماندا بولسا ئاستى تۈركىستان، ئەگەر جەننەت يەر ئاستىدا بولسا ئۈستى تۈركىستان بولغان ئەزىز ۋەتىنىمىزنى قوغداشتۇر.

**نەزم:**

كۆرۈك بىزلەرنى ئاشقىمىز مەئشۇقى يولىدىن يانغان
مەجنۇندۇرمىز ياشى گىريان، كى لەيلى دەردىدە سەرسان
فەرھاددۇرمىز، گويا شىرىن غەمى بىرلە دىلى سۇنغان
يۇسۇپ ئىبرمەس،لىكىن ھەر ئان ئەسىدىن چىقماغان كەنئان
ۋەتەن ئازادلىغى، ئەل راھەتىگە جان فىدا قىلغان
ۋەتەن ئاناسىدىن مەھرۇم بولۇپ باغرىغا تولغان قان

پەلەك بىزلەرگە بۇ ئان كەيىننى قىلماققا رام بولسا
باشىمىز ئۈزرە مۇدھىش قارا بۇلۇتلار راۋان بولسا
زۇلمىنىڭ ئوقلەرىگە بارچە يەر قارا ـ نىشان بولسا

نە قىسمەت! بۇ ۋەتەن، بۇ يۇرت رەزىل ياۋغا قارام بولسا
بولۇپ ياۋ ئالدىدا ھەر بىرىمىز گوياكى شىر- ئارسلان
بىرەرىمىز تۈشمۇ- تۈش دۈشمەنگە زەربە بىرمەيىن ئىمكان

ئىچەرمىز سۇ ئىچىش ئورنىدا دۈشمەن- ياغى قانىنى
ئالۇرمىز ئەنت ئالىپ بىر جان ئۈچۈن مىڭلارچە جانىنى
مۇكافاتلاپ قويارمىز بىزگە قىلغان زۇلم، كارىنى
ئۈزۈپ بويىنىنى ئۈزگەنچە تۇغۇلغان خام خەيالىنى
ئىرۇرمىز ياۋغا بىرمەس يان قەھرىمان تۈركىكە بىز ئوغلان
بىز ئول ئەۋلادى تۈركىستان، شۇ تۈركىستانغا بىز قۇربان

ۋەتەنىنىڭ زەررە تۇپراقى گويا بىزگە ئەزىز جاندۇر
كى مىللەت قانىدىن ھەر زەررە تۇپراق ياقۇت، مارجاندۇر
چىكىنمەس ئىنتىقامدىن ھەر كىشىكى بولسا ئوغلاندۇر
ئويۇن دۈشمەنلە قىلماق جەڭ، ئارامباغ، سەھنە، مەيداندۇر
ۋەتەن سۆيگۈسىدە ھەر لەھزە، ھەر دەم ئارماغاندۇر جان
بۇ يولدا قان تۆكۈلسۇن، جان قىرىلسۇن، بىز خۇشھال- خەندان

ۋەتەن جەننەت، ۋەتەن راھەت، ۋەتەن ئەيشۇ، ۋەتەن ئىشرەت
ۋەتەن باغۇ، ۋەتەن گۈلشەن، ۋەتەن غەيرەت، ۋەتەن دەۋلەت
ۋەتەن شانۇ- شەرەف، ئىنسان ئۈچۈن ئۇ كەلتۈرەر ئىززەت
ۋەتەنسىز قايسى مىللەتتە تاپىلغاي قىنى باق قىيمەت
جانىمىز تەندەلا بولسا ۋەتەن دىلدىن ئورۇن ئالغان
ۋەتەن سۆيمەك بولۇر دىندىن، كى بىزدە بار ئىشەنچ، ئىمان[9]

9- ئۇستاز مىر سالىھ مەخدۇم ئوشىنىڭ تۈركچە «ۋەتەن سېۋگىسى» ئاتلىق تۈركچە قەسىدەسىدىن ئۆزلەشتۈرۈلدى.

# تەشەككۈر سۆزى

ئۆتكەن تارىختاكى هۆكمدارلىقىمىزنى بەيان قىلىش بىلەن بىرگە، يېقىن تارىخىمىزدا بولغان ئىنقىلابىي ھادىسەلەرنى، مۇختارىيەت دەۋرىنى، الله يولىدا قىلغان جىھادىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈش ھەمدە تۈركىستانلىقلارغا روسلارنىڭ ۋە خىتايلارنىڭ يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك سىياسەتىنى، كامۇنىستلارنىڭ جەۋر-زۇلملەرىنى فاش قىلىشنى مەزمۇن قىلغان بىر تارىخ يازىش تەكلىفىنى بىرگەن ۋە بۇ ئەسەرنى يازىش ۋەزىيفەسىنى كەمىنەگە تاپشۇرغان ئەدىبلەرىمىزگە ۋە يەنە بۇ ئىشقا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەمىنەنى ئىلمىي، تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەئمىنلەگەن يۇرتداشلارىمغا، بولۇپمۇ ئۇستازلارغا ئۆز تەشەككۈر، مىننەتدارلىغىمنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈشنى ئۆز بۇرچۇم دىپ بىلۇرمەن.

ئەي پەرۋەردىگار، تەۋفىق پەقەت سەندىندۇر.
ئەي ئىگەم، ئۆزۈڭ ئاسان قىلغىن، سەن ھەممە ئىشقا قادىرسەن.
مەقسەدىم: دىنگە، ۋەتەنگە، خەلقكە خىزمەت قىلىش.
ئەساسىم: قوللانمالىق ئىسلامىي كىتابلار.
يېتەكچىم: ئاتمىش يىللىق كۆرگەن، بىلگەنلەرىم، كەچۈرمىشلەرىم.

ئۆزەمنىڭ بۇ ئىشداكى چولتالىقىم، ئاجىزلىقىم تۈپەيلى ئەسەردە سادىر بولۇپ قالغان خاتالىقلارنى تۈزەتىش ئىشىنى بۇ جەھەتتە بىلىمى كامىل كىشىلەرگە ھەۋالە قىلامەن.

# شىمالى كاپكازنىڭ مەشھۇر مۇجاھىدى ئىمام شامىلنىڭ نەبىرەسى، ئۇستاز مۇستەفا شامىل بېكنىڭ مۇقەددىمەسى[10]

ئاياغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى الله نىڭ ئاتى بىلەن باشلايمەن

تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ فەۋقۇلئاددە بەرەكەتى، تۈرك تارىخىغا كۆرسەتكەن تەئسىرى پەقەت تۈركلەر تارىخىدالا ئەمەس بەلكى ئىسلام تارىخىدىمۇ تەدقىق قىلىشقا تەگىشلىك چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى. مۇنبەت ۋە ھوسۇلدار تۈركىستان تۇپراقلىرى تۈركلەرنىڭ تارىختا تۇنجى قاتىم ئات - يىلقىلارنى كۆندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سۈتىدىن، گۆشىدىن پائىدىلىنىشنى بىلىشىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاتلارغا مىنىپ شىمالى ئاسىيا ۋە شەرقى ياۋرۇپا دالالىرىدا شانلىق ھەربىي يۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللاردىن بىرى بولۇپ قالغان. شۇنداق ئەيتىشقا بولادۇركى، تۈركىستان زىمىنىنىڭ ياشاشقا قولاي، مۇنبەت بىر تۇپراق بولغانلىقى ئۆز نەۋبەتىدە تۈركلەرنى ئات، قىلىچلارنى تاشلاپ، يەرگە باغلىنىپ ياشاشقا، مۇقىملاشقان تارىقچىلىق، دېھقانچىلىق تۇرمۇشىنى تاللاۋېلىشقا ئېلىپ كەلگەنىدەك، ئۇلار ئۆزلەرى بويسۇندۇرغان باشقا يەرلەر ھەمدە تىجارەت مەركەزلەرىدەمۇ خۇددى تۈركىستان زىمىنىدا قىلغانىدەك، يەرگە باغلىنىپ ياشاشنى بىلگەن بولسا، بەلكىم، ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە سان جەھەتتە جۇڭگولۇقلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ، سىياسىي كۈچ - قۇدرەت، نوفۇز جەھەتتە روسلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان بولاتتى.

تۈركلەرنىڭ مەيلى ئاسىيادىكى ۋە مەيلى ياۋرۇپادىكى ھۆكمرانلىقى بولماسۇن ئىزچىل دەۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى. قاچاندۇر پۈرۈخ (مىلتىق دوراسى) دىگەن نەرسە تارىخ سەھنەسىگە كىردى، بولۇپمۇ غەرب ئەللەرىدە پۈرۈخ ئىشلەتىلەدۇرغان ھەربىي قورال زاۋۇتلەرى كۆپلەپ قۇرۇلۇپ ھەرخىل يېڭى تىپتاكى پۈرۈخلۇق ئۇرۇش قوراللارى ياساپ چىقىلىپ ئۇرۇشلاردا

10- ئەسل تېكىست تۈرك تىلىدا.

ئىشلەتىلىشكە ئەگىشىپ، قەدىمىي ئۈرۈش ئۇسۇللىرى ۋە قورالللەرى بۇرۇنقىدەك ئەز قاتمايدۇرغان، ئىلگىرى ئات ئۈستىدە جەڭ قىلىپ كىلگەن جەڭچىلەرنىڭ پىيادە يۈرۈپ جەڭ قىلادۇرغان دۈشمەن قوشۇنى تەرەفىدىن ئاتىلىۋاتقان ئوق يامغۇرلارىغا يەنەلا ئات ئۈستىدە تەقابۇل تۇرۇشى قىيىن توختايدۇرغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر بارا ـ بارا ئۆزىنىڭ باشداكى تەئسىر دائىرەسىدىن چىكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەگەر ياۋرۇپاداكى كەڭ زىمىنلارنى بويسۇندۇرغان، دونتىس، دىنىير، دەنىستىر، دون ۋە ئىدىل (ۋولگا) دەريالارى بويىلارىغا قەدەر يۈرۈش قىلغان تۈرك قوشۇنلارى ئات ئۈستىدە قىلىچ ئويناتىپ يۈرەدۇرغان ھەياتنى قويۇپ ئۆزلەرى قەدەم باسقان تۇپراقلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانىپ مۇقىم ھەيات كەچۈرگەن بولسا ئىدى، نە گىرمانلار(نىمىسلار) قوزغاغان كارپات ھەرەكەتى ۋە نە سىلاۋىيانلارنىڭ تۈركىستان يەرلەرىگە قىلغان ھەربى كىڭەيمەچىلىك يۈرۈشلەرى غەلەبەگە ئىرىشەلمەگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرك ۋەتەنپەرۋەرلىگىنىڭ تۈركىستان زىمىنى بىلەن ـ ھەتتا تارىخىنىڭ ئەڭ قىيىن باسقۇچلارىدامۇ ئىزچىل دەۋاملاشقان ـ زىچ باغلانىش ئەھۋالى ئەلاھىدە دىققەتكە ۋە تەدقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇر.

ئۆز دەۋرىدە چارروسىيەنىڭ ياۋرۇپالىقلارنىڭ ياردەمى ئاستىدا ئالىپ بارغان قورقونچلۇق باسماچىلىق ھەرەكەتلەرىنى ئەللىك يىللىق قىزىل ھاكىمىيەت دەۋرىدە قىزىل روسلارمۇ ئىشقا ئاشۇرماي قالمادى. سىبىرىيە ۋە قازاقىستان فاجىئەلەرى بۇ سۆزىمىزنىڭ يارقىن دەلىلىدۇر. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ۋەھشىي روس مىللەتچىلىكى ھازىرمۇ تىخى تۈرك ۋەتەنپەرۋەرلەرىگە زەربە بىرىش ۋە ئۇلارنى يوقاتىش نىيەتىدىن يانغانى يوق. بىلىشىمىزچە، ھازىر روسلار ياۋرۇپالىق سەرمايەدارلارنىڭ مەبلەغى بىلەن شەرقىي سىبىرىيە ۋە ياقۇتىستاندا يىڭى سەنائەت مەركەزلەرىنى قۇرۇشنى پىلانلاۋىتىپتۇ. بۇنداق بولغاندا، يىراق شەرقدەكى تۈرك قەۋملەرىنىڭ فەلاكەت ۋە ھەلاكەتى بىلەن نەتىجە تاپادۇرغان بۇ ھەرەكەت ئارقاسىدا روسلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىستىيلاچىلىق پىلانىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئىشقا ئاشۇرۇلادۇر. ئەمەلىيەت شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئىشقا قاراتا سۈكۈتكە چۈمگەن تۈرك دۇنياسىدىن ھىچ قانداق بىر قارشى سادا چىققانى يوق.

ئىسلام فۇتۇھات (بوي سۇندۇرۇش يۈرۈشلەرى) لەرى بەيان قىلىنغان ماتىرىياللاردا دەيىلىشىچە، ئەرەب مۇجاھىدلارنىڭ قەدىمى خۇراسان چىگەرالارىغا

يەتكەندە (بۇ ئۆلارنىڭ ئىراننى بويسۇندۇرۇپ بولغان ۋەقتى ئىدى) ئۇ يەرلەردە ياشاۋاتقان تۈركلەرنىڭ ئۆزلەرىگە قارشى قوزغۇلۇپ كەتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆلارغا كۆپ جىھەتتە يول قويۇپ، كەڭ قورساق مۇئامەلە قىلىشنى توغرا تاپقان. لىكىن خۇراسان تۈركلەرىنىڭ ئىختىيارىي ھالدا ئىسلامغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۇمەۋىييە سۇلالەسى پادىشاھلارىدا تۈركىستان زىمىنىنى تولۇق ئىستىلا قىلىش ئويى تۇغۇلدى. قاچاندۇر تارىختىن بېرى تۈركلەر بىلەن جۇڭگولۇقلار ئوتتاسىدا دەۋام قىلىپ كىلىۋاتقان تۇگۇمەس ئۇرۇشلار يەنە قايتالاندى، بۇنى تۈركىستاننى باسىۋالىشنىڭ ياخشى فۇرسەتى بىلگەن ئۇمەۋىييەلەر قۇتەيبە بىن مۇسلىم قۇماندانلىقىدا **100** مىڭ كىشىلىك قوشۇننى خۇراسانغا ماڭدۇردى. بۇ ھىلىگەر قۇماندان خۇراسانغا كىلگەندىن كىيىن خۇراسان تۈركلەرىدىن تىزلىكتە بىر قوشۇن تەشكىللەپ بۇ قوشۇننى سەفنىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. ئۇ شۇ ماڭغانىچە تۈركىستانغا بارغانچە ئىچكىرلەپ كىردى ھەمدە قىسقاغىنە ئارالىقتا تۈركىستاندەكى مەركەزى شەھەرلەرنى ئارقامۇ- ئارقا باسىۋالدى. بۇ ئۇرۇش دەۋامىدا قۇتەيبە بىن مۇسلىم ئۆتەر قاتتىق قول ۋە شەپقەتسىز ھەربىي ۋاستەلەرنى ئىشقا سالغان بولۇپ، بۇ ئىش تۈركىستان خەلقىگە بەكمۇ ئاغىر كىلدى. ئەگەر ئۇمەۋىيلەر تەختىگە ئۇمەر بىن ئەبدۇلئەزىزدەك بىر خەلىپە ئولتۇرۇپ ئىسلام ئەدالەتىنى ھەقىقى يوسۇندا ئىشقا ئاشۇرماغان بولسا ئىدى، ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئۇچىغا چىققان سولچىل ۋە ئەرەبپەرەست سىياسەتى ئىسلام تارىخىدا يەنەمۇ فاجىئەلىك ئاقىبەتلەرنى كىلتۈرۈپ چىقارىشى مۇمكىن ئىدى. ئەفسۇسكى، بۇ ئۇلۇغ ئىنسانىنىڭ ھاكىمىيەتتە تۇرغان ۋەقتى ئانچە ئۇزۇنغا بارمادى. شۇنداقتامۇ بۇ قىسقاغىنە جەرەيان تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنەۋى ھەياتىدا بىر ئۇلۇغ ئىنقىلابىنىڭ دەرۋازاسىنى ئاچتى. بۇنىڭ نەتىجەسىدە تۈركىستان بىرپۈتۈن ئىسلام دىيارىغا ئايلاندى.

قەدىمدىن تارتىپ نىل دەريا ۋادىسى ئەرەبلەرنى دېھقانلىق مەھسۇلاتلەرى بىلەن تەئمىنلەيدۇرغان خام ئەشيا بازاسى بولۇپ كىلگەن. تۈركىستان فەتھ قىلىنغاندىن كىيىن نىل دەريا ۋادىسى بۇ جىھەتتە ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. يەر شەكلى ۋە كىلىمات جىھەتتىن ئىراق زىمىنىنىڭ تۈركىستان زىمىنىغا كۆپ ئوخشاشىپ كەتىشى خەلىفە مەھدىي (ئاباسىيلارنىڭ 3- خەلىفەسى) نىڭ ئەقىللىق ۋەزىرى ئەبۇ ئۇبەيدۇللاھنىڭ دىققەتىنى تارتىپ، ئۇنى ئىراقتاكى يىزا ئىگەلىك ئىشلەرىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇھىم، دىگەن ئويغا كىلتۈرەدۇر.

شۇنىڭ بىلەن تۈركىستاندىن زور سانلىق تەجرىبەلىك دېھقانلار كىلتۈرۈلۈپ، ئىراقتا يەرلەشتۈرۈلەدۇر. دەجلە، فۇرات دەرىيالەرىدىن قانااللار قازىلادۇر. مانا شۇ تىرىشلار ئارقاسىدا ئىراق زىمىنى ئۈچىنچى خام ئەشيا بازاسىغا ئايلانادۇر.

ئاببىاسىيلار دەۋرىدە تۈركىستانىنىڭ شان ـ شەۋكەتى تۈركىستاندىن يەتىشىپ چىققان دىن ئەربابلەرىنىڭ ئىسلام مەنبەئلەرىنى سافلاشتۈرۈش يولىداكى ئۈلۈغ خىزمەتلەرىدە گەۋدەلەندى. ئۆز دەۋرىدە دىنىي ئىشەنچىنى يۇقارى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام ئۆلكەلەرىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارىغا قەدەر بارىپ قۇرئان كەرىم تەفسىرلەرىنى يەھۇدىي ئەپسانەلەرىدىن، ھەدىسلەرىنى توقۇلما ھەدىسلەردىن تازالاغان، ئايرىپ چىققانلار ھەمدە ئەقىدە مەسئەلەلەرىدەكى تۈرلۈك چىگىشلىكلەرگە ئانىقلاما بىرگەنلەر ئەنە شۇ تۈركىستان يەتىشتۈرگەن ئىلىم چولپانلەرى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندەمۇ ئىسلام مىراسلەرى ساھەسىگە نەزەر ئاغدۇرغانىمىزدا كۆپ سانلىق قورال كىتابلار ۋە ئەڭ مۇھىم دىن دەستۈرلەرىنىڭ تۈركىستان ئالىملەرىنىڭ قولىدىن چىققانىنى كۆرەلەيمىز.

بۇ يەردە تىلغا ئالىشقا تىگىشلىك بىر ئىش شۇكى، تۈركىستان يەتىشتۈرگەن بۇ بىلگىن (ئەللامە) لەرنىڭ بىلىم دائىرەسى يالغۇز دىنىي بىلىملەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن بەلكى ماتىماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا، مىدىتسىنا، فەلسەفە قاتارلىق فەن ساھەلەرىنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ساھەلەردە قالدۇرۇپ كەتكەن قىيمەتباھا ئەسەرلەرى ھەر جاي ۋە ھەردەۋردەكى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ كىلدى. كىيىنكى دەۋرلەرگە كىلگەندە ياۋروپا ئالىملەرىمۇ ئۆزلەرىنىڭ ئىدىيەۋىي ۋە ئىلمىي يۈكسەلىشلەرىنى ھاسىل قىلىشتا بۇ ئەسەرلەردىن كۆپلەپ فائىدەلانغان ئىدى. ھەيران قالارلىق يەرى شۇكى، بۇ بىلگىنلەرنىڭ يۈزدە يۈز تۈرك پەرزەندى ئىكەنلىكى ئانىق تۇرسامۇ، ھازىرقى ئەرەب زىيالىيلەرى ئۇلارنى ھەر خىل سەبەبلەر بىلەن فارس ئەۋلادى قىلىپ كۆرسەتمەكتە.

مۇنداق بىر پاكىتنى ھىچكىم ئىنكار قىلالمايدۇر، ناۋادا تۈركىستاندىن چىققان سەلجۇق تۈركلەرى ئاببىاسىيلار ھاكىمىيەتى چۈشكۈنلەشكەن دەۋردە خەلىفەلىكنىڭ سىياسى، ئىجتىمائىي، ھەربىي ئىشلەرىنى ئۆز قولىغا ئالىپ ئۈلگۈرمەگەن بولسا، ئاببىاسىيلار ئاراسىدا كۈنسىرى ئۈلغۈيىۋاتقان شىئەلىشىش دولقۇنى مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام ئوبرازىغا ئاغىر دەرەجەدە زىيان يەتكۈزگەن بولاتتى. ئەگەر سەلجۇقىيلەر، ئەييۇبىيلەر، مەملۇكىيلەر، ئوسمانىيلاردىن ئىبارەت قۇدرەتلىك تۈرك خانلىقلەرى مەيدانغا كىلىپ ئەھلى

سەلبىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان توققۇز ئەسىرلىك تەجاۋۇز ۋە ھۇجۇملىرىغا بىرى بىرىنىڭ كەينىدىن ئۇلۇشۇپ، ئىزچىل تەقابۇل تۇرۇپ كىلمەگەن بولسا ئىدى، بەلكىم بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەرىتەسى ھازىرقىدىن باشقاچەراق بولغان بولاتتى.

مانا ئەمدى ئەڭ ئېچىنىشلىق تەرەپى شۇ بولۇۋاتىدۇركى، ئاشۇ باھادىر قەھرىمانلەرىمىز ئاق دىڭىز (ئورتا دىڭىز)، قىزىل دىڭىز، ھىندى دىڭىزى قىرغاقلارىدا ئىسلامىي كۆرەش تارىخىنىڭ باتۇرلۇق نەمۇنەلەى بىلەن تولغان پارلاق سەھىيفەلەرىنى ئاچقان بولۇشىغا قارامای، بۈگۈن ئۇلارنىڭ تۈركىستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل يۇرت - مەكانلەرى چىن ۋە روس دىگەن ئىككى ئىمانسىز دۈشمەن تەرەپىدىن قانلىق ۋە فاجىئەلىك ھالدا باسىۋالىندى.

مۇشۇ مۇناسەبەت بىلەن تۆۋەندەكىلەرنى كۆرسەتىپ ئۆتمەكچىمەن: تۈرك دۇنياسىنىڭ سەخاۋەتلىك قوينىدا ئۆسۈپ يەتىلگەن مۇتەفەككىر ۋە بىلگىنلەر ئاراسىدىن - بۇ ئۇلارنىڭ كەمتەرلىكىدىنمۇ - تاڭ، بىلمەدىم - ئۆزىنىڭ مىللىي تارىخىي ئۇستىدە ئىزدەنەدۇرغان، مىللەتنى تەرەف - تەرەفتىن قورشاپ تۇرۇۋاتقان خەتەرلەرگە ئۆز دىققەتنى ئاغدۇرادۇرغانلار يوق دىگۇدەك دەرەجەدە بەكمۇ ئاز چىقماقتا. ئەرەب ۋە فارس تارىخچىلارىمۇ ئۆز ئەسەرلەرىدە پەقەت ئۆزلەرىگە يىقىندىن مۇناسەبەتلىك بولغان مەزمۇنلار بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن بىز خاھلاپ - خاھلاماي ئۆتمۈش تارىخىمىزنى چىن مەنبەئلەرىدىن، ھازىرقى زەمان تارىخىمىزنى روس ئاپتورلەرىنىڭ ئەسەرلەرىدىن بىلىشكە مەجبۇر بولماقتامىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئەسەرلەردەكى مەئلۇماتلار غەرب مەنبەئلەرىدە نىمە بولسا شۇ بويىچە يازىپ قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن تۈركلەر ئۆز دۈشمەنلەرىنىڭ تارىختا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرى ۋە ۋەھشىيانە قىلمىشلەرىدىن دىگۇدەك خەبەرسىز قالماقتا. بۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈركلەر كەڭرى مەئنادەكى ئىسلام كۆرسەتمەلەرىگە ئۇيغۇن كىلەدۇرغان مىللىي چۈشەنچلەردىنمۇ مەھرۇم قالىشقان. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆز دۈشمەنلەرىدىن قىساس ئالىش - بۇنىڭ بىر مۇقەددەس ئىش بولۇشىغا قارامای - تۇيغۇسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھتەرەم مۇسا تۈركىستانىي ھەزرەتلەرىنىڭ بۇ ئەسەرنى يازىپ چىقىشى قانچە ئالقىشلاساق شۇنچە ئەرزىيدۇرغان بىر كاتتا خىزمەت ھىسابلانادۇر. ئۇ بۇ ئەسەرىدە تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى رۇسلارنىڭ زۇلمى ۋە تەجاۋۇزىغا ئۇچراش ئەھۋالىنى تەفسىلى بەيان قىلىپلا قالماي،

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى دەۋردە تۈركىستاننىڭ شەرقى ۋە غەربىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆزى قاتناشقان بىر قاتار سىياسى ئىشلار توغراسىدا بىزگە قىيمەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرەدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ فەرغانە مۇجاھىدلەرىنىڭ ئۆز دىنى ۋە ۋەتەنى يولىداكى مەجبۇرىيەتلەرىنى ئورۇنداش يولىدا ئالىپ بارغان قەھرىمانلىقلەرىنى يۇكسەك مەھارەت بىلەن بەيان قىلىشى ئەلاھىدە دىققەتكە سەزاۋەردۇر. مانا ھازىر مەن بارلىق ياشلارىمىزغا ئانا ۋەتەندە بولۇپ ئۆتكەن مىللىي ھەرەكەتلەرنى ئىنچىكەلىك بىلەن يورۇتۇپ بېرەدۇرغان بۇ كىتاب- تۈركىستان فاجىئەسى- نى ئوقۇپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتقانىمدا بۇ كىتابنىڭ كېلگۇسى نەسللەرىمىزگەمۇ ھەم فائىدەلىك بىر ئارماغان (سوۋغات) بولۇپ قالىشنى ئۇمىد قىلامەن. شۇنىڭدەك، ئۇستاز مۇسا تۈركىستانىينىڭ بۇ ئۆلۈغ تارىخىي ھىممەتى ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئەلاھىدە تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرەمەن.

سەئىد شامىل. **1974**- يىل فېۋرالنىڭ **2** - كۈنى.

# شەرقي تۈركستاننىڭ ئىنقىلاب ئەرەفەسىدەكى ئومومي ۋەزىيىتى

چىڭ سۇلالەسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلەرىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى ئالتە شەھەر[11] نىڭ مەركەزى بولۇپ كىلگەن ئىدى. ۋالىلار ئۈرۈمچىدە تۇراتتى. جىڭ شۇرىن قاتارلىق خىتاي ۋالىلەرىنىڭ ئۈز زەمانىدا خەلققە قىلغان زۇلم- زورلۇقلارىنى ھەممە ئادەم ياخشى بىلسە كېرەك. دۇنيادا ھەر ئىشنىڭ چەكى بولادۇر. شۇنىڭدەك زۇلمنىڭمۇ ھەم چەكى بولادۇر. ھەر ئىش ئۈز چەكىدىن ئاشىپ كەتسە ئادەملەرنىڭ سەبر- تاقەتىمۇ تۈگەيدۇ- دە، ئىسيان كۆتۈرۈپ، چەكىدىن ئاشقان زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئورنىغا ئادىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولادۇر. كىيىنكى دەۋرلەردە خىتاي ئەمەلدارلەرىنىڭ مەخفي ۋە ئاشكارا زۇلملەرى ھەددىن ئاشىشقا باشلادى، خەلق جانىدىن بىزار بولدى، خىتايلار تۈركلەرىنىڭ مال- مۈلك، بايلىقلەرىنى زۈلۈك قۇرتتەك شوراپ قويمادى. ئەدالەت، ھەققانىيەتنىڭ قەدرى قالمادى، مەيلى شەھەر ۋە مەيلى قىشلاقتا بولماسۇن زۇلم- زورلۇق، ناھەقچىلىك باش كۆتەردى. ھۆكۈمەت ئورۇنلارىداكى پارەخورلۇق، ناھەقچىلىكلەردىن مەزلۇملارنىڭ ئاھۇ- زارى پەلەككە يەتكەن ئىدى. خۇلاسە قىلىپ ئەيتقاندا، ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ زىمنى ۋە زەمانى ھازىرلانىپ قالغان ئىدى.

11- بۇ يەردەكى ئالتە شەھەر ئەساسلىقى كاشغەر، ياركەند، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچار، كورلا شەھەرلەرىنى كۆرسەتەدۇر. شەرقتە ئۈرۈمچى باشلىق قارا شەھەر، غولجا، ئالتاي، چۆچەك، تۇرپان، ماناس، شىخو، قۇمۇل قاتارلىق جايلار يۇقارقى ئالتە شەھەرگە تابىئ (قاراشلىق) جايلار ھىسابلانادۇر.

# خىتايلارنىڭ قانلىق ئىستىبدادىدىن نەمۇنەلەر

خىتاي ھۆكۈمەتى ئىلغار فىكىرلىك، ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنى تۈرلۈك بەدناملار بىلەن قامادى، ئۆمۈرلۈك تۈرمەگە ئالدى، بەئزىلەرنى بولسا ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كۆپىنچەسىنى تۈرمەلەردە چىرىتىپ تۈگەتتىلەر. قەھرىمان يىگىتلەرىمىزنى قارا كامىرلارغا سولاپ ئەزابۇ- ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار قىلدى. خەلق مانا مۇشۇنداق زۇلىم- ئەزىلىشكە چىداپ بولالماي باش كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدىلەر. بۇنىڭ بىلەن يىللاردىن بۇيان تەكرار بولۇپ كىلىۋاتقان ئىسيانلاردىن كىلگەن تەجرىبە- سەبەقلەرنى يەكۈنلەپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەر تەرەفىدە كەڭ كۆلەملىك بىر ئىسيانغا تەييارلىق كۆرۈلدى. الله نىڭ ياردەمى بىلەن تەييارلىق پۈتتى، مەزلۇم خەلق بىردەك ئىتتىفاقلاشىپ خىتاي ھۆكۈمەتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلادى، كۆرەش جەرەيانىدا تەدبىرلىك، تەجرىبەلىك كىشىلەر مەيدانغا چىقىپ مىللەتكە رەھبەرلىك قىلدى. مۇنەۋۋەرلەر توپلىنىپ جەمئىيەت تەشكىل قىلدى. جۇملەدىن كاشغەردە ئىستىقلال جەمئىيەتى قۇرۇلۇپ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن تەشۋىقات ئىشلەرىنى ئالىپ بارىپ، ئامما ئاراسىدا تۈرلۈك تەشۋىقنامەلەرنى تارقىتىپ ئۇلارنى ئويغۇنۇشقا، ئىسيان قىلىشقا چاقىردى. جەمئىيەت خىتاي زوراۋانلارىنىڭ مىللەتكە قىلىۋاتقان جەۋر- زۇلۇملەرىنى، دىنغا قىلىۋاتقان ھەقارەتلەرىنى، ئىقتىسادىي بۇلاڭ- تالاڭلارىنى مىللەتنىڭ كۆز ئالدىدا فاش قىلىپ ھەممەنى دىققەتكە كىلتۈردى. ئەمەلىيەتتەمۇ خەلق خىتايلارنىڭ زۇلمىدىن بىزار بولۇپ پىچاق سۆڭەككە يەتكەن ئىدى. بۇ يەردە شۇ دەۋردەكى خىتاي زوراۋانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بىرەدۇرغان بىرقىسىم ئىشلارنى نەمۇنە سىفەتىدە كىلتۈرۈپ ئۆتۈش فائىدەسىز بولماس دىپ ئويلايمەن. ئۇلار تۆبەندەكىچە:

(1)يەرلىك ئەمەلدارلار مەجبۇرىي ھالدا خىتايلارغا ئوخشاش ئۇزۇن چاچ قوياتتى، ئۇچاسىغا خىتايلار كەيدىغان يانى ئوچۇق ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كەيەتتى. ئۇلار بۇ قىيافەت بىلەن خۇددى خىتاينىڭ ئۆزىگەلا ئوخشاپ قالاتتى.

(2)ئاتلىق بىر مۇسۇلمان بىرەر خىتاي ئەمەلدارىغا ئۇچراسا، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ئۇ ئەمەلدارغا تەئزىم بىجا كىلتۈرۈشى كىرەك ئىدى

(3)ئەگەر ئاتلىق ياكى ئەرەبە (ھاراۋا) لىك بىر مۇسۇلمان يولدا بىرەر

خىتاي مەنسەبدار ياكى خىتاي چىرىككە يولۇقسا، دەرھال ئەرەبە ياكى ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنداقلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ  تىزچۆكۈپ تەئزىم قىلىشى كېرەك ئىدى.

**(4)**ئامباللار بۇتخاناغا كىرگەندە مۇسۇلمان ھاكىملار، بەگلەر بۇتخانا دەرۋازاسىدا قوللىرىنى ئارقاغا قىلىپ تىزچۆكۈپ تۇرۇشلىرى كېرەك ئىدى[12].

يۇقارقىلاردىن باشقا يەنەبىر مىسال شۇكى، بىرقوزا تۇغۇلۇپ بەش يىل ئۆتسە، قوزانىڭ ئىگەسى ھەر يىلىغا بىرقاتىمدىن بەش يىللىقىغا بەش قاتىملىق تۇياق باجى تۆلەيتتى. ھەر يىلدا ئىككى قاتىمدىن بەش يىلدا ئون قاتىملىق يۇڭ باجى تۆلەيتتى. قوزا ئۆلتۈرۈلسە قان باجى تۆلەيتتى. بازارغا ئاپىرىپ ساتسا تاپاۋەت باجى تۆلەيتتى. گۆش پارچەلانىشى بىلەنلا گۆش باجى تۆلەيتتى. تېرەسى ئۈچۈن تۇمەن باجى تۆلەيتتى. ئەگەر مالنىڭ بىرەر پۇتى كەم بولۇپ قالسا دۇكاندار بۇنىڭ ئۈچۈن نۇقسان باجى تۆلەيتتى. خۇلاسە قىلىپ ئەيتقاندا، خىتايلار بىر ھايۋاندىن يىگىرمە خىلغا يىقىن باج ئالاتتى. ئۇلار خەلقنىڭ قانىنى ئەنەشۇنداق شورايتتى. يۇقارقىلار فەقەت نەمۇنە ئۈچۈنلا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردۇر، خالاس. مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەرىمىز قالغان ئىشلارنىڭ قانداقلىقىنى ئەشۇلاردىن بىلىۋالسا بولادۇر. خەلقنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئالىپ كىلگەن ئامىللار بۇندىنمۇ كۆپ بولۇپ، ھەر بىرى ئۆز ئورنى كىلگەندە زىكىر قىلىنىدۇر.

شەرقى تۈركىستاندا خىتاي زۇلمىغا قارشى قوزغالغان تۇنجى ئىسيان **1931** - يىلى قۇمۇلدا باشلاندى. سالىھ دورغا، خوجا نىياز ھاجىلار باشچىلىقىدا قۇمۇل ئەتراپىداكى ھەرقايسى تۆرە - بەگلەر بىراقلا قوزغالدىلەر. بۇجەڭدە ئىمان قۇۋۋىتى بىلەن يۇكسەك جەسارەتكە كىلگەن مۇسۇلمان تۈركلەرنىڭ ھەربىرى خۇددى شىر - ئارسلانلاردەك باتۇرلۇق كۆرسۇتۇپ خىتاي ئەسكەرلەرىنى كۆپ مەغلۇبيەتلەرگە ئۇچراتتى ھەمدە الله جىھاد ئويى بىلەن مەيدانغا چىققان بۇ مۇجاھىدلارنىڭ ئىسيانىنى زور غەلەبەلەرگە ئېرىشتۈردى. ھەر يەردە مۇسۇلمانلار غالىب، خىتايلار مەغلۇب بولۇشقا باشلادى، زەفەر ئۇستىگە زەفەر قۇچۇۋاتقان مۇسۇلمانلار قوشۇنى سەفىگە كىينكى پەيتلەردە تۇنگانلارمۇ كىلىپ قاتىلدى. تۈركلەر، تۇنگانلار بىرلەشىپ خىتايلارنى شەرقى تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقارىشقا بەل باغلادى. بۇ جەڭلەردە كۆپلەگەن خىتايلار قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلگەندىن باشقا، قاچقانلارى قاچتى، قالغانلارىمۇ پەقەت ئۆرۈمچىدەلا

12 - مۇھەممەد ئاكىق: «كاشغەر تارىخى»

ساقلانىپ قالدىلەر. كۆپلەگەن شەھەرلەر، يېزا ـ قىشلاقلار، تاغ خەلقلەرى مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتتى. قۇمۇلدىن باشلانغان ئىنقىلاب ئوتى بارغانسارى كېڭىيىپ، شەرقى تۈركىستانىنىڭ ھەرقايسى تەرەفلەرىدە كەينى ـ كەينىدىن قوزغالان كۆتۈرۈلدى، ھۆرلۈك، مۇستەقىللىق دەئۋاسى ھەممە جاينى قاپلادى. ئىسلام تۇغى كۆكتە جەۋلان قىلىپ، جەڭ ـ كۆرەشنىڭ قازانى قايناپ تاشتى. بۇ ئارالىقتا خوتەن خەلقى قوزغالان كۆتۈردى. قوزغالان غەلەبە قىلىپ، مۇجاھىدلار خوتەننى ئىشغال قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياركەنتكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇيەرنىمۇ خىتايلاردىن تازالادى. بۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ كاشغەرمۇ قوزغالدى ھەمدە تولۇق غەلەبەگە مۇۋەففەق بولدى. كاشغەر ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلار مۇجاھىدلار، ئىنقىلابچىلار، زىيالىيلارنىڭ فەئالىيەت مەركەزىگە ئايلاندى، كاشغەردە زور داغدۇغا بىلەن «شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيەتى» نامى ئاستىدا رەسمىي دەۋلەت قۇرۇلدى. (بۇلار ئورنى كىلگەندە تەفسىلى بەيان قىلىنادۇر).

# ئىختىلاف دەۋرى

ئىنقىلابىنىڭ پارلاق نەتىجەسى بىلەن ۋەتەندە خىتاي قالمادى، قالدى دىگەن دەمۇ، ئۈرۈمچىدە بىر ئاز خىتاي مەۋجۇد بولۇپ، ئۇلار خىتاي ۋالىسى جىڭ شۇرىننىڭ ئىدارەسىدە تۇراتتى. تۇنگانلارنى مۇسۇلمان دىپ بىلگەن خوجا نىياز ھاجىم ۋە ئۇنىڭ قۇماندانلارى ئۇلارنىڭ ئەھدۇ ـ پەيمانلەرىگە ئىشانىپ، ئارادا ئىتتىفاق تۈزۈپ بىرلىكتە ھەرەكەت قىلادۇر. بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىرلەشىشى بىلەن تەڭ جەڭلەردە خىتايلار تەكرار مەغلۇب بولادۇر. ئىتتىفاقلاشقان ئىككى تەرەف نۇرغۇن غەنىمەتلەر، ئولجالارنى قولغا چۈشۈرۈپ خىلى كۈچلەنىپ قالادۇر. خىتايلار بولسا بارغانسارى ئاجىزلاشادۇر. دەل شۇ پەيتتە جىڭ شۇرىن ھۆكۈمەتى بىلەن ساۋىت ھۆكۈمەتى ئورتاسىدا مۇزاكەرەلەر باشلانىپ، ئىككى ئارادا بىر سەۋدا كىلىشىمى تۈزۈلەدۇر. كىلىشىم بويىچە، ئۈرۈمچىدەكى خىتايلار ساۋىت تەرەفىنىڭ تۈرلۈك ماددىي، مەئنەۋىي ياردەملەرىگە ئېرىشەدۇرغان بولادۇر. ئۈرۈمچىگە ماسكاۋدىن تۈرلۈك كەسبىي مەھارەتلەرنى ئۈرگەتەدۇرغان تېخنىكلار ۋە 80 دىن ئارتۇق ھەربىي ئىشلار بويىچە يىتەكچى ئوفېتسىر كىلتۈرۈلۈپ، جىڭ شۇرىن ھاكىميەتىنىڭ ئەساسى كۈچەيتىلەدۇر. ھەرخىل ماددىي ياردەملەر، ھەربى كۈچلەر، قورال ـ ياراقلار كۆپلەپ ئاشۇرۇلادۇر.

شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئۈرۈمچىدەكى خىتاي قىيافەتىدە كۆرۈنەدۇرغانلارنىڭ كۆپىنچەسى رۇس سالداتلارى بولۇپ قالادۇر. بۇ چاغدا جىڭ شۇرىن خوجا نىياز ھاجىم بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ئاراسىنى بۇزۇشقا ھەرەكەت قىلىپ، قولدىن كىلگەنلا چارەلەرنى ئىشقا سالادۇر ۋە ئاخىرى بۇ مەقسەدىگە يەتەدۇر. ئۇزۇن ئۆتمەي تۇنگانلار ئۆزلەرىنىڭ بۇرۇنقى ۋەئىدەلەرىنى بۇزادۇر. قۇمۇل ۋە گۇچۇڭدا بولغان ئۇرۇشتا خىتايلار مەغلۇب بولادۇر. كۇتۇلمەگەن يەردىن ئولجا ئالىنغان قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورالار ئورتاق تەقسىم قىلىنماستىن ماجۇڭيىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گەنسۇغا توشۇلادۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مافۇيەن، ماجەنساڭ قاتارلىق تۇڭگان قۇماندانلارى خوجا نىياز ھاجىدىن يۈز ئۆرۈيدۇر. ماجۇڭيىڭ (گاسىلىڭ) نىڭ بۇ خىيانەتى خوجا نىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ يولداشلارىغا بەكمۇ ئاغىر كىلەدۇر. شۇ سەبەب بىلەن بۇ ئىككى ئىتتىفاقداش بىر بىرىگە قاتتىق دۇشمەن بولۇپ كەتەدۇر. باشتا بۇ يەرگە ساغىنىپ كىلگەن تۇڭگانلار ئەمدىلىكتە بۇ يەردە خىتايلارنىڭ ئورنىغا ھاكىم بولۇپ چىقىپ شەرقى تۈركىستانغا يالغۇز ئۆزى ھۆكمرانلىق قىلىش مۇددىئاسىنى ئاچىقتىن ـ ئاچىق داۋراڭ سالىشقا باشلايدۇر. بۇ ئەسنادا خىتايلار ئىككى يۈزلەمە سىياسەت قوللانىپ بىر تەرەفتىن تۇڭگانلارغا ئەلچى ئىبەرىپ، ئۇلارغا: «سىلەر تۇڭگانلار بىلىملىك، ھەربى ئىشلارغا ماھىر، چىن ۋە ياپونىيەدە ھەربىي تەئلىم ئالغان قابىلىيەتلىك قۇماندانلارى بار بىر باتۇر مىللەتسىلەر، سىلەردە شەرقى تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشقا يەتەرلىك قابىلىيەت بار، بىزدىن قانچەلىك ياردەم سوراساڭلار بىز ياردەمگە تەييار» دىپ ئۇلارنى خوجا نىياز ھاجىلارغا قارشى قۇتراتسا، خوجا نىياز ھاجىملارغا رەسمىي ۋە غەيرى رەسمىي يوللار بىلەن: «سىزلەر بولساڭلار بۇ يۇرتنىڭ ئۆز ئىگەسىدۇرسىلەر، تۇڭگانلار بولسا گەنسۇدىن كىلگەن بىر ساغىندى ـ كىلگۈندى قەۋم، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشقا ھەققى يوق، سىلەر بولساڭلار يەرلىك قەھرىمان مىللەت، ھۆكۈمەت تۇتۇشقا سىلەر لايىق كىلەسىزلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بوش كىلمەڭلار» دىپ بۇلارنى قۇتراتىپ، ۋەئىدە ئۇستىگە ۋەئىدەلەرنى قىلىپ بۇلارنىڭ قويىننى خام ياڭاق بىلەن تولدۇرادۇر. بۇ چاغدا خوجا نىياز ھاجىم بىرلا ئاندا ھەم تۇڭگانلارغا ھەم خىتايلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا مەجبۇر بولادۇر. دەل شۇچاغدا جىڭ شۇرىن ماسكاۋدىن كىلگەنلەرنىڭ يول كۆرسۇتۇشى بىلەن جىڭ، غۇلجا ئالتاي ۋىلايەتى قاتارلىق جايلاردىن يىغىپ كىلدۇق، دىپ مىڭدىن ئارتۇق رۇس ئەسكەرنى ئۈرۈمچىگە كىلتۇرۇپ ئۇلارنى «ئاق ئورۇس» دىپ ئاتايدۇر. شىڭ

ئىسىملىك (شېڭ شىسەي ـ ت) بىر خىتاينى بۆلارغا زېخۆي (قۇماندان) قىلىپ قويادۇر. شېڭ زېخۆي قول ئاستىداكى بۇ روس ئەسكەرلەرنى ئىشقا سالىپ تۇرپان، پىچانلاردا ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق، بۆلاڭ ـ تالاڭلارنى ئالىپ بارادۇر. تۈركىستانىنىڭ تارىخى دۈشمنى بولغان بۇ روسلار نىڭ ئەل ـ يۇرتنى خاھلاغانچە بۆلاپ ـ تالاپ، ئوت قويۇپ، ئۆلتۈرۈپ، تالان ـ تاراج قىلىپ قىلماغانى قالمايدۇر. مەزكۇر ۋىلايەتلەرنىڭ ھەربىر يەرىدە بۇزغۇنچى كامۇنىستلار، روس ئەسكەرلەرىنىڭ قولى بىلەن، خىتاي قوماندانلارىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولۇۋاتقان زۇلم ۋە زوراۋانلىقلار چەكتىن ئاشادۇر. خوجا نىياز ھاجىم بولسا پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ بىرىنچى دۈشمەن بولغان خىتايلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاچ يەنە بىر تەرەفتىن تۇڭگانلار بىلەن پىچاقلاشىپ، گاھ غالىب بولۇپ، گاھ مەغلۇب بولۇپ يۇرگەن شۇ كۇنلەردە كاشغەر ۋە خوتەن ۋەزئىيەتى تۆۋەندەكىچە كەچمەكتە ئىدى.

# خوتەندە قوزغالان

قۇمۇلدىن باشلانغان ئىنقىلاب ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەرلەرگەچە كېڭەيدى. بۇ كاتتا ھادىسە ئالتە شەھەرگە خۇددى يىلدىرىم (چاقماق) سۇرئەتىدە تەئسىر كۆرسەتتىلەر. بۇنداق بىر ئۇلۇغ فۇرسەتنى كۆپتىن بىرى كۇتۇپ تۇرغان خوتەن خەلقى 1933 ـ يىلى قوزغالان كۆتەردى، قوزغالانچىلار خوتەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلاردا مىللەتى خىتايلا بولغان ئادەمنى ئۆلتۇردى، بۇ ئىنقىلاب نەتىجەسىدە خىتايلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرەفدارى بولغان تۇڭگانلار خوتەندىن، ئۇندىن كىيىن ياركەنتتىن قوغلاپ چىقارىلدى، قالىپ قالغانلارى بولسا ئۆلتۇرۇلدى، بىر بۆلۇكلەرى ئىسلام دىنىنى قەبۇل قىلىپ خوتەن قەلەمرەۋىسى (تىرىتورىيە) دەكى مۇسۇلمان خىتايلارغا ئامانلىقا بىرىلىپ، زىممىلەر قاتارىدا مۇئامەلە قىلىندى. يەكۇن: خوتەن بىر ئىسلام ھۆكۇمەتى بولۇپ مەيدانغا چىقتى، ياركەنت ئەسكى شەھەر (كوھنا شەھەر) ۋە ئۇنىڭ ئەترافىدەكى جايلار خوتەن ئەمىرلەرىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

# كاشغەردە باشلانغان ئىنقىلاب

شەرقى تۈركستان تۈركلەرىنىڭ ئويغىنىشى، مىللىي ھەرەكەتى ئالدى بىلەن قۇمۇل خەلقىنىڭ غەيرەت ۋە فىداكارلىقى بىلەن مەيدانغا كىلدى. ئىنقىلابچىلارنىڭ باشلىقى خوجا نىياز ھاجىمنىڭ تۆڭگانلار بىلەن بىرلەشىپ ھەرەكەت قىلىشىنىڭ نەتىجەسى سىفەتىدە كۈچار شەھرى ئىنقىلابچىلار قولىغا ئۆتتى، ئۇلار ئاخىرى ئاقسۇنىمۇ ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدىلەر. بۇ ھەرەكەتلەردىن ۋەقتى - ۋەقتى بىلەن خەبەردار بولۇپ تۇرغان كاشغەرنىڭ ئاچىق فىكرلىك، مۇنەۋۋەر كىشىلەرى يىغىلىپ «ئىستىقلال جەمئىيەتى» دىگەن بىر مەخفىي تەشكىلاتنى قۇردىلەر. بۇ تەشكىلات شۇ زەمان شەرائىتىغا كۆرە يۇقارى ئىھتىيات بىلەن ئۆز خىزمەتىگە كىرىشتىلەر. تۆۋەندە بۇ جەمئىيەت ئەئزالەرىنىڭ تىزىملىكى بىرىلدى:

1 - ئەبۇلقاسىم ئاخۇن داموللامنىڭ ئوغلى زىيائۇددىن مەخدۇم
2 - مۇھەممەد ھاجىم پالتا ئارتۇش
3 - مەخدۇم زادە ئارتۇش
4 - قۇتلۇق ھاجىم شەۋقي
5 - تۇرغۇن باي بەچچە رەھىمي
6 - ئەھمەد پاختا
7 - ئەبدۇللاھ خانىي
8 - مۇھەممەد ئەمىين قارى سوفىيزادە
9 - ساتىپ ئالدى جان
10 - جەرنىل ساھىب( مۇھەممەد شەرىفخان )
11 - مۇھەممەدجان داموللا ئوشلۇق
12 - موللا ئىبراھىم ۋائىز
13 - يۇسۇپ مۇزەففەرزادە
14 - تۇرغۇن ھەكىم مەرغىلانىي

بۇلاردىن باشقا ئۆز ئىسىملەرىنى پىنھان تۇتقان يۇرت چوڭلەرى،

تىجارەتچىلەر، كاتىپلار، خادىملارمۇ بارئىدى. جەمئىييەت يىغىلىشى كاشغەر يارباغ دەرۋازاسىنىڭ تاشىداكى مەئلۇم ئۆيدە خۇفيانە هالدا ئۆتكۈزۈلەتتى، ئەمما كۇندەلىك ئىشلارغا مەسئۇل ئەئزالار هاجىخانا هۇجرالارىدىن بىرىدە تۇرۇپ، ئۆز خىزمەتىنى دەۋاملاشتۇراتتى، كەمىنە مۇئەللىفمۇ شۇ ئەئزالار جۇملەسىدىن ئىدىم. مەن ئادەتتە مۇسا ئەپەندى، دىپ چاقىرىلاتتىم.

# خوتەن ۋە ياركەنتتە بولغان ئىشلار

ئۈزۈن ئۆتمەي خوتەندە بولغان ئىسياننىڭ خەبەرى يىقىن، يىراقلارغا پۈر كەتتى، تارقالغان خەبەرلەرگە كۆرە، خوتەندە بولغان ئىنقىلاب غەلەبە قىلغان، ئىنقىلابچىلار زەفەر ئۈستىگە زەفەر قازىنىپ ياركەنتكە يۈرۈش قىلغان ھەمدە ياركەنت كوھنا شەھەرىنى ئىشغال قىلغاندىن كىيىن يىڭى شەھەرنى مۇھاسەرەگە ئالغان. يەنە بىر تەرەفتىن ئاقسۇدەكى مۇجاھىدلار كاشغەرگە قاراپ كىلىۋىتىپتۇ، دىگەن خەبەرلەر تارقالادۇر.

شۇ چاغلاردا كاشغەر يىڭى شەھەردە تۇرۇشلۇق ۋىلايەتلىك ھەربى فىرقەنىڭ قوماندانى تىخى ئۇرۇش مەيدانىغا بارماي تۇرۇپ خىتايلارنىڭ ئەنئەنەسى بويىچە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالادۇر، ئۇنىڭ تەئزىيە مەراسىمىغا كاشغەردە تۇرۇۋاتقان خىتايلار، تۇڭگانلار ۋە باشقالار قاتناشادۇر. ئۇندىن كىيىن ياڭ چىمىن (ياڭ دارىن) دىگەن بىر خىتاي ئۆلگەن فىرقە قوماندانى (سىجاڭ) نىڭ قارماقىداكى ئەسكەرلەرنى ئالىپ ئاقسۇدىن ئىسلام ئاچىپ بۇ تەرەفلەرگە قاراپ كىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن مارالباشىغا قاراپ يولغا چىقادۇر.

ئون سەككىز يىلدىن بىرى خىتايغا سەداقەت بىلەن ئىشلەپ كىلىۋاتقان كاشغەر ۋالىسى مادوتەي بولسا كاشغەر ئەترافىدەكى ئەسكەرلەرنى توپلاپ، ياڭ چىمىنگە پات ـ پات ياردەمگە ئىبەرتىپ تۇرادۇر. ھەرقاتىملىق ئەسكەر ئىبەرتىش بولغاندا شەھەر سىرتىدا بىر كۆرەك ئۆتكۈزۈلەدۇر، ئاندىن كىيىن ئەسكەرلەر يارباغ دەرۋازىسىدىن شەھەر ئىچىگە كىرىپ شەھەر ئىچىنى بىر ئايلانىپ قۇم دەرۋازىدىن چىقىپ كەتەدۇر، بۇنداق قىلىش ئارقالىق كىشىلەر كۆزىگە خىتاينىڭ ئاز ئەسكەرى كۆپ قىلىپ كۆرسەتىلەدۇر. شۇنداقتامۇ ئاپتاپنى ئەتەك بىلەن ياپقالى بولماغاندەك، كاشغەردىن بارغان خىتاي ئەسكەرلەرنى ئەجدىھا كەبى يۇتۇپ تاشلاپ، ئۈزۈلۈكسىز ئالغا قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان ئىسلام ئەسكەرلەرىنىڭ زەفەر ۋە نۇسرەتلەرىمۇ ھەممەگە ئاڭلانىپ تۇرادۇر. خىتاي ئەسكەرلەرىدىن ياردار بولغانلارنى داۋالاش ئۈچۈن كاشغەردىن دوختۇر

يىلاۋىنكا[13] ۋە ياردەمچىسى شاھى مەردان، دوختۇر ئاندىرسون[14] بىلەن ئۇنىڭ خادىمى سەييىد ئاخۇنلاردىن بىر تىببىي ھەيئەت تەشكىل قىلىنىپ مادوتەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەڭ مەيدانىغا ئېبەرتىلەدۇر. ئۇلار كەتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەغلۇب بولغان خىتاي قوماندانلارى بىلەن قايتىپ كىلەشەدۇر. بۇ ئارادا خىتاي قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى ياڭ چىمىن جەڭدە پۇتىغا ئوق تەگىپ يارىدار بولۇپ كاشغەرگە قايتىپ كىلىپ شۋېتلەر دوختۇرخاناسىدا ياتادۇر. بۇ ئىشلارنى ئاڭلاغان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇۋۋەت ۋە شەۋكەتى كۇندىن كۇنگە ئاشىپ بارادۇر، ئۇلار ئۆزلەرىنىڭ شادلىق، تەنتەنەلەرىنى مۇنداق بىر قوشاق بىلەن ئىفادەلەشەدۇر:

ئىسلام ئاچىلدى قۇمۇلدىن باشلاپ،
خىتايلار قاچتى ۋەتەننى تاشلاپ.

ئىنقىلابنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلەرىنىڭ تەئسىرىدە خىتاي ئەسكەرلەرىنىڭ مەغلۇب بولۇپ قايتىشى، خەلق راينىڭ يۇزدە يۇز مۇجاھىدلارغا تەرەفدار بولۇشى مادارىنىنىڭ ھەمە ئويۇنلەرى ۋە تەدبىرلەرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنداقتامۇ مادوتەي تەقدىرگە تەن بىرمەي كاشغەردەكى ماسكاۋ مۇمەسسىلى (ۋەكىلى) گە ساغىنىپ، ماسكاۋ ئارقالىق چىن مەركەزى نەنجىنگە ھال ئەيتىپ ياردەم سورادى، نەنجىندىن كاشغەرگە ياردەم بىرىشنىڭ ئىلاجى يوق، دىپ جەۋاب تېلگراما كىلدى.

13 - دوختۇر يىلاۋىنكا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ماسكاۋنىڭ كاشغەردەكى ئەلچىخاناسىدا دوختۇرلۇق قىلاتتى، ماسكاۋ قىزىل ھاكىمىيەت قولىغا ئۆتكەندىن كىيىن ئۇ دەۋاملىق كاشغەردە قالىپ ئۆز ئالدىغا بىرمۇئايەنەخانا (دوختۇرخانا) ئاچىپ، دوختۇرلۇق قىلىپ يۇرگەن. شاھى مەردان بولسا ئۇنىڭ شۇ چاغداكى سادىق ياردەمچىسى ۋە خىزمەتچىسى ئىدى.

14 - دوختۇر ئاندىرسون دوختۇر سەلاھىيەتىدەكى مىسسىئونىر (خىرىستىئان دىن تارقاتقۇچىسى)، تۇركچەنى بىلەدۇر، شىۋېت مىللەتىدىن، چىن ھۆكۈمەتى بىلەن شىۋېتسىيە ھۆكۈمەتى ئاراسىداكى كىلىشىمگە كۆرە **42** يىلدىن بىرى شىۋېت دوختۇرخانالارىدا خىزمەت قىلىپ كىلگەن مىسسىئونىرلاردىن بىرى. ئۇ ئۇزۇن مۇددەتتىن بىرى ئالتە شەھەرلىكلەردىن مىڭلاغان ئادەمنى خىرىستىئان دىنىغا ئىشەندۇرۇپ، بۇنى ئۇدۇللۇق ستوكھولمغا يوللاپ تۇرغان.

# مادوتەيىنىڭ يىگى تەدبىرلەرى

مادوتەيىنىڭ مىللەتى تۇڭگان، ئۆزى مۇسۇلمان ھىسابلانغانى بىلەن بىرىنچى دەرەجەلىك خىتايپەرەست ئادەم بولۇپ ۋەتەنداشلارغا ئىچ ـ ئىچىدىن دۈشمەن ئىدى. ئۇ بۇ قاتىم ئاسانلىقچە جان بىرەدۇرغاندەك ئەمەس ئىدى. مادوتەيىنىڭ قولىدا قورال ـ ياراق كۆپ ئىدى. ئۇ بۇنىڭ تۇرتكەسى بىلەن كاشغەر ئەترافىدەكى قىرغىزلاردىن كۆپلەپ ئەسكەر قەبۇل قىلىپ، ئۇلارنى يىگىدىن تەشكىللەنگەن ئالاي (باتالىيون) تەركىبىگە كىرگۈزۈپ شىتەي يامۇلىغا ئورۇنلاشتۇرادۇر. يەنە بىر تەرەفتىن كاشغەرنىڭ بايلەرىنى، ئالىملەرىنى قاشىغا چاقىرتىپ، ئۇلارغا ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇقلا: جاھان خەتەر ئىچىدە قالدى، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى زىياندىن ساقلاپ، شەھەرنى قوغداپ قالىش ئۈچۈن مىللىي قوشۇن تەشكىل قىلىنىشى لازىم، بۇ ئىشنىڭ يۈكى سىلەردەك يۇرت كاتتالارىنىڭ زىممەسىگە چۈشىدۇر، دىگەن سۆزنى قىلىپ ئۇلارنى ئۈچ يۈز كىشىلىك بىر مىللىي قوشۇن تەشكىللەش ئىشىغا قايىل قىلادۇر. شۇنىڭ بىلەن كاشغەرنىڭ ئۆزدەۋرىدەكى چوڭ بايلەرىدىن ئىبراھىم ئاخۇن لوزۇڭ، ئەبدۇررەھىم ئاخۇن بايبەچچە، مۇھىيددىن جان باي قاتارلىقلار مىللىي قوشۇن تەشكىللەش ئىشلەرىگە جىددىي كىرىشىپ كەتەدۇر، بۇ ئىشنىڭ چىقىملارىمۇ شۇلاردىن بولادۇر.

مادوتەي بۇنداق بىر شەرەفلىك مىللىي خىزمەتنى يولغا قويغاندىن كىيىن، بۇ مىللىي ئەسكەرلەرنى تىزگىنلەش ئۈچۈن شەھەردىن، يېزادىن بولۇپ مەيلى مەنسەبدار، مەيلى بەققال، مەيلى گىرۋۈكەش[15]، مەيلى ئەفيۇنكەش بولسۇن نامى خىتايلا بولسا ياشى 13 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغان 36 نەفەر خىتاينى يىغىپ كىلىپ بۇلارنىڭ ئاتا ـ باباسىدىن مىراس قالغان ئۇزۇن كۆكۈلەكلەرىنى سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كالتا كەمزۇل كەيدۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆرۈلگەن ساچلەرىنى كەستۇرۇپ، نىل رەڭلىك ھەربىيچە كىيىم بىلەن ياساندۇرادۇر، مادوتەي

15 ـ گىرۋۈكەش: كاشغەر ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ كۆجۈم يەرلەرىدە، ياخشى جايلارىدا گىرۋۈكەش خىتايلار بولاتتى. گىرۋۈكەشلىك ئالتە شەھەردە كەڭ تارالغان ئىدى. ئالتەشەھەر تۈركلەرىنى قاشاقلىق ۋە فەلاكەتكە ئالىپ بارغان سەبەبلەردىن بىرى مانا مۇشۇ گىرۋۈكەشلىكتۇر. بۇ يەنە چىن ئىمپىريالىزمىنىڭ ئانا سىياسەتلەرىدىن بىرىدۇر.

ھىچقانداق ھەربىي تەئلىم كۆرمەگەن، يۇرۇش - تۇرۇشنى بىلمەيدۇرغان بۇ قارا پايىم خىتايلارنى كاشغەرنىڭ رەستە - بازارلىرىنى چارلاش خىزمەتىگە قويادۇر. ئۇلار ھەر كۈنى دىگۈدەك كوچا ئايلانىپ، مەشكە دەسسەپ خەلققە ھەيبەت كۆرسەتىپ يۈرەدۇر، مادوتەي بۇ ئارقالىق كىشىلەردە ھىلىقى مىللىي ئەسكەرلەرنى مۇشۇلار باشقۇرادۇركەن، دىگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلماقچى بولادۇر.

بۇ كۈنلەردە مادوتەي قىلغان يەنە بىرئىش شۇ بولدىكى، ئۇ خوتەندە قۇرۇلغان ئىسلام ھۆكۈمەتى بىلەن تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن، ئۈز ئەلچىسىنى خوتەن بىلەن سۈلھ تۈزۈشكە ئېبەرتىدۇر، بىراق بارغان ئەلچىلەر قوللارىدا قىلىچ تۇتۇپ، قەدەملەرىدە قان كەچىپ يۈرۈپ جەڭ قىلغان، خىتاي ۋە خىتايچى قەۋملەرگە چىش، تىرناقىغاچە ئۆچ خوتەن ھۆكۈمەتى تەرەفتىن ياخشى جەۋابقا ئېرىشەلمەي قايتادۇر، مادوتەينىڭ شىرىن خەيالى سۇغا چىلىشادۇر.

تۇرپاندىن چىققان مۇجاھىدلارنىڭ مارالباشىغا كىلىپ، ئۇيەرنى ئىشغال قىلغانلىقى توغراسىداكى خەبەرلەر تارقالىۋاتقان شۇكۈنلەردە كاشغەردەكى ئەھۋال تۆۋەندەكىچە كەچمەكتە ئىدى، بولغان ۋاقىئەلەردىن ۋەقتى - ۋەقتى بىلەن خەبەردا بولۇپ تۇرغان جەمئىيەت ئەئزالەرى فەۋقۇلئاددە بىر يىغىن ئۆتكۈزدى. يېغىندا مادوتەينىڭ مەككارلىقىدىن كاشغەر ئەھلىنىڭ ئىسيان قىلىشىغا ئىمكان بولماي، ئۇلارنىڭ باشقا ۋىلايەتلەردەكىدەك مەيدانغا چىقالمايۋاتقانلىقى، بۇنىڭ ئۈچۈن جىددى بىر چارە كۆرۈلۈشى كېرەكلىكىنى چۈرىدىگەن ھالدا قىزغىن تالاش - تارتىشلار بولغاندىن كىيىن ھەممەنىڭ بىردەك قەرارى بويىچە ئەرتەسى بامداتقا ئەزان ئەيتىلىش مەھەلىدە چىتەي يامۇلدەكى قىرغىز ئەسكەرلەرى ئوسمان ئەلىنىڭ قوماندانلىقىدا مادوتەيگە قارشى ئىسيان كۆتۈرەدۇرغان بولۇپ يىغىن ياپىلدى. پىلان بويىچە ئوسمان ئەلى قوشۇنلارىنى كاشغەردىن ئالىپ چىقىپ ئارتۇشقا ئورۇنلاشتى ۋە ئاتۇشنىڭ چوڭ - كىچىكلەرىنى توپلاپ: «ھەممىمىز بىرلىكتە كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىمىز، مادوتەينى تۇتۇپ ئاقسۇدىن كىلەدۇرغان خوجاملارغا تاپشۇرامىز» دىپ پۈتۈن خەلقنى مادوتەيگە قارشى سەفەربەر قىلدى. بۇنىڭدىن غەيرەتكە كىلگەن ئاممانىڭمۇ بىر ئاغىزدىن: «ھازىر ئۇ تەرەفلەردەكى خەلقنىڭ ھەممەسى ئىسيانچىلارغا قوشۇلۇپ، يۇرتلارىدا تولۇق ئىسلام ئاچىپ بولدى، ئۇنداق قىلالماغان پەقەت بىزنىڭ كاشغەرلا قالدى، بۇنىڭ سەبەبى مادوتەي بولسا خىتاي ھۆكۈمەتىنىڭ سىزىقىدىن چىقمايۋاتادۇر،

بىزگە بۇنداق خىتايلىشىپ كەتكەن مۇسۇلمانىنىڭ كېرەكى يوق، ئۇ دوتەيلىكتىن ئىستىئفا بىرسۇن، بىزگە ئىستىقلال كېرەك» دىپ نەئرە تارتقان، «بۇ يولدا جان فىدا، مال فىدا» دىپ بولىشچە توۋلاشقان سادالار بازار- كوچالارنى بىر ئالدى. ھەركىم قولىدا خوشى كىلگەن جىھاد ئايەتلەرى يازىلغان ھەرخىل، ھەر رەڭدەكى بايراقلارنى كۆتۈرۈۋالىشقان، كوچا- كوي، مەسجىد، رەستەلەردە گەپ- سۆزلەرنىڭ بەرى نەۋبەتدەكى ئىسيان ئىشىغا مەركەزلەشكەن، جاھان بىر كۇندەلا باشقاچە بولۇپ كەتكەن، خەلقىنىڭ ئوي- فىكرى، يۈرۈش- تۇرۇشى ھىچ ئىلگىرىگە ئوخشىماس، ھەمە ئادەم بىرخىل شوخ، تېتىكلەشىپ كەتكەن، كۆڭۈللەر كىلگۈسى بەختيار كۇنلەرنىڭ ئىنتىزارلىقىدا ھاياجان ۋە خۇشالىلىققا تولغان ئىدى. شۇ كۇنلەردە ئىستىقلال جەمئىيەتىنىڭ بايراقىغا ئەينى ئەھۋالنىڭ سىمۋولى سىفەتىدە تۈرك شائىرى نامىق كەمالنىڭ بۇ شىئرى يازىپ قويۇلغان ئىدى:

ھەمىيەتلى ئولان مەزلۇمە ئەل چەكمەز مۇرۇۋۋەتتىن
كۆپەكدىر زەۋق ئالان سەييادى بىئىنساپە خىزمەتتىن
كەمەندى جان كۇزازى ئەژدەر قەھر ئولسە جەللادىن
مۇرەججەھ دەرىنە بىلىڭ كەررە زەنجىرى ئەسارەتتىن

تەرجەمەسى:

جەسارەتلىك مەزلۇم مىللەت زۇلمىغا قارشى كۆرەش يولىدىن يانمايدۇ. زالىمغا خىزمەت قىلىشتىن سۆيۈنۈپ يۈرگەن ئوۋچىنىڭ ئىتتىن فەرقى يوق. ماھىيەتتە، جەللاد قولىداكى ئەجدەرھا قەھرلىك جان ئالار سىرتماق قۇللۇق- ئەسارەت زەنجىرىدىن مىڭ ھەسسە ياخشىدۇر.

شەھەر خەلقىنىڭ بۇنچە تەۋرەپ، ھاياجانىغا چۆمۈلگەنىدىن ئەندىشەگە چۈشكەن مادوتەي ئوسمان ئەلگە ئۇنىڭ قايتادىن شەھەرگە كىرىپ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىغا بوي سۇنماغاندامۇ، مۇستەقىل ئىتتىفاقچى كۈچ سىفەتىدە تۇرسا بولادۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۇچۇن دەرھال شەھەر چوڭلارىدىن ئۈچ- تۆت كىشىنى قيمەت باھا سوۋغا- سالامىلار بىلەن ئوسمان ئەلنىڭ قاشىغا ئەلچى قىلىپ چىقارتادۇر. گەرچە بۇ ئەلچىلەر ئارتۇقچا چىقىپ ئوسمان ئەلگە بۇ تەكلىفنى يەتكۈزگەن بولسامۇ، ئىستىقلال جەمئىيەتىنىڭ قەرارى بويىچە، ئوسمان ئەلى مادوتەينىڭ بۇ تەكلىفنى رەد قىلادۇر. مادوتەي ئۆلارنىڭ جەۋابىنى

ئاگلاغاندىن كېيىن، بۇ چارەدىن ئۈمىدىنى ئۈزەدۇر ۋە مۇشاۋىرى خەن دارىن بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن ئۆز بىخەتەرلىكى ھەمدە شەھەرنى ئىسيانچىلار ھۇجۇمىدىن قوغداپ قالىش ئۈچۈن جەسۇر يىگىتلەردىن ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەشكە كىرىشىپ كەتەدۇر. بۇ ئىشنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن خەزىنەدىن يەتەرلىك مەبلەغمۇ ئاجراتىلادۇر. بۇ قوشۇن شۇ چاغلاردا فەرغانەدىن كاشغەرگە كىلىپ ئولتۇراقلاشىپ قالغان ئۆزبېكلەردىن تەشكىل قىلانىپ، جەرنىل ساھىب دىگەن ئادەم قوماندانلىقىقا قويۇلماقچى بولادۇر. بۇنداق ياخشى فۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان ئىستىقلال جەمئىيەتىدەكىلەر تۆشۈك دەرۋازا سىرتىغا توپلانغان ئۆزبېك يىگىتلەرنى ساتىپ ئالدىجان ئارقالىق مادوتەيگە ئەسكەر قىلىپ كىرگۈزەدۇر. مادوتەي بۇ ئەسكەرلەرگە كۆل رەڭلىك ھەربىي فورما تارقاتىپ بىرىپ، يۇسۇپ جان ئىسىملىك بىرىنى باشلىق قىلىپ، يامۇلغا ئورۇنلاشتۇرادۇر. يەنە بىر تەرەفتىن جەرنىل ساھىب قۇم دەرۋازاغا يېقىن بىر سارايىنى باش شتاپ قىلىپ، بىر ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلدى، بۇ قوشۇنغا ھاجىخانادا تۇرۇۋاتقان فەرغانەلىكلەردىن ئوقۇش - يازىشنى بىلەدۇرغان، بىلىملىك كىشىلەردىن ئون ئىككى كىشى فىدائىيلىقىقا تاللاندى. سەمىئ جان قارى، جۆرە باي، يەھيا قارى دىگەن لەر ئەنە شۇلاردىندۇر.

بۇ ئاتلىق قوشۇن جەرنىل ساھىب[16] نىڭ قوماندانلىقىدا ئافغانىستان ئارمىيەسىگە ئوخشاش توپا رەڭ ھەربىي فورما كەيىپ، ئافغان ھەربىي تۈزۈمى بويىچە مەشقلەندۇرۇلدى. ئۇلار پات - پات يامۇلدا ياكى شەھەر ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ پاراتتىن ئۆتكۈزۈلەرئىدى. جەرنىل ساھىبنىڭ ياخشى باشقۇرۇشى بىلەن بۇ ئاتلىق قوشۇن تىزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، مادوتەيگە ياراپ چىقتى. مادوتەيمۇ ئۇلارنىڭ ساننىي ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەرنىل ساھىبقا تولۇق ھوقوق بىردى. جەرنىل ساھىب ھەر جۈمئە كۈنى ئىيدگاھقا كىلىشنى باھانە قىلىپ، قوشۇننى ئامما كۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ پارات قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ مادوتەينىڭ يىگىدىن قۇرغان ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلارىنىڭ ھەممەسى دىگۈدەك مۇكەممەل قوراللاندۇرۇلۇپ، كىچە - كۈندۈز مادوتەيدىن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرادۇرغان ھالەتكە كىلتۇرۇلدى.

---

16 - جەرنىل ساھىب - ئىسمى مۇھەممەد شەرىفخان. ئەمانۇللاخان دەۋرىدە ئافغانىستاننىڭ كاشغەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولغان، ئەمانۇللاخاندىن كېينكى پادىشاھلەر بىلەن چىقىشالماي، ئۆز باشىغا ھەيات كەچۈرۈپ، چەتئەل كەزىپ يۇرگەن زىرەك، ھۇشيار بىر ئادەم ئىدى.

# مىللەتنىڭ ئىنقىلابقا ھازىرلانىشى ۋە مادوتەيىنىڭ ئىستىئفاسى

شۇ چاغلاردا فەرغانەدىن كاشغەرگە كىلىپ قۇم دەرۋازا سىرتىداكى تىگىرمان (تۈگمەن) تاشى بازارىدا ئولتۇراقلاشىپ قالغان ئەبدۇررەھمان[17] ئاكا بىلەن ئۇنىڭ يىقىنى ئىسلام بىك ۋە باشقا يىگىتلەر ئىستىقلال جەمئىييەتى تەرەفىدىن ئوسمان ئەلىنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن فەرغانەدىن كىلگەنلەرنىڭ بىرقىسمى شەھەر ئىچىدە مادوتەي قول ئاستىدا قالغان بولسا، يەنە بىر قىسمى شەھەر سىرتىدا ئوسمان ئەلى قوماندانلىقى ئاستىغا كىردى. بۇ كۈنلەردە مادوتەي قاتتىق جىددىيلىشىپ، ھولۇققان ئۆردەكتەك، ئىككى ياققا تەڭ سۇ ئۈزۈشكە مەجبۇر بولادۇر. ئۇ شەھەرنىڭ بايلەرنى، تىجارەتچىلەرنى ئورداغا چاقىرتىپ، زىياپەتلەر بىرىپ، ئارقادىن ئۇلارغا: « مەن خەلقنىڭ ئارزۇسىغا كۆرە، دوتەيلىك مەنسەبىدىن ئىستىئفا بىرىپ، ئورنۇمغا كاشغەرنىڭ مەشھۇر ۋە نوفوزلۇق كىشىسى بولغان ئۆمەر ئاخۇن باينى تەئيىنلىمەكچىمەن.» دىدى. مەجلىس ئەھلى مادوتەيىنىڭ بۇ فىكرىنى بىردەك قەبۇل قىلىشمادى. بىر قاتار مۇزاكەرەلەردىن كيىن مەجلىس ئەھلىنىڭ قەرارى بويىچە مادوتەي ۋەزىيفەسىدە ئولتۇرۇۋەرەدۇرغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مادوتەي كاشغەرنىڭ كاتتالارنى تەگىشلىك سوۋغالارنى ئالىپ فەيز ئاباد (پەيزىۋات)قا بارىپ كاشغەرگە قاراپ يولغا چىققان مۇجاھىد ۋە غازىلارنى كۇتۇۋالىشقا ۋە ئۇلارنى كەمالىي ئىززەت، ئىھتىرام بىلەن كاشغەر شەھەر ئىچىگە باشلاپ كىرىشكە چىقارتىشنى قەرار قىلدى. مەجلىس ئەھلىمۇ ئومومىيۇزلۇك مۇشۇ قەرارغا كىلىشىپ سۆھبەتنى تەمام قىلدى. ئەرتەسى مادوتەي تەرەفىدىن ئىيدگاھ جامئەسى چوڭ دەرۋازاسىنىڭ باشىغا چوڭ خەتلىك قىلىپ قۇرئانداكى رەھمان سۇرەسىنىڭ باشلامقى ئىككى ئايەتى يازىلغان بىر مىتىر ئۇزۇنلۇقتاكى كاتتا بىر لەۋھە ئاسىپ قويۇلدى، ئىيدگاھ مەيدانى خۇددى بىر تاماشا سورۇنىغا

17 - ئەبدۇررەھمان ئاكا، تەگى فەرغانەنىڭ خان ئاباد شەھەرىدىن. بەگلەر دەۋرىدە مىللىي كۆرەش سەفلەرىدە قۇرباشى بولۇپ خىزمەت قىلغان، رۇس تەجاۋۇزچىلارىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانلارىدا كۆپ كۈچ بىرگەن غەيرەتلىك بىر يىگىت ئىدى.

ئوخشاش ئادەملەرگە لىق تولغان، ھەممەنىڭ كۆزى ئەشۇ لەۋھەدە قالغان ئىدى. شەھەر ئىچىدە يىڭى بىر ئۆزگەرىش، ھەممە ھاياجان ئىلكىدە كىلمەكچى بولغان مېھمانلار، غازىلارنىڭ ئالدىغا چىقىش تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش، ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا: «مادارىن تەسلىم بولۇپتۇر، ئۇ ھازىر مۇجاھىدلارنى كۈتۈۋالىشنىڭ تەييارلىغىنى قىلىۋاتىپتۇدەكمىش» دىگەن گەپلەر تارقىلىپ يۈرەتتى. قىسقاسى خەلق قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە قالغان ئىدىلەر.

مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولغان بۇ ھەيئەت شەھەر خەلقىدىن ئۈچ - تۆت كۈنلەپ ئىئانە توپلادى، ئاندىن بۇ ئىئانەلەرگە مۇجاھىدلارغا ئاتاپ مەخسۇس كەيىم - كىچەكلەر ۋە سوۋغالارنى تەييارلاپ يولغا چىقتى[18]. شۇ كۈنلەردە جەمئىيەتنىڭ پەئئال (ئاكتىپ) ئەئزالەرىدىن ساتىپ ئالدى جان فەيز ئابادتا ھاكىملىق ئۇستىدە ئىدى، بۇ كىشىنىڭ تەلەبىگە كۆرە، كاشغەر ھاجىخاناداكى ئوقۇغۇچىلاردىن بەش - ئالتە كىشى جەمئىيەت نامىدىن يۇقارقى ھەيئەت بىلەن بىرگە ئىبەرتىلدى. كەمال مەخدۇم كاسانى، يولداش قارى قاتارلىقلار ئەنە شۇلاردىندۇر. بۇ كۈندە شەھەردەكىلەرنىڭ كۆپىنچەسى تۆت كۆزى بىلەن قوزغالان باشلانادۇرغان چاغنى كۈتۈۋاتقان بولسا، يەنە بىرلەرى مېھمانلارنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تاقەتى تاق بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. شەھەر ئىچىدەكى بىر ئوچۇم خىتايلار بولسا، مادوتەينىڭ قول ئاستىدا جان ساقلاماقتا ئىدى، مۇ شۇ كۈنلەردە خىتايلاردىن خىلى كۆپلەگەن ئادەم مۇسۇلمان بولدى، ئۇلار ھەر كۈنى كەلىمە تەييىبەنى ئۆگۈنۈش، ئوقۇش، يادلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. كۆپچەلىك خىتايلار قاتارى دۇجەنكومۇ پۈتۈن ئائىلەسى بويىچە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىنى قەبۇل قىلىپ، سەللە، تون كەيىپ مۇسۇلمان قىيافەتىگە كىرىپ، ئۆزى ۋە ئائىلە - ئەۋلادىنى ئامماننىڭ ئۇر - ئۇرىغا قالىشتىن ساقلاپ قالدى.

18 - مېھمانلارنى قارشى ئالىش مەراسىمى ئۈچۈن تەييارلانغان پۇل يەتمەدى. كاشغەردە بىر شىفاخانا قۇرۇش ئۈچۈن يۇرتتىن توپلانىپ بايلارنىڭ قولىدا ساقلانىپ كىلگەن **19800**سەر پۇل بار ئىدى. بۇ پۇلدىن **9500**سەر ئالىنىپ قارشى ئالىش مەراسىمىغا خەرجلەندى، قالغان پۇللار ھەركىملەرنىڭ يانچۇقىدا غايىب بولغالى تۇرغاندا، شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمەتى قۇرۇلغاندىن كيىن دوختۇر يىلاۋىنكا دىن قالغان قورۇدا قۇرۇلغان شىفاخاناقۇرۇلۇشىغا ئىشلەتىلدى. بۇ ئاشىندا پۇللارنى شىفاخاناغا تاپشۇرغان مۇھتەرەم ئەھمەد پاختا جەنابلارىغا «قىزىل ھىلال ئاي شىفاخاناسى» بۈتۈن مىللەت نامىدىن ئۆز تەشەككۇرىنى بىلدۇرەدۇر.

# كاشغەرگە قىلىنغان ئۈشتۈمتۈت ھۇجۇم

جەمئىييەت قەرارىغا كۆرە، **1933** ـ يىلى **2** ـ ئاينىڭ **2** ـ كۈنى (سىھشەنبە) تاڭ ۋەقتى بىلەن ئوسمان ئەلى قوماندانلىقىدا ئارتۇش تەرەپتىن كىلگەن قىرغىزلار، ئارتۇشلۇقلار بىرلەرى مىلتىق، قىلىچلارنى، بىرلەرى پالتا ـ گۈرجەكلەرنى ۋە يەنە بىرلەرى يەئقۇببەگ دەۋرىدىن قالغان چوقۇما مىلتىق (قارا مىلتىق) لارنى كۆتۈرگەن ھالدا ئاتلىق، پىيادە بولۇپ كاشغەرگە ئوموميۈزلۈك ھۇجۇم باشلادى. الله اكبر ساداسى بىلەن تەڭ ھەر تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلانىشقا باشلادى، مۇجاھىدلارنىڭ ئەترافىغا توپلانغان خەلق توپى ئامىن، ئامىن دىپ توۋلاشىپ ئۇلارغا مەئنەۋى كۈچ ئاتا قىلماقتا ئىدى. خىتاي قوشۇنىغا خۇددى قويغا يۇگۈرگەن بۆرەگە ئوخشاش ھۇجۇم قىلىۋاتقان بۇ مۇجاھىدلار كۆزگە كۆرۈنگەنلا خىتاي بولسا ئۆلتۈرۈپ تاشلادى. ئۇلار يارباغ دەرۋازاسىغا يىقىن بىر يەردىن سىپىلغا يىقىنلاشتى ۋە يان باغرىدىن سىپىل ئۈستىگە چىقىشقا تىرماشتى، باشتا ئاتلىقلار ئاندىن پىيادەلەر سىپىل ئۈستىگە چىقىپ ھەممەسى بىر ئاۋازدىن تەكبىر ئەيتىشتى. تەكبىر ساداسىنى ئىشتكەن خىتاي ئەسكەرلەرى ئۆتى يارىلغۇدەك قورقۇشۇپ تەسلىم بولۇپ قول كۆتەردىلەر، قاچقانلارى تۇتۇلۇپ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى، قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلمەي قالغانلار، پوتەي ئىچىدەكى خىتايلار ئەسرگە چۈشتى.

ھۇجۇمچى يىگىتلەر سىپىل ئۈستىدىن ئات چاپتۇرۇپ يارباغ دەرۋازاسىنىڭ ئۈستىگە كىلگەن ئەسنادا، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۇجۇم پىلانى بويىچە شەھەر ئىچىدەكى مادوتەي قوشۇنىدەكى فەرغانەلىك ئەسكەرلەر قورال‌لىق ھالدا ئورىدادىن چىقىپ ئۇدۇل كىلىپ يارباغ دەرۋازاسىداكى خىتاي قاراۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ دەرۋازانى مۇجاھىدلارغا ئاچىپ بىردىلەر. ئىچكىرىدىن فەرغانەلىك ئەسكەرلەر، سىرتتىن ئاتۇشتىن كىلگەن كۈچلەرنىڭ ئۈتۈقلۇق بىرلەشىپ جەڭ قىلىشى، خەلقنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشى ئارقاسىدا شەھەر ئاخىر قولغا كىلدى.

ھەر تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇملار نەتىجىسىدە شەھەر دەرۋازالارىنىڭ تولۇق ئاچىلىپ بولغانلىقىنى كۆرگەن مۇسۇلمان خىتايلار (شۇنىڭ ئالدىدا مادوتەينىڭ باشلامچىلىقى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسىملەرىنى ئىسلام ئاخۇنغا

ئۆزگەرتىشكەن خىتايلار) نىڭ كۆپچىلىكى ئۆيلەرىدە ساقلاۋاتقان قورالللارىنى ئالىپ چىقىپ مۇجاھىدلارغا قاراتىپ ئوق چىقارىشقا، قىلىچ چاپىشقا باشلاپ، ئۆزلەرىنىڭ مۇرتەد بولۇشقانلىقلارىنى ئىسپاتلاشتى. بۇنى كۆرگەن، بىلگەن شەھەر خەلقىنىڭ قانى قىزىپ، خىتاي دىگەن بەرىبىر خىتاي، قارا خىتاي مۇسۇلمان بولماس، قىرى دۇشمەن دوست بولماس، دەيىشىپ، مەيلى چوڭدۇر، مەيلى كىچىكتۇر نەدە خىتاي بولسا ئەمان قويمادى. بۇتخانالار بۇزۇپ تاشلاندى. مۇسۇلمان بولغان خىتايلارنىڭ دىنىدىن يانغۇلىشى نەتىجەسىدە شەھەر ئىچىدەكى گىروۋكەش خىتايلاردىن تارتىپ بارچە خىتايلار تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۆيلەرى، ماللارى تالاندى، تىرىك قالغانلارىمۇ ئاغىردىن ئاغىر تاياقتا تۇتۇلدى، نەدە خىتاينىڭ ئۆيى بولسا شۇ يەرگە بەش بارماقتەك مىغ ـ مىغ ئادەم توپلانغان، ئۇر خىتاينى، سۇر خىتاينى، سۆرەپ چىق، ئۆلتۈرمەي قويما، دىپ بولۇشچە ۋاقىراۋاتقان ئاۋازلار ھەممە ياردە ئاڭلىناتتى.

كاشغەر ئالىنغان كۈنى ئۇر ـ ئۇر، سۇر ـ سۇر بىلەن كۈن ئۆتتى، ئەمدى شەھەر پۈتۈنلەي مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتتى، ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتمىگەن پەقەت مادوتەي قامىلىپ تۇرغان دوتەي يامۇلى قالغان، مۇجاھىدلار بۇيەرنى تۆت تەرەفتىن مۇھاسىرىگە ئالىپ، ئوقتا تۇتۇپ مادوتەي ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلەرىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىپ تۇراتتى. مادوتەيمۇ بوش كىلمەستىن، يامۇلنىڭ تاملارى ۋە بۇرج (پوتەي) لەرىگە خىتاي ۋە تۇڭگانلاردىن بولغان تەرمە ئەسكەرلەرىنى چىقارىپ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە ئالىشىشقا بەل باغلاغان ئىدى.

# كاشغەردە تۇنجى دوختۇرخانانىڭ قۇرۇلۇشى[19]

نەچچە ئايلاردىن بىرى مۇشۇ پەتەھ كۈننى تۆت كۆز بولۇپ كۈتۈپ شەھەرنىڭ سىرتىداكى ھاجىخانادا ياتىپ قوپۇپ كىلىۋاتقان ئىستىقلال جەمئىيەتى ئەئزالەرىدىن خانىي ئەپەندى ۋە بۇ سەھىپەلەرنى قارا بوياپ تۈرغۇچى كەمىنە ئىككىمىز فۇرسەتتىن فائىدەلانىپ يارباغداكى ختاي زەمانىدا باجخانا قىلىنغان جاينىڭ قارشى تەرەفىگە جايلاشقان باغ - ۋارانلىق، ئۆيلەرى كۆپ، كەڭرى مەيدان - سەينالەرى، چوڭ - چوڭ ئامبارلەرى بار بىر قورۇنى ھويلاسى بىلەن قوشۇپ ئالىپ دوختۇرخانا قىلىپ ئۆزگەرتتۇق . بىز ئالدى بىلەن كوچالاردا، سىپىل ئاستىدا، شەھەر ئىچىدە ئوق تەگىپ يىقىلغان، ئاھ-ۋاھ بىلەن پەرياد قىلىپ ياتقان ياردارلارنى خەستەخاناغا ئالىپ كىلدۇق. مەجرۇھلار ئالدى بىلەن يەرگە ياتقۇزۇلدى، بىر تەرەفتىن ياغاچچى ئۇستالارنى چاقىرىپ چارپايە (كارۋات) لەرنى ئەتتۇردۇق. ياردارلارنى داۋالاش، يارالارنى تاڭىش ئۈچۈن شۇ چاغدا كاشغەردە تۇرۇۋاتقان تۇرغۇن ھەكىم[20] نى ئەكەلدۇق. ئۆيلەردىن، ھاجىخانادىن كارۋاتلارنى كىلتۇرۇپ، ياردارلارنى ياتقۇزدۇق، ھەكىم ئىسپىرت، پاختا، يود، خىن ئاسپىرىن، يودا فورم دىگەن دورىلارنى ئۆز ئۆيىدىن ئەكىلىپ ئۇلارنىڭ يارالارنى تاڭدى. مەنمۇ ئەندىجان كوچاسىداكى بەززازلىق (گەزمالچىلىق) دۇكانىمدىن شفاخاناغا كىرەكلىك گەزلەمە، بىگىز، داكا، كىرلىكلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاغان زەرۇر نەرسەلەرنى تىزلىكتە كىلتۇردۇم. ياردارلارنى كارۋاتلارغا ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇرغاندىن كيىن، بارا - بارا ئۇلارنىڭ كۆزلەرى ئاچىلىپ، يۈزلەرىگە كۆلكە يۈگۈرگەندە بىزنىڭمۇ يۈزىمىزگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خەتەر چاڭگالىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىغا چەكسىز شادلاندۇق ۋە بۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن جەنابى ئىگەمىزگە مەدھىيە، ئالقىشلارنى ئەيتتۇق.

19 - يەئقۇب بەگ ھاكىمىيەتى يىقىلغاندىن كيىن ئالتە شەھەرنى ختايلار باشقۇردى. ختايلارنىڭ **57** يىللىق ھاكىمىيەت دەۋرىدە كاشغەردە بىرمۇ دوختۇرخانا قۇرۇلمادى. كاشغەرنىڭ يەرلىك كىشلەرى، ئەھلى ھىممەت بايلەرىدىنمۇ بۇنداق بىر خەيرلىك ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن ئادەم بولمادى.

20 - تۇرغۇن ھەكىم – تەگى مەرغىلاندىن. مۇھاجىر، تىبابەتكە ماھىر ھەكىيم، ئىستىقلال جەمئىيەتىنىڭ ئاكتىپ ئەئزاسى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ اللە نىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا كۆكرەكلەرىنى ئوققا تۇتقان فىدائىيلاردىن خەستەخاناغا كىلتۈرۈلگەن ياردارلارنىڭ شۇ كۈنكى سانى ئون سەككىزگە يەتتى، بىز ئۇلارنىڭ ھەممەسگە تەگىشلىك دەۋالاشلارنى ئالىپ باردۇق. شۇ كۈنى شام نامازىدىن كىيىن ياردارلارنىڭ ئاتا ـ ئانالارى، ئاكا ـ ئۇكالارى ئۇلارنى ئىزدەپ خەستەخاناغا كىلىپ، ياردارلارنىڭ تىنچ ئارام ئالىۋاتقانلىقلەرىنى كۆرگەندە ئۇلار خوشلىقنى باسالماغان ھالدا كۆزلەرىگە ئىسسىق ياش ئالىشتى، ئۇلار ئۆز قارىنداشلارىنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا قۇتقۇزۇپ قالىنغانلىقنى بىلىپ ھەققىمىزدە ساناپ تۈگەتكۈسىز دۇئايى خەير (ياخشى تىلەك) لەرنى تىلەشتى. ئەرتەسى ئەندىجان كوچاسىداكى مەسجىددىن تاشكەنتلىك مۇھىيددىن مەخدۇم دىگەن ماھىر دوختۇرنى چاقىرىپ كىلدۇق، ئۇ تۇرغۇن ھەكىم بىلەن بىرگە ياردارلارغا قارادى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىفاخانامىزنىڭ مۇھىتىمۇ كۆپ ياخشىلانىپ، يورۇق، ئازادە، پاكىزە ھالەتكە كىلتۈرۈلدى، ياردارلار سانىمۇ يۈزدىن ئاشتى. تاماق ئەتىش، قورو ئىچىنى رەتلەش، كۈزەتچىلىك، تازىلىق، ئورۇن ـ كۆرپەلەرنى تۈزەش، كىرلىكلەرنى، بالىش (ياستۇق) لارنى تىكىشتۈرۈش، ئاغرىقلارغا قاراش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن بەش ـ ئالتە ئادەم سەفلەندى. ئاغرىقلار ياتاقخاناسى (بالنىست) داكى ھەر ئىككى كارۋاتنىڭ ئارالىقنى بىردىن ئىشكاپ، ئورۇندۇق قويۇپ بىزەدۇق. دەۋاملىق كىر يۇيادۇرغان ئىككى ئەيال خىزمەتكە ئالىندى. دەۋالاش ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتەدۇرغانلارنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن ئەبدۇللاھ ھاجى ئىسىملىك بىر ئادەم قويۇلدى. دەمەك، دوختۇرخانامىز ئەبدۇللاھ خانىي ئەپەندىنىڭ قاراشىچە، تاشكەنت شىفاخاناسىدىن، مەنىڭ قاراشىمچە، كابۇل شىفاخاناسىدىن قالىشمىغۇدەك دەرەجەدە دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرادۇرغان بىر شىفاخاناغا ئايلاندى.

شۋېتلاردىن دوختۇر ئاندىرسۇن، ئاق ئورۇسلاردىن دوختۇر يىلاۋىنكا، ئەنگلىيە ئەلچىخاناسىدىن دوختۇر شىمىدت، ساۋېتلەر ئەلچىخاناسىدىن ئايال دوختۇر سىسيايوۋا قاتارلىقلار شىفاخانانىڭ ئۆز دوختۇرلەرى بولغان تۇرغۇن ھەكىم، مۇھىيددىن مەخدۇم، شەھەر ئىچىدىن بىر گىرىك دوختۇر (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالىپتۇرمەن) لار بىلەن بىرلىكتە شىفاخانانىڭ ھەرقايىسى خىزمەتلەرىگە ئاكتىپ ماسلاشىپ، قاچان ئىش چىقسا شۇ چاغ ھازىر بولۇپ، ئاغرىقلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەبەر ئالدى. ئاغىر كىسەللەر، بولۇپمۇ

ئوپېراتسىيە قىلىنادۇرغان كىسەللەر كېلگەندە دوختۇرلار ئۆز ئارا گۇرۇپپىلاشىپ بىرلەشمە تەشخىس (دىئاگنوز) قويۇش ۋە داۋالاش ئېلىپ باردى.

# ھەياتتەكى ماددىي ۋە مەئنەۋىي لەززەت

ھەياتتە لەززەت مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇر دەيىشەدۇركەن: بىرى ماددىي لەززەت، بۇنىڭ ئەڭ يۇقارى پەللىسىنىڭ جىمائ (جىنسىي يېقىنچىلىق) ئىكەنلىكىگە ھەركىم قايىل بولسا كېرەك. ئىككىنچىسى مەئنەۋىي لەززەتتۇر. بىلىمدار ۋە ئەقىلدارلارنىڭ بۇ ھەقدەكى قاراشلارى بىردەك ئەمەس. بىرى بۇ مەئنەۋىي لەززەتنى بايلىق، باياشاتلىق دەسە، يەنە بىرى ئىززەت، ھۆرمەت دەيدۇر، بىرى كەيفۇ - سەپا، خۇشھال - خۇررەملىك دەسە، يەنە بىرى بىلىم، ھۈنەر دەيدۇر، يەنە بىرلەر بولسا مەئنەۋىي لەززەتنىڭ ئەڭ يۇقارىسى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلىشتۇر، دەيدۇر. بىزنىڭ بۇ تەبىرلەردىن پەقەت بىرىنىلا قوللاپ، قالغانلارنى يوققا چىقارىش سەلاھىيەتىمىز يوق. ئەمما قىرى دۈشمەن، ئەسكى (كوھنا) دۈشمەن - خىتايلارغا غالىب بولۇشتاكى لەززەتنىڭ خوشلىقى باشقا ھەرقانداق ماددى لەززەتتىن ئۈستۈن كىلدى. مەن شۇ چاغلاردا ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن، يىگى ئۆيلەنگەن يىگىت ئىدىم، ھەيات يولداشىم 14 ياشلاردىن ئاشقان ئىدى. ئادەتتە، ئائىلەم بىلەن كۆرۈشۈش مۇمكىنچىلىكى بولماي، ھەپتەلەر، ئايلار ئۆتۈپ كەتەتتى. شۇنداقتامۇ يۇرتداشلارنىڭ غەلەبە شادلىقىدىن راھەتلەنىشلەرىگە ئەگىشىپ مەنمۇ راھەتلەنىپ قالار ئىدىم. كىچەنى كۈندۇزگە ئۇلاپ ئىشلەپ، بىر ياندىن جان، بىر ياندىن قان بىرىپ، پۇل - ماللارىمنى چىقىملاپمۇ يەنە چارچىمايتتىم، ئىشقا تويماس ئىدىم. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۆت ئورۇنداكى (شىفاخانا، مەئارىف نەزارەتى، مالىييە نەزارەتى، باش ۋەكىل مەھكەمەسىدەكى) ۋەزىيفەمنىڭ ھۆددەسىدىنمۇ چىقىپ ئۈلگۈرەتتىم.

شۇنداق قىلىپ، شىفاخانانى قۇرغانلار بۇ قۇرلارنى يازىپ تۇرغۇچى كەمىنە ئاجىز بەندە بىلەن خانىي ئەپەندى ئىككىمىز بولدۇق. مەنىڭ شىفاخانانىڭ ئىشلارىغا جان كۆيدۇرۈپ كىلىۋاتقان خانىي ئەپەندىدىن ھىچ ئارقادا قالغۇم كىلمەيتتى. كىچە - كىچەلەپ ئىشلەپ كەتەتتىم، شۇ يەردە ئۇخلايتتىم، ئۇرۇش بولۇپ قالغان كۈنلەرى شىفاخانا خادىملارىنىڭ تەلەبلەرىنى ئاقساتماي ئورۇنداپ بىرەتتىم. بۇ قىزغىنلىق، بۇ ھارىپ - چارچىماسلىقنىڭ سەبەبىنى بىلەمسىز؟

بۇ ئەلبەتتە دۈشمەننى مەغلۇب قىلغانلىقىمىزنىڭ خوشلىقى ـ لەززەتىدىن بولۇۋاتاتتى. مانا بۇ ھەققانىيەتنى ئۈستۈن قىلىش نىيەتى بىلەن مەيدانغا ئاتلىنىپ چۈشۈپ، جەنابى ھەق ئەتا قىلغان زەفەر ۋە نۇسرەتنىڭ ھۇزۇر ـ ھەلاۋەتى بىلەن ئاللابىر ماددىي لەززەتلەرنىڭ ئارقاغا تاشلانىپ قالغانلىقىنىڭ يارقىن دەلىلى ئەمەسمۇ؟ كەمىنە غايەت قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەپ، زادىلا ئىشتىن چارچاپ قالماغان بولسامىمۇ، بىراق، كۈتۈلمەگەندە ئاغرىپ قالدىم. ئاغرىپ **26** كۈن بولغاندا ئۆيگە قايتىپ كىردىم. بىر نەچچە كۈنلا ئارام ئالىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئىش ئورنىغا چىقىپ كەتتىم. شۇ يوسۇندا **19** كۈن ئۆتكەندە ئىككىنچى قېتىم ئۆيگە قايتىپ ئارام ئالىشقا فۇرسەت بولدى. شەرقىي تۈركىستانداكى مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى ئەنە شۇنداق تىنىمسىز چالىشىش، تىرىشىش، فىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ ئۆيقۇ ـ ئارامنى ھەرام قىلىش بەدەلىگە ئىشقا ئاشتى.

# تۆمۈر غازىنىڭ كاشغەرگە كىلىشى

كاشغەر شەھەرى مۇجاھىدلار قولىغا ئۆتۈپ تۆت، بەش كۈن ئۆتكەندە تۆمۈر لۈيجاڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ كاشغەرگە ياقىنلاشىپ قالغانلىق خەبەرى كىلدى. شۇنىڭ بىلەن **1933** - يىلى **5** - ئاينىڭ **2** - كۈنى شەھەرنىڭ بارلىق كاتتالارى، يۇرت مۇھتەرەملەرى شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئۇلارنى تەگشلىك تەنتەنە، داغدۇغا بىلەن كۇتۇۋالدى. تۆمۈر غازى مەھمۇدخان باي بەچچەنىڭ باغىگە قەرارگاھ قۇردى. ھەمدەم بەگ ھاجىم، ئەلى ھاجىم، ھامىدخان تېڭجاڭ ۋە باشقا ھەمراھلەرى ئەترافتاكى ئايرىم - ئايرىم سارايلارغا ئورۇنلاشتى. ئاقسۇ ۋە كۇچارنىڭ يۇرت باشىغا ئايلانغان تۆمۈر غازى كاشغەرگە كىلگەندىن كيىن، بۇ شەھەرنى ئىدارە قىلىش ھوقوقى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلەشىپ، پەرمان، بۇيرۇقلار «ئەمىرۇلمۇئمىنىن» (مۇئمىنلەرنىڭ باشلىقى) تۆمۈر غازى نامىدىن تارقاتىلادۇرغان بولدى. بىر ھەپتەدىن كيىن، ئۇزۇندىن بۇيان تۆمۈر غازى بىلەن ھەمكارلاشىپ جەڭ قىلغان تۇڭگان ئەسكەرلەرىنىڭ باش قۇماندانى مازىخۇي (ماجەنساڭ) قوشۇنلارى بىلەن كاشغەرگە يەتىپ كىلدى. تۆمۈر غازى ئۇلارنى ئۆز ھىمايەسىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلار بىلەن تۇڭگانلار ئاراسىدا توقۇنۇش بولماي، ئىككى ئارادا ئىتتىفاقلىق ئورناتىلدى. بۇ كۈنلەردە فەيزئاباد (پەيزىۋات) تا ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ساتىپ ئالدىجان سەفداشلەرى بىلەن كاشغەرگە كىلدى. ئۇ تۆمۈر غازىنىڭ زور ئىلتىفاتىغا ئېرىشىپ، شەھەر مۇھافىزى (ساقچىلار باشلىقى) لىق مەنسەبىگە تەئيىنلەنىپ، ئىيدگاھتاكى كېسەك سارايغا ئۆز ئىدارەسىنى قۇردى.

# مىللەت مەجلىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

شەھەر مۇھافىزى ساتىپ ئالدىجانىنىڭ ئالدى بىلەن قىلغان ئىشى جەمئىيەت ئەئزالەرىدىن بولغان زىيالىلارنىڭ تەشەببۇسى ئارقاسىدا كاشغەرنىڭ بايلەرى، نوفوزلۇق كىشىلەرى بىلەن كېڭەشىپ، تۆمۈر غازىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن جايلاردىن كىلگەن ۋەكىللەر، بولۇپمۇ، ئاقسۇ، كۇچار، تۇرپان، قارا شەھەرلەردىن قوشۇن باشلىقى سىفەتىدە كىلگەن ئەئلەم ئاخۇنۇم ۋە ھەمدۇللا ئاخۇنۇم قاتارلىق مىللەت سەرخىللەرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن كاشغەردە مىللەت مەجلىسىنى ئۇيۇشتۇردى. تۆمۈر غازى باشلىق بىر بۆلۈك ھەربىي قۇماندان، مەئمۇرلار مىللەت مەجلىسىنىڭ  فەخرىي ئەئزاسى بولدى. قالغان ئەئزالار ئىستىقلال جەمئىيەتىنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق ئەئزالەرى، كاشغەر، ئارتۇشنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇقۇمۇشلۇقلارى، مۇنەۋۋەرلەردىن تەركىپ تاپتى. مىللەت مەجلىسىنىڭ قەرار قىلىشى بىلەن تۆمۈر غازىنىڭ ئىلگىرىكى لۇيجاڭلىق ئۇنۋانى سىجاڭلىق ئۇنۋانىغا، ئوسمان ئەلىنىڭ لىيەنجاڭلىق ئۇنۋانى لۇيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلدى. داموللا شەمسۇددىن ئاخۇنۇم كاشغەرنىڭ ھاكىملىقىغا سايلاندى. سابىق ۋالى مادارىنىنىڭ ۋالىلىقى ئالىپ تاشلانىپ، ۋالى (دوتەي) لىققا يۇنۇسبەگ سايلاندى، مادارىنىنىڭ ۋالىلىق خىزمەتى ۋە مۇھر (ۋالىلىق تامغاسى) نى تىزدىن يۇنۇس بەگكە تاپشۇرۇپ، ئۆزى خاھلاغان بىر جايدا ئەركىن ياشاسا بولادۇرغانلىقى كەسكىن  قەرار قىلىندى. مىللەت مەجلىسىنىڭ بۇ رەسمىي قەرارى بارچەگە ياراغان بولسامۇ، لىكىن، مادوتەي بۇ قەرارنى قەبۇل قىلمادى. بۇنىڭ سەبەبلەرىدىن بىرى كاشغەرنىڭ يۇقارى قاتلامداكى كاتتا، نوفوزلۇق ئادەملەرى مادوتەينى قوللايتتى. يەنە بىرى يىڭى شەھەردە تۇرۇۋاتقان مازىخۇي قۇماندانلىقىداكى تۇڭگان كۇچلەرى مادوتەيگە يان باسىۋاتاتتى. مادوتەينى قوللاۋاتقان كاشغەرلىكلەر بولسا، مادوتەي كاشغەر ئەسكى شەھەردە بۇرۇنقىدەك دوتەي بولۇپ قالىۋىرىشى، تىڭجاڭلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇشى، تۇڭگانلار يىڭى شەھەردە تۇرۇشى، ھۆكۇمەت ئىشلەرىنى ھەممەتەرەف ئۆز ئارا ئىتتىفاقلاشىپ يۇرگۇزۇشى كىرەك، دىگەن تەلەبدە ئىدىلەر. ئەمەلىيەتتە، مادوتەينىڭ ئىلگىرىكى يۇرت باشقۇرۇشى، يۇرت چوڭلارى ۋە بايلار ئالدىداكى

ياخشىچاقلىقى، ئۇندىن باشقا جۇ دوتەي (جۇرۇيچى) دىن كېيىن يۈز بىرگەن بىر قاتار ئىشلار كاشغەردەكى بايلار، تىجارەتچىلەرنى مادوتەيگە مايىل قىلىپ قويغاندەك قىلاتتى. بۇندىن باشقا سەبەبلەرنى مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەرىمىز ئۆزلەرى بىلىۋالغاي.

# مادوتەيىنىڭ تەختتىن چۈشۈپ يۇنۇسبەگنىڭ ۋالى بولىشى

مادوتەي مىللەت مەجلىسىنىڭ قەرارىنى قەبۇل قىلماغاندىن كيىن، مىللەت مەجلىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن جىددىي ھازىرلىق كۆرۈلۈپ پەنجشەنبە كۈنى سەھەر پەيتىدە مۇجاھىدلار دوتەي يامۇلىنى مۇھاسىرەگە ئالدى. يەنە بىر تەرەفتىن بارلىق سارايلارداكى تۇڭگان ئەسكەرلەرىنى تۇتۇپ قورالسىزلاندۇردى.

شۇ كۇنلەردە تۆمۇر سىجاڭ ساتىپ ئالدىجاننىڭ دەرەجەسىنى ئۈستۇردى ھەمدە يىگىتلەرىنى كۆپەيتىپ، ئۆزبېك قوشونى تەشكىللەشكە رۇخسەت بىردى. بۇ فۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ساتىپ ئالدىجان تىزلىك بىلەن ھەرەكەت قىلىپ ھاجىخانا ۋە باشقا جايلارداكى مۇھاجىرلارنى ئەترافىغا توپلاپ ھەممەسىنى قورالّاندۇرۇپ، پەرمانغا ھازىر ھالەتكە كىلتۇردى. مادوتەيىنى مۇھاسىرەگە ئالىشقا بۇ يىگى ئۆزبېك ئەسكەرلەرمۇ قاتناشتى. شۇ كۇنلەردە ئۆزبېكلەر زور فىداكارلىقلارنى كۆرسەتتى. ئۆزبېكلەر قوشونىداكى قازى ئەسكەر (قوشۇن قازىسى) مۇھەممەدجان ئاكا ئات ئۈستىدە ئەسكەرلەرنى ئايلانىپ يۈرۈپ ئۆلارنى جەڭنى ياخشى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ يالقۇنلۇق نۇتقلارنى سۆزلەيتتى. شۇكۇنى بولغان جەڭدە ئۇ ئۆز كۆچى بىلەن تۇڭگانلاردىن يەتتە تال ئالتە ئاتار ياپۇن مىلتىقىنى ئولجا ئالدى. باشقا ئۆزبېك يىگىتلەرىنىڭ كۆرسەتكەن ھىممەتلەرى مانا شۇنىڭغا قياس قىلىنغاي. بۇ كۇنكى جەڭ قاتتىق بولدى. ئۆزبېك ـ قىرغىز ئەسكەرلەرنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى مادوتەي قوشونىنى خىلى بەك ھالسىراتتى. نەتىجەدە، مازىخۇي ئاراغا چۈشۈپ مادوتەيىنى مىللەت مەجلىسىنىڭ قەرارىنى قەبۇل قىلىشقا كۆندۇردى. مادوتەيمۇ تۇڭگانلارنىڭ ھەربىي ۋە مۇلكىي خادىملەرىنى يىگى شەھەردە تۇرغۇزۇش تەلەبىنى قويدى. تۆمۇر سىجاڭ ئۇنىڭ بۇ تەلەبىنى قەبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مادوتەي يامۇلىنى بوشۇتۇپ بىرىپ، نەقد (نەخ) پۇل ۋە باشقا پۇللۇق، باھالىق نەرسەلەرنى مەئافە (مەپە) لەرگە باسىپ، سەرمەندەكى ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ باغىغا چىقىپ كەتتى. 1933 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 كۇنى تۆمۇر سىجاڭ يامۇلغا تەنتەنە بىلەن كىرىپ

كىلدى. يۇنۇس دارىنمۇ ئۆز مۇئاۋىنلەرى، قول ئاستىداكىلەرى بىلەن دوتەي يامۇلغا كىرىپ مەنسەبىگە مۇناسەبەتلىك تامغىلارنى ۋە دەۋلەتكە ئەلاقەدار ئارخىپ، ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالىپ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆز خىزمەتىگە كىرىشىپ كەتتى.

# تۆمۈر سىجاڭ زەمانىدە بولغان ئىشلار

مۇستەبىد چىڭ ھۆكۈمەتىگە ئون سەككىز يىل سەداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان، مۇجاھىدلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان دۈشمەن مادوتەيگە تۆمۈر سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ نىزامۇددىن ئەپەندىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسلەھەتچىلەرى تەرەفىدىن ئازادلىق بىرىلىپ سەرمەندەكى باغقا قويۇپ بىرىلدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ پەرمانى بىلەن ئوسمان ئەلى لۈيجاڭلىق ئەمەلىگە مۇناسىپ ھالدا شەھەر ئىچىدەكى شەتەي يامۇلغا ئورۇنلاشتى. ھامىد تىجاڭ، ھەمدەمبەگ ھاجىم، ھافىز تىجاڭ ۋە باشقا قۇماندان، ئوفىتسىرلار ئايرىم - ئايرىم جايلارغا ئورۇنلاشتى. تۆمۈر سىجاڭ ئەسكەرلەرىنىڭ سانى ۋە دەرەجە فەرقىگە قاراپ قۇماندانلارىنىڭ دەرەجە، ئەمەللەرىنى ئۆستۈردى. شۇ قاتاردا ساتىپ ئالدىجاننىڭمۇ ئەمەلى ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەسكەرلەرىگە بىر خىل پاسۇندا كالتا كەمزۇل، شىم تارقاتىپ بىرىلدى. باشقا تىجاڭلارغا ئوخشاش ساتىپ ئالدىجانمۇ ئۆز قوشونىنى كۆچەيتىپ ئۇلارنىڭ سانىنى **300** نەفەردىن ئاشۇردى. ئۇ ئەسكەرلەرىگە جەڭ مەھارەتلەرىنى ياخشى ئىگەلەتىپ، ئۇلارنى ھەپتەدە ئىككى قاتىم بازار- رەستەلەرنى ئايلاندۇرۇپ مەشكە دەسسەتىپ تۆمۈر سىجاڭغا سالام بىرگەلى يامۇلغا كىلەر، سالامدىن كىيىن يەنە قەرارگاھلارىغا قايتار ئىدىلەر.

# ۋالى يۇنۇس بەگ قىلغان ئىشلار

يېڭى ۋالى يۇنۇسبەگ مۇئاۋىنى ئەبدۇررەھمان ئەپەندى بىلەن بىرگە تۆمۈر سىجاڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا يېڭى خىزمەتىنى باشلاۋەتتى. ئۇنىڭ ۋالىلىققا ئولتۇرۇپ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى مەئارىپ ئىدارەسىنى قۇرۇپ چىقىشقا بۇيرۇق بېرىش بولدى.

مەئارىپ ۋە ئەۋقاف ئىشلەرى مۇدىرلىقىغا ئەبدۇلكەرىم خان مەخدۇم دېگەن كىشى قويۇلدى. ئىككىنچى قىلغان ئىشى كاشغەر ئىشغال قىلىنغان كۈنى قۇرۇلغان خەستەخانامىزنى، ئۇندىن كېيىنرەك ئاچىلغان «قىزىل ھىلال ئاي» جەمئىيەتىنى رەسمي ئىئتىراف قىلىپ دەۋلەتلىك ئورگان قىلىپ بېكىتىشى بولدى. شۇ كۈنلەردىن باشلاپ يۇرت خىلى تىنچىپ قالغاندەك بولدى. كاشغەر كوھنا شەھەرىدە ھەممە دېگۈدەك ئازادە كەيفىييەت، ئەركىن ئوي ـ فىكرگە ئىگە بولۇپ، بارلىق ساھەلەردەكى خىزمەتلەر كىچەنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جىددىي ئىشلەنمەكتە ئىدى. بۇ يەرگە كىلگەندە شۇكۈنلەردەكى ۋەزئىيەتنى بىر ئاز بەيان قىلىپ ئۆتۈش فائىدەلىك كۆرۈلدى. ئالدى بىلەن قوي پوستىغا ئورۇنۇۋالغان بۆرە بولۇۋالىپ بىزگە دوست بولۇپ كۆرۈنگەن تۇڭگانلار توغرالىق توختالۇرمىز.

تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مازىخۇينىڭ كىلىشمى بىلەن مادوتەي دوتەيلىكتىن قالدۇرۇلۇپ يامۇلدىن چىقىپ كەتكەندىن كىيىن ئەركىنلەشىپ قالغان مازىخۇيلار يېڭى شەھەرگە چىقىپ كەتىشتى. مازىخۇيلار تۆمۈر سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، دوستانە زىيارەتتە بولۇپ قايتقان چاغلاردىن بەئزىدە لوزۇڭنىڭ باغىدا تۇرۇۋاتقان مادارىننىمۇ يوقلاپ، سۆھبەتلەرنى قىلىپ يېڭى شەھەرگە چىقىپ كەتەتتى. ئۇلارنىڭ بۇخىل ھەرەكەتلەرىگە تۆمۈر سىجاڭ نىمە ئۈچۈندۇر دىققەت قىلمايتتى.

# كاشغەردەكى مەئارىپ ئىشلەرى

مەئارىپ مۇدىرى ئەبدۇلكەرىمخان مەخدۇم ئەترافىدەكى جەمئىيەت ئەئزالەرىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن بىرىنچى قىلىپ كاشغەر نورباشىدەكى بۇتخانانىڭ بىر قىسمىنى بۇزۇپ، قايتادىن ياساپ دارۇلمۇئەللىمىنگە ئۆز گەرتتى. بىر كۈنى شەھەر ۋە شەھەر ئەترافىدىن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار يىغىپ كىلىنىپ، كاتتا داغدۇغا بىلەن دارۇلمۇئەللىمىنىنىڭ ئاچىلىش مەراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەراسىمگە تۆمۈر سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنلەرى، ۋالى يۇنۇس بەگ ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بىلەن بىرگە باشقا چوڭ - كىچىك ھەربىي قوماندانلار، شەھەرنىڭ بايلەرى، تىجارەتچىلەرى، ئالىملار، ئاخۇنلار، ئەدىبلەر، زىيالىلار، ئىلغار كىشىلەر ۋە باشقا ئەلاقەدار ئادەملەر بولۇپ نۇرغۇن ئادەم قاتناشتى. مەجلىس سۆزگە چىققانلارنىڭ تەئسىرلىك سۆزلەرى، ياخشى تەشۋىق، يولىيورۇقلەرى بىلەن چىرايلىق ئۆتكۈزۈلۈپ، خەيرلىك دۇئالار بىلەن ئاياغلاشتى ( ئەفسۇسكى شۇكۈنكى فەئالىيەتكە ئەلاقەدار ماتېرىياللار، گېزىتلەر ھازىر قولىمىزدا بولماي قالدى ). ئەرتەسىدىن باشلاپ مۇئەللىملەرگە دەرس ئۆتۈلۈشكە باشلادى. ئۇندىن كىيىن مەئارىپ ئىدارەسىدە بىر ئىلمىي ھەيئەت تەشكىل قىلانىپ ئۇنىڭغا بىر ئىككى خىل گېزىت ۋە ھەرخىل مەجمۇئەلەرنى چىقارىش، تارقاتىش ئىشى تاپشۇرۇلدى.

دارۇلمۇئەللىمىن بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتى مەئارىپ ۋە ئەۋقاف ئىدارەسىنىڭ خىزمەت ئورنى قىلىپ بىلگۈلەندى. ئىلمىي ھەيئەت ئۇچۇنمۇ مەخسۇس ئىشخانا بىرىلدى.

بىر كۈنى مەئارىپ ئىدارەسى مۇدىرىنىڭ نامىدىن ئىلمىي ھەيئەتكە ھەيئەتنىڭ بارلىق ئەئزالەرىنىڭ يىغىنغا كىلىشى ئۇقتۇرۇلغان بىر چاقىرىق خەتى كىلدى. كەمىنە ئۇ چاغدا خەستەخانادا بولغاچقا يىغىنغا كىچىكىپرەك يەتىپ باردىم. بارىپ كۆپ ئۆتمەي مۇدىرمۇ كىلدى. قاراغاندا مەسلەھەتلەشەدۇرغان بىرەر مۇھىم ئىش باردەك قىلاتتى. ئۆيىنىڭ ئورتاسىدا بىر توپ كۈل رەڭلىك سىتىن (لەمبۇغ ) تۇراتتى. مەجلىس باشلانىشى بىلەن ئەبدۇلكەرىمخان مەخدۇم ماڭا قاراپ شۇنداق دىدى: «ئەپەندىم ئوبدان كىلدىڭىز، بىزلەر دارۇلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلارىنىڭ ئۇستىباشىنى كەمزۇل، شىم بىلەن ئاق سەللەدىن قىلىشنى

ئۆيلاشقان ئىدۇق. بۇنى شۇنىڭغا ئىشلەتكەلى ئالىپ كىلگەن» دىپ ئورتادا قويۇقلۇق لەمبۇققا ئىشارەت قىلدى ۋە ماڭا: «بۇنىڭغا ئۆزلەرىنىڭ فىكرى قانداق؟» دىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ كىچىكىپ قالغانلىقىمغا كەچۈرۈم سوراغاندىن كىيىن: «ئەهلى مەجلىسنىڭ قەرارىچە بولسا بولغۇدەك، بىزمۇ بۇنىڭغا قوشۇلامىز» دىدىم. بىراق مۇدىر بۇ گەپ بىلەن بولدى قىلماي يەنەلا ئۆز فىكرىمنى بىلدۈرۈپ باقىشىمنى تەلەب قىلىپ تۇرىۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: «قەراردىن كىيىن فىكر بەيان قىلىش ئاقىلانە ئىش ئەمەس، شۇنداقتامۇ ئۆز فىكرىمنى دىپ باقىشىم كەرەك بولسا، مەنىڭ فىكرىم ـ بۇ ئىدارە مەئارىف ئىدارەسى، ئىلمى هەيئەت مەجلىسىدە ئويلاشىلىۋاتقان بۇ ئىش مىللەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرەتىگە مۇناسەبەتلىك بىر ئىش، شۇڭلاشقا بۇ ئىشتا مىللەتچىلىك نوقتانەزەرىدىن سۆز ئاچىش ئورۇنسىز ئەمەس» دىپ ئورتاداكى گەزلەمەلەرنى كۆرسۇتۇپ تۇرۇپ شۇنداق دىدىم: «بۇ گەزلەمە كۆپ ياخشى ئىكەن، چىرايلىق ئىكەن. ئەمما شۇغىنەسى چەتئەلنىڭ مالى. ساۋىتتىن كىرگەن قيمەت پۇللۇق ماللاردۇر. مەنىڭچە كاشغەرنىڭ ئۆزىدە يۇرتداشلارىمىز قولىدا توقۇلغان چەكمەنلىك (خام) نىڭ بىرىنجى خىلىدىن ئالىپ ئۇنى بوياقچىلامىزغا مۇۋاپىق رەڭدە بوياتساق؛ مانا شۇلارنى ئىشلەتىپ هەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئۆلچەپ كىيىملەر تىكىلسە تىخىمۇ ياخشى بولماسمۇ؟ شۇنداق بولغاندا مىللىي سەنائەتىمىزنىمۇ قەدىرلەگەن بولۇرمىز. چۈنكى پاختا، يىپ توقۇش، بوياش، يىپنى ئىگىرىش، تىكىشلەرنىڭ هەممەسى ئۆزىمىزدىن بولۇپ پۇل ياتلارنىڭ چۆنتەكىگە چۈشۈپ كەتمەيدۇر» دىپ سۆزۈمنى ئاياغلاشتۇردۇم. ئەبدۇلكەرىم مەخدۇم بۇ سۆزۈمنى قىزغىن ئالقىشلادى، شۇنىڭ بىلەن هەممەيلەن بۇ گەپكە كۆنۈپ، لەمبۇقنى قايتۇرۇۋاتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چەكمەنلىكتىن كەمزۇل قىلىشقا كىلىشتى هەمدە بۇ ئىش شۇنداق ئەمەلىيلەشتى.

# خەستەخانا ۋە قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى

شۇ كۈنلەردە ۋالى يۇنۇس بەگنىڭ پەرمانى بىلەن قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى بىلەن خەستەخانا ۋە يىگىدىن قۇرۇلغان شىفاخانانى باشقۇرۇش ئىشى ئەبدۇللاھ خانىي ئەپەندى بىلەن ماڭا تاپشۇرۇلدى. بىز ئىككىمىز كېچەنى كۈندۈز قىلىپ تىرىشىپ ئىشلەدۇق. قىزىل ھىلال ئايىنىڭمۇ خىلى داڭقى چىقىپ قالدى. دوختۇرخانانىڭ ئىشلەرىمۇ يۈرۈشۈپ تۇردى. بىر كۈنى ساۋېت ئەلچىخاناسىداكى قىزىل كىرىست دوختۇرخاناسىدىن سىسىيايوۋا دىگەن دوختۇر ئايال تاجىكستانلىق قاسىمۇپ ۋە ماسكاۋلىق بىر ئورۇس بىلەن بىر پەيتۇندا، ئۇندىن باشقا يەنە ئىككى روس يەنە بىر پەيتۇندا ئولتۇرۇپ خەستەخاناغا كىرىپ كىلدى. ئۇلار بويۇنلارىغا بىر قانچە ئاپارات، ئۇسكىنەنى ئاسۋىلىشقان ئىدى. دوختۇر سىسىيايوۋا بىز بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇلارنى ئەلچىخانا ئۆزگە قاتىپ قويغان ياردەمچىلەر، دىپ تونۇشتۇردى. ئۇلار كىلىپلا پەيتۇنلارىدىن بوقچىلارنى چۈشۈرۈشۈپ ئۇلارنىڭ قىزىل كىرىست جەمئىيىتى ھەدىيە قىلىپ ئىبەرگەن چايشەپ، بالىش (ياستۇق)، ئۇن سابۇن (سوپۇن) قاتارلىق نەرسەلەر ئىكەنلىكىنى، ھەر بىر ئاغرىققا بىر جۈپتىن چايشەپ، بىر دانەدىن بالىش، بىر خالتادىن ئۇن سابۇن تەقسىملەنگەندە بۇ ھەدىيە بويۇملارنىڭ **110** ئادەمگە يەتەدۇرغانلىقىنى ئەيتتى. دوختۇرخانا باشلىقلىق سىفەتىم بىلەن بۇ ھەدىيەلەرنى قەبۇل قىلىپ، ئۇلارغا مىننەتدارلىغىمنى بىلدۇردۇم. بوقچالار ئاچىلىپ نەرسەلەر بىمارلارغا تارقاتىلىۋاتقاندا شىفاخانا خادىملارىدىن بۇ كىلگەن روسلارنىڭ ئىش ـ ھەرەكەتىنى كۆزىتىپ تۇرغان بىرىسى ماڭا قاسىموپ بىلەن بىرگە كىلگەن روسلارنىڭ يوچۇن بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى دىدى. مەن دەرھال سىسىيايوۋاغا: «ئادەملەرىڭىز نىمە ئىش قىلماقچى؟» دىدىم. ئۇ: «سۈرەت ئالماقچى بولسا كېرەك» دىدى. مەن:«بۇ يەردە ھەرقانداق بىر سىياسى ھەرەكەت بولۇشقا يول قويۇلمايدۇر. بولۇپمۇ سۈرەت ئالىشقا تىخىمۇ بولمايدۇر. ئەگەر جەمئىيەتىڭلار نامىدىن كىلتۈرگەن بۇ ھەدىيەلەرىڭلار شىفاخانا ۋە ئۇنىڭداكى بىمارلارنى رەسىمگە ئالىش ئۈچۈن بولغان بولسا، ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتى بۇنداق ئىشنىڭ ھۆددەسىدىن چىقالمايدۇر. ھەدىيەڭلار قايتۇرۇۋاتىلادۇر، بىز نىڭ قەبۇل قىلادۇرغانىمىز شەرتسىز ھەدىيە»

دىدىم. دوختۇر سىسيايوۋانىڭ نەزاكەتلىك بىر كۆز ئىشارەتى بىلەن قاسمۇپ باشلىق ئۇچ روس رەسىم ئالىشتىن توختادى. دوختۇرنىڭ بىز بىلەن قىلادۇرغان باشقا رەسمىي ئىشلارى ئاياغلاشقاندىن كيىن ئادەملەرنى ئالىپ خوشلۇشۇپ ماڭدى. شۇ نىڭدىن كيىن دوختۇر سىسيايوۋا ھەپتەدە ئىككى - ئۇچ قاتىم دوختۇرخانامىزغا كىلىپ ياردارلارىمىزغا قاراشىپ بىرىپ قايتادۇرغان بولدى. ھەر كىلگەنىدە ئۆزى بىلەن بىرگە بىرەر روسنى ياكى ھىلىقى قاسمۇپ دىگەن نى ئالىپ كىلەر ئىدى. ئۇلار كىلگەنىدە باشقالار ئولتۇرسامۇ دوختۇر سىسيايوۋا دوختۇرخانا خادىملەرى بىلەن بىللە ئىشلەپ كەتەتتى. ئىش تۇگەگەنىدە بولسا ئىشخاناغا كىرىپ دوكلات بىرىۋاتىپ قايتىپ كەتەتتى. ھىلال ئەھمەر بىلەن سەلىب ئەھمەر ئاراسىدا يەنە بىر يوچۇن ئىش يۇز بىردى. بۇ ئۆز ئورنى كىلگەنىدە بەيان قىلىنادۇر.

# قىزىل ھادىسەسى

تۈمۈرسىجاڭنىڭ كاشغەردەكى ھۆكمدارلىقى خوتەن مۇجاھىدلەرىنىڭ يارکەنت كوھنا شەھەرىنى مۇھاسەرەگە ئالغان چاغلارىغا توغرا كىلدى. خىتايلار ۋە تۇڭگانلار تەسلىمگە كۆنمەگەنلىكتىن يارکەنت مۇھاسەرەسى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. ئاخىرى تۇڭگانلار خوتەنلىكلەر بىلەن ئۆزلەرى ئاراسىدا بولغان بىر سۆھبەت بويىچە يارکەنتنى خوتەنلىكلەرگە بوشاتىپ بىرەدۇرغان بولۇپ بارلىق قوشۇنى بىلەن بالا ـ چاقالارى، قورال ـ جابدۇقلەرى ۋە باشقا تاپقان ـ تەرگەنىنىڭ ھەممەسىنى ئالىپ يارکەنتتىن ئالىپ چىقىپ كەتىپ ئۇدۇل كاشغەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتىلەر. ئۇلار مۇشۇ يۈرگەنچە بارىپ كاشغەردەكى تۇڭگانلارغا قاتىلماقچى بولغان ئىدى. چاپار (خەبەرچى) ئارقالىق بۇ خەبەر كاشغەرگە ئاڭلاندى. كاشغەردەكى دەۋلەت كىشىلەرىنىڭ باش قوشۇشى بىلەن يارکەنتتىن كاشغەرگە قاراپ كىلىۋاتقان تۇڭگان ۋە خىتاي ئەسكەرلەرىنىڭ يولىنى توسۇپ دۈشمەنلەرنى ئۆزئارا بىرلەشكەلى قويماسلىق پىلان قىلىندى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇلارنى كاشغەر يىڭى شەھەرگە كىلتۈرمەي تۇرۇپ يولدا بولسۇن، چۆلدە بولسۇن تەلتۆكۈس ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاش ئۇچۇن ئەھمەدخان تىڭجاڭ قاتارلىق قۇماندانلار باشچىلىقىدا قوشۇن ماڭدۇرۇلدى. ساتىپ ئالدىجانمۇ ئۆز يىگىتلەرى بىلەن بۇ قوشۇنغا قاتىلىپ ھەممە بىرلىكتە يارکەنتكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مۇجاھىدلار يىڭى ھىسارىدىن ئۆتۈپ قىزىلغا بارغاندا خىتاي ـ تۇڭگانلار بىلەن ئۇچراشتى. الله اكبر نەئرەسى بىلەن تەڭ دۈشمەنگە دەھشەتلىك ھۇجۇم باشلاندى. ئەجەل بازارى قىزىپ، ئىككى تەرەف بىر بىرىگە كىرىشىپلا كەتتى. بۇ جەڭ مەيدانى گوياكى ئوغۇل ئاتاغا، ئاتا ئوغۇلغا باقمايدۇرغان مەھشەر مەيدانىغا ئوخشاغان ئىدى. دۈشمەنىنىڭ يۈك ـ تاقلارى ئاغىر بولۇپ قاچىش ئىمكانى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىلاجىسىز ھۇجۇمغا ھۇجۇم بىلەن تەقابۇل تۇرۇشتى. مۇجاھىدلار كۆپ بولۇپ، ھەممە ياخشى قوراللانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ غالىب بولۇشى ئۇچۇن الله مەدەتكار ئىدى. ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، قالغانلار قالدى. مۇجاھىدلار غەلەبە قىلىپ دۈشمەنلەر مەغلۇب بولدى. خاتۇن ـ قىزلەرى ئەسىر چۈشتى. ئەركەكلەرى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى.

مۇجاھىدلار بولىشچە ئۆلجالارنى ئالىپ زەفەر- ئۇتۇقلار بىلەن كاشغەرگە قايتتىلەر. ياركەنت تۇڭگانلارىنىڭ بۇ مەغلۇبىيەتى كاشغەردەكى تۇڭگانلارنى قاتتىق سەراسىمەگە سالىۋەتتى. بۇ كىشىلەر ئۇنتالمايدۇرغان بىر ھادىسە بولۇپ تارىخقا يازىلدى.

# تۆمۈر سىجاڭنىڭ بوشاڭلىقى ۋە رەقىبلەرنىڭ قۇۋلىقى

مىللەت مەجلىسىنىڭ قەرارىغا كۆرە، تۆمۈر سىجاڭغا ئەسكەرىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىلا بېرىلگەن بولسامۇ، ئۇ بەئزىدە مۈلكى ئىشلارغامۇ ئارىلاشىپ تۇردى. ئاقسۇدىن ئائىلەسىنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئەسكەر ئېبەرىشى، كۈن بويى ئويۇن - تاماشاغا بېرىلىپ ھەربى ئىشلاردا ئەستايىدىل بولماي، مۇھىم ئىشلاردا بىپەرۋالىق قىلىشىدەك بىر قاتار يارامىسلىقلەرى ھەرقايىسى دەۋلەت كىشىلەرىگە ياقمادى. گوياكى ئۇنىڭ قولىدەكى بۇ چوڭ ھوقوق يامان نەتىجە بىرىۋاتاتتى. ئۇ غەفلەتكە بېرىلىپ رەقىبلەرى بولغان تۇڭگانلارنىڭ تۈرلۈك شۇبھەلىك ئىش - ھەرەكەتلەرىنى كۆرمەسكە سالدى. مەسەلەن، يېڭى شەھەردەكى تۆمۈر سىجاڭغا دوست كۆرۈنگەن تۇڭگانلار مەخفىي ۋە ئاشكارا ھالدا ئۆز تەييارلىقلەرىنى كۈچەيتتى. مازىخوي پات - پات سەرمەندەكى لوزۇڭنىڭ باغىدەكى سابىق ۋالى مادوتەيىنى زىيارەت قىلادۇرغان بولدى. بۇ ئىشلار جەمئىيەتنىڭ دىققەت - نەزەرىنى تارتتى. مادوتەيىنىڭ مەخفى پىلانىغا كۆرە، ئۇنىڭ يېقىن دوستى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان باغنىڭ ئىگەسى ئىبراھىم لوزۇڭ مىللىي قوشۇن تەشكىل قىلغالى تۆمۈر سىجاڭدىن رۇخسەت ئالدى. تۆمۈر سىجاڭ تېخى بۇ قوشۇننىڭ چىقىم - راسخۇتلارىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. قوشۇن تەشكىللەنىپ ئىككى يېڭى ئەسكەر قۇماندانلىقىغا سايلاندى. ئىبراھىم لوزۇڭ ئارالاپ - ئارالاپ بۇ قوشۇننى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئالدىغا سالامغا ئالىپ كىرەتتى. يەنە گاھىدا ئۇلارنى ئۆز باغىغا ئالىپ چىقىپ مادوتەيگە سالام بىردۇرۇپ ئارقادىن مادوتەيدىن مۇكافات ۋە يول - يورۇقلارنى ئالىپ قايتاتتى. مادوتەيىنىڭ لوزۇڭنىڭ قولى بىلەن قىلىۋاتقان بۇ ئىشلەرى جەمئىيەت ئەئزالەرىغىنە ئەمەس خەلق ئاممىسىنىمۇ گۇمانغا سالىپ قويدى. ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ بۇ خىل ئىككى تەرەفلىك ئويۇنلەرىنىڭ ئاقىبەتى ياخشى چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن جەمئىيەت كىشلەرى ئۆز ئەندىشەلەرىنى رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي شەكىللەردە تۆمۈر سىجاڭغا بىلدۈردى. ئەمما نىمەدىندۇر تۆمۈر سىجاڭ بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالمادى. ھەتتا ئۇلار بۇ ئىشنى ئۇنىڭ مۇشاۋىرى بولغان نىزامۇددىن ئەپەندىگە ئەترافلىق قىلىپ

چۈشەندۈرۈشكەن بولسامۇ نىزامۇددىن ئەپەندى: «بۈنچە چۈڭقۈر ئويلاپ كەتمىشكە ئەرزىمەيدۈر. بىزنىڭ كۈچىمىز ھەر جىھەتتە كۆپ، بولۇپمۇ ئەسكەرىي كۈچ جىھەتتە بىز تۈڭگانلاردىن ئۈستۈن تۈرىمىز» دىگەن گەپىدە چىڭ تۈردى. ئەمدى بىز بۈلارنىڭ ھەر بىرىنى شۇ ھالىدا قويۇپ قويۇپ، بىرئاز بولسامۇ خوتەن مۇجاھىدلەرىنىڭ كاشغەرگە كىلىشىدىن سۆز ئاچايلى. شۈنىڭدا ئوقۇرمەنلەرگە ئەينى ۋەزئىيەت تىخىمۇ ئايدىڭ بولغۇسى.

# خوتەن مۇجاھىدلەرىنىڭ مەيدانى

ياركەنت يېڭى شەھەرىگە قاپسالىپ قالغان تۇڭگان - خىتايلار بىلەن خوتەن مۇجاھىدلەرى ئاراسىدا تۈزۈلگەن سۈلھىنامەگە كۆرە، تۇڭگانلار ياركەنت يېڭى شەھەرىنى بوشاتىپ بېرىپ كاشغەر تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن خوتەن مۇجاھىدلەرى ياركەنت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. كەينىدىن يېڭى ھىسارنىمۇ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن دائىرەسىدە خىتاي ۋە يا تۇڭگاندىن بىر ئىنسان قالمادى. ھەممە يەر تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، خوتەندە مۇستەقىل بىر ئىسلام ھۆكۈمەتى قۇرۇلدى. خوتەننىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق كىشىسى بولغان مۇھەممەد ئەئلەم ئاخۇن ھەممەنىڭ بىردەك قوللاشى بىلەن خوتەننىڭ پادىشاھلىقىغا كۆتۈرۈلدى. سابىت ھاجى داموللا مەسلەھەتچى بولدى. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا خوتەن ۋىلايەتىنىڭ ئەمىرى (ئارمىيە باش قۇماندانى) بولدى. ياركەنت ۋىلايەتىگە ئەبدۇللاھ ( شاھ مەنسۇر) ئەمىر بولدى. يېڭى ھىسارغا ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى نۇر ئەھمەد (ئەمىر ساھىب) ئەمىر بولدى. ئىچكى ئىشلارنى بىرەر قۇر يۇرۇشتۇرۇۋالغان خوتەن ھۆكۈمەتى دەۋلەت دائىرەسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشتى - دە، كاشغەردە قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنى خوتەن ھۆكۈمەتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. شۇ ھالدا خوتەن ئەمىرلەرى بەلكىم قىلغان سىياسىي كۆرەشلەرى ۋە قولغا كىلتۈرگەن ئۇتۇقلەرىدىن قەنائەت ھاسىل قىلغان بولسا كېرەك، كاشغەرگە قوشۇن ماڭدۇرۇشقا قەرار قىلدى. ئەنە شۇ قەرار بويىچە قوراللانغان ئەسكەرلەر، ھەر ئەرەبەدە تۆت ساندۇقتىن تۆت ئەرەبەدە ئون ئالتە ساندۇق ئوق - دورا ۋە باشقا ھەربىي جابدۇقلار سابىت ھاجى داموللا بىلەن ئەمىر ئەبدۇللاھنىڭ قۇماندانلىقىدا كاشغەرگە ماڭدۇرۇلدى. ئۇلار يۇرۇپ خىلى بىر يەرگە بارغاندا كەچ كىرىپ قالغاچقا شۇ يەردە قونۇپ ئارام ئالماقچى بولادۇر. كۈتۈلمەگەن يەردىن يارىم كېچە بولغان چاغدا ئۇلار ياتقان ئۆينىڭ يارىم تامى يىقىلىپ چۈشۈپ ھەممەنى پاراكەندە قىلادۇر. لېكىن ئۇلار شۇنىڭغا قارىماي بۇ سەپەرنىڭ ئۇتۇقلۇق بولمايدۇرغانلىقىنى ئويلاپ باقمايدۇر. ئۇلار قانداقلا بولماسۇن يولنى دەۋاملاشتۇرۇپ يېڭى ھىسارغا يەتىپ كىلەدۇر. كاشغەر بىلەن ئەلاقەلەشكەندىن كېيىن تۆمۈر سىجاڭ ماشىناسى بىلەن يېڭى ھىسارغا كىلەدۇر.

تۆمۈر سىجاڭ ئۇ يەردە خوتەن ھۆكۈمەتىنىڭ مەسلەھەتچىسى (باش ۋەزىرى) سابىت ھاجى داموللام ۋە ياركەنت ئەمىرى ئەمىر ساھىبلەر بىلەن دوستانە كۆرۈشەدۇر. كۆرۈشۇشتە سابىت ھاجى داموللام تەرەپ ئۆزلەرىنىڭ كاشغەرگەچە بارىش نىيەتىدە ئىكەنلىكىنى ئەيتقاندا، تۆمۈر سىجاڭ بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇر ۋە ئۇلارنى كاشغەرگە بارماستىن ئۇدۇل ياركەنتكە قايتىشلەرى مۇۋاپىقلىقىنى ئەيتادۇر. سابىت ھاجى داموللام ۋە شاھ مەنسۇرلار كاشغەرگە بارىشنى فائىدەلىك كۆرەدۇر. ئارادا خېلى كۆپ تالاش- تارتىشلار بولغان بولسامۇ خوتەنلىكلەر ئۆز گەپىدە چىڭ تۇرادۇر. نەتىجەدە خوتەنلىكلەرنىڭ دەگىنىچە بولادۇرغان بولۇپ تۆمۈر سىجاڭ كاشغەرگە قايتادۇر. خوتەن قوشونى جەدەللەپ يۈرۈپ تازغۇن يولى بىلەن كاشغەرگە كىلىپ مويتوگزاداكى شۇ چاغدا ھۆكۈمەت مىھمانخاناسى قىلىنغان باغقا چۈشەدۇر. ئۇلار كاشغەرگە كىلگەندىن كىيىن دەۋلەت كىشلەرى، يۇرت كاتتالارى تەرەفدىن قىزغىن قارشى ئالىنادۇر. خوتەن مۇجاھىدلەرى ئۈچ- تۆت كۈن هاردۇقىنى ئالغاندىن كىيىن، بىر كۈنى مەئارىف ئىدارەسىنى، دارۇلمۇئەللىمىيننى زىيارەت قىلدى. كاشغەرنىڭ ھەرقايىسى زىيالىلەرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سوراپ، ئۇمىدلىك سۆز- سۆھبەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ روھنى كۆتەردى. ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ كۆپ سۆيۈندى ۋە ئۇلارنى تىخمۇ تىرىشىپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۇردى. شۇ مۇناسەبەت بىلەن ئۇلار قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيەتى، شىفاخانالارىنمۇ زىيارەت قىلىپ دەۋالانىۋاتقان ئاغرىقلاردىن بىر- بىرلەپ ھال سورادى، كۆڭلىنى كۆتۈردى ھەمدە دوختۇرخانامىزغا ئىككى يۈز ئەللىك سەر تەڭگە ئىئانە قىلدى. دوختۇرخانانىڭ پاكىزەلىكى، تۈزۈمى قاتارلىقلارغا قاراتا تەھسىن- ئاپەرىنلەرنى ئەيتتى. سابىت ھاجى داموللام ئۆز رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە خىزمەتىمىزنى قوللاش يۈزىدىن ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى ئەبدۇلغەنىنى شىفاخانامىزنىڭ فەخرى تەبىبى (دوختۇرى) قىلىپ تەئيىنلەدى. سابىت ھاجى داموللام بىلەن شاھ مەنسۇر كاشغەرگە زىيارەت ئۈچۈن كىلىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ مىھمانى سىفەتىدە باغدا تۇررۇۋاتقان بولسامۇ ۋالى يۇنۇس بەگ بىلەن پات- پات كۆرۈشۈپ بىر بۆلۈك ئىشلار بويىچە مەسلەھەتلەشىپ تۇرادۇر. جۈملەدىن ھۆكۈمەتىنىڭ نىزامنامەسىنى جۇمھۇرىيەت ئۇسۇلىدا تۈزۈشكە ۋە باشقا پارچە- پۇرات سىياسى ئىشلارغا ئارالاشىپ تۇرادۇر.

بىر كۈنى بىر بۆلۈك دەۋلەت كىشلەرى كاشغەردەكى بارلىق مۇنەۋۋەرلەرنى

چاقىردى. مەجلىستە شاھ مەنسۇر بىلەن يۇنۇس بەگ ئاراسىدا بولغان لايىھە كۆپچەلىككە بەيان قىلىندى. لايىھە مەجلىس ئەھلىنىڭ قىزغىن قوللاشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇلار بۇ لايىھەگە مۇۋاپىق بىر دەستۇرنامە (پروگرامما) ئىشلەپ چىقىشنى ئويلاشىپ يۈسۈپ مۇزەففەر بېك بىلەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقىيلەرگە ئەرتەسى سائەت 9 دا ئاچىلادۇرغان يىغىنغا ئۈلگۈرتۈپ جۇمھۇرىيەت ئەساسلىرىگە ماس بولغان بىر دەستۇرنامە تۈزۈپ چىقىشنى تاپشۇردى. ئەرتەسى ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا رەسمىي يىغىن ئاچىلدى. بۇ يىغىنغا ۋالىي يۇنۇسبەگ، شاھ مەنسۇر، سابىت داموللام، ئەبدۇررەھمان ئەپەندى، نىزامۇددىن ئەپەندى، قۇتلۇق شەۋقىي، يۈسۈپ مۇزەففەر، ئەبدۇلكەرىم خان مەخدۇم، تۇرغۇن رەھىمىي، ئەبدۇللاھ خانىي، ساتىپ ئالدىجان سوفىيزادە، سۇلتان بېك ۋە باشقىلار ئىشتىراك قىلدى. كەمىنە ئاجىز بەندەمۇ شۇلار قاتارىدا بار ئىدىم. مەجلىستە دەستۇرنامە ئوقۇلۇپ بىر بۆلۈك يېتەرسىز جايلىرى تۈزەتىلدى. يىغىن ئاخىرىدا دەستۇرنامە تۆمۈر سىجاڭغا تەسدىقلاتىش ئۈچۈن نىزامۇددىن ئەپەندىگە تاپشۇرۇلدى.

## خوتەن مۇجاھىدلىرىنىڭ (شاھ مەنسۇر ئەسكەرلىرىنىڭ) قورالسىزلاندۇرۇلۇشى

يۇقارقى ئىش بولۇپ ئۆزۈن ئۆتمەي تۆمۈر سىجاڭ باغدا مېھمان بولۇپ تۇرۇۋاتقان شاھ مەنسۇر ۋە سابىت داموللامنىڭ ئەسكەر ۋە ياۋەرلىرى (قوغداغۇچىلىرى) نىڭ قوراللىرىنى تارتىۋالىپ ئۆزلىرىنى قويۇۋەتتى، بۇ ئىككەيلەننى بولسا باغدىن كۆچۈرۈپ يارباغداكى مەخسۇس بىر جايدا نەزەر بەند ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى مېھمان 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ چاڭگالىغا تۇتۇلدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇ قىلمىشى بىلەن مىللىي ئىستىقلال يولىداكى كۆرەش سەفى خۇددى قاناتى يۇلۇۋاتىلگەن توخوغا ئوخشاپ قالدى. بۇتپەرەس دۈشمەن ختاي بىر تەرەفتە، مۇسۇلمان دۈشمەن تۇڭگان يىڭى شەھەردە، شىمالدا قىزىل دۈشمەن، جەنۇبدا ئاق دۈشمەن قاتارلىق دۈشمەنلەر تاماشا كۆرۈپ تۇرغاندا شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۆزئارا جاڭجالغا چۈشۈپ كەتىشى ھەركىمنى ئېچىندۇراتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن سابىت داموللام، شاھ مەنسۇرلار يىقىنلىرى بىلەن بىرگە

يار جاپاسىدىن، پەلەكنىڭ جەۋرىدىن شىكايەت، مىللەتنىڭ بەختسىزلىكىدىن ھىكايەتلەر قىلىپ تەقدىرنىڭ ياخشى كۈنلەرنى كۆتۈپ ياتتىلەر.

تۆمۈر سىجاڭ بۇ ياندىن كاشغەردەكى سابىت داموللامىلارنى تۇتقۇن قىلسا ئۇ ياندىن ھافىز تېڭجاڭنى 500 ئەسكەر بىلەن ياركەنتكە ئېبەرتىپ ئۇ يەردەكى ئەمىر نۇر ئەھمەد قوشۇننى قورالسىزلاندۇرماقچى بولدى. ھافىز تېڭجاڭ يەكەنگە كېلىپ ئەمىر نۇر ئەھمەدكە تۆمۈر سىجاڭنىڭ پەرماننى تاپشۇردى. پەرماندا «قوراللارىڭلارنى تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇڭلار!» دەيىلگەن ئىدى. ئەمىر ساھىب تەسلىم بولمادى. تۆمۈر سىجاڭ ئارقادىنلا ھافىز تېڭجاڭ قوشۇنىغا ياردەم بىرگەلى كىچىك ئاخۇن تېڭجاڭ قۇماندانلىقىدا 300 ئەسكەر ئېبەرتتى. ئىككى قوشۇن بىرلەشىپ ھەرەكەت قىلىپ ئەمىر ساھىب قوشۇندەكىلەرنى قورالسىزلاندۇردى. ئەمىر ساھىب بولسا نەزەربەند قىلىندى. شۇندىن كېيىن ھافىز تېڭجاڭ قارغالىققا باردى. ئارقادىن گۇماغا بارىپ ئۇيەرنىمۇ ئىشغال قىلدى. ئاندىن زاۋاغا باردى. زاۋاداكى خوتەن ئەسكەرلەرى ئاجىز كېلىپ چېكىندى. نەتىجەدە ھافىز تېڭجاڭ خوتەننىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلغان بولدى. ۋەزئىييەت قىل ئۇستىدە قالغان شۇ كۈنلەردە خوتەنلىكلەر غەيرەت ـ جەسارەتىنى قايتادىن ئۇرغۇتۇپ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە خوتەننى قوغداشقا تەييارلانىپ تۇرۇشقاندا خوتەنگە ھۇجۇم باشلانماقچى بولغان كۈنى كېچەسى ھافىز تېڭجاڭ ئەسكەرلەرنى توپلاپ ھىچ نىمەگە قارامايا كاشغەرگە قايتتى. بۇنىڭ سەبەبى 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈندەكى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆلگەنلىك خەبەرى ئىدى.

# خوتەن ۋە كاشغەر ئاسماندا قارا بۇلۇتلار

خوتەن قوشۇنى كاشغەرگە كىلگەندىن كىيىن تۆمۈر سىجاڭنىڭ شاھ مەنسۇرغا قىلغان مۇئامەلەسى نىمەدىندۇر ئۆنچە سەممىي بولمايلا قالماستىن بەلكى شاھ مەنسۇرغا قاراتا گۇمانسىراش نەزەرىدە قارىدى. ئۆز ۋەقتىدە مۇشاۋىرى نىزامۇددىن ئەپەندىگە تاپشۇرۇلغان دەستۇرنامەنىڭ تەسدىقنىمۇ كىچىكتۈرۈپ قويدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ خوتەنلىكلەردىن گۇمانسىراشلەرى ئاخىرىدا ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇشقا ئالىپ باردى. **1933** - يىلى **8** - ئاينىڭ **8** - كۈنى خوتەنلىكلەرگە قىلىنغان ئاغىر ھاقارەت سىفەتىدە ئۇلارنىڭ قولىداكى چوماقلار تارتىۋالىنىپ، بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋىتىلدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ يىقىن كىشىلەرىدىن تۆمۈر سىجاڭ نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلادۇر؟ دىپ سورالغاندا بۇ سوئالغا بىرىلگەن جەۋاب: «خوتەنلىكلەر ياركەنتتە مەنىڭ ئادەمىم ئەزىم ئاخۇننىڭ قوراللەرىنى تارتىۋالىپ، چوماقلارىنى سۇندۇرۇۋىتىشكەن، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم» دىگەن دىن ئىبارەت بولدى. ئەمما بۇ ھادىسەنىڭ ئىچ يۈزى باردۇر. بۇ ھەقتە جەمئىيەتىمىزنىڭمۇ توپلىغان ماتىرىياللەرى بارئىدى. بۇ يەردە كىلتۈرۈلگەن بولسا فائىدەلىك بولۇر ئىدى. ئەفسۇسكى ھازىر ئۇلار قولىمىزدا يوق. بۇ ئىشنىڭ ئىچ يۈزىنى بىلمەكچى بولغان قىرىنداشلارىمىزنىڭ كۆڭۈل تۈگۈنلەرىنىڭ يىشىلىشى ئۈچۈن يۇقارقى ۋاقىئەلەرنىڭ ئىچىنارلىق ۋە ئوچۇق ئىقرارىنى ۋاقىئەنىڭ باش ئاملى ۋە سەبەبكارى ئەمىر ھەزرەتىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايلى. ئۇ «شەرقى تۈركىستاننىڭ مىللىي ئىنقىلاب تارىخى» دىگەن كىتابىنىڭ **89** - بەتىدە تۆۋەندەكىلەرنى يازادۇر:

سابىت داموللام بىلەن ئەمىر ئەبدۇللاھنىڭ كاشغەر سەفەرى ۋە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مۇناسەبەتىمىز بوزۇلغاندىن كىيىن يۈز بىرگەن فاجىئەلىك ئىشلار.

كاشغەردە ئەسكەرلىك سىفەتى بىلەن تۆت قىسىم قوراللىق ئادەملەر بار ئىدى:

**1.** تۈڭگانلار، بۇلار باشقالار بىلەن ئاشكارا دۇشمەنلەشىش ھالەتىدە ئىدى.

**2.** تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۆز ئەسكەرلەرى دەيىلگەن تۇرپانلىق، كۇچارلىق ۋە كاشغەرلىك ئەسكەرلەر.

**3.** قىرغىز ئەسكەرلەر.

**4.** مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن بولغان ئەسكەرلەر.

بۇ ئۈچ قىسىم كۈچلەر ئومومەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوماندانلىقىغا بوي سۇنۇشسامۇ ھەر بىر بۆلۈك يەنە ئەلاھىدە ۋە ئايرىم بولۇپ ئۆزلەرىدىن بولغان قوماندانلارغا بويسۇنار ئىدىلەر ھەمدە بۇلار ھىچقانداق قانۇن ۋە ئىنتىزامغا بوي سۇنمايدىغان چاتاقچى ئادەملەر ئىدىلەر. مانا شۇ سەبەب بىلەن كاشغەرنىڭ ئاقىل كىشىلەرى بىر كۈنى بولماسا بىر كۈنى بۇ قوراللىق ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارالارىدا ئىختىلاپ چىقماقى ۋە مەملەكەتنىڭ قىرغىنچىلىق ۋە تەخرىبات (ۋەيرانچىلىق) ۋە بۇلاڭ - تالاڭ فاجىئەلەرىگە دۇچار بولۇشىدىن قورقماقتا ئىدىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئىنتىزام ۋە قانۇنسىز ھۆكۈمەتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ راھەتپەرەست، ۋەفاسىزلىقىدىن كاشغەر خەلقىنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇماقتا ئىدى. مۇشۇ سەبەبدىن ياركەنت فەتھىدىن كېيىنلا كاشغەر ئاھالەلەرىنىڭ تولاراقى كاشغەر ھۆكۈمەتىنىڭ خوتەن ھۆكۈمەتىگە قوشۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، كاشغەرنىڭ ئالىملەرى ۋە باشقا سىنفلەرىدىن بولغان بىر بۆلۈك كىشىلەر مەخفىي ھالدا ياركەنتكە ئادەم ئېبىرتىپ، ئۇ يەردەكىلەرنى ئەسكەرلەرنى ئالىپ كاشغەرگە بارىشقا تەشۋىق (ئۈندەك) ئەتتى. يەنە ئۇندىن باشقا كاشغەردەكى قىرغىز ئەسكەرلەرىنىڭ قوماندانلەرىدىن بەئزىسى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا تەرەفدار ئىكەنلىكىنى ۋە لازىم كىلگەن تەقدىردە خوتەن ئەسكەرلەرىگە ياردەم قىلىشقا ھازىر ئىكەنلىكلەرىنى بىلدۈرۈپ يۇقارقى ئۈندەكلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئاشكارا ئادەم ئېبىردى.

سابىت داموللام ئۆزى كاشغەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بالدۇرراق كاشغەرگە بارىپ يا سۇلھ ياكى جەڭ ئارقالىق بۇ مۇھىم ۋە چوڭ شەھەرنى فەلاكەتتىن قۇتقۇزماقچى ھەمدە بۇ شەھەرنى ئالىش ئارقالىق خوتەن ھۆكۈمەتىنىڭ سىياسىي ئورنىنى كۈچلۈك ئەساسكە ئىگە قىلىش مەقسەدىنى ئاراغا سالىپ، بۇ ئىشقا غايەت دەرەجەدە رىغبەت كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ رىغبەتى كاشغەر ئاھالەسىنىڭ ۋە بىر بۆلۈك قىرغىزلارنىڭ ئۈندەكلەرىگە كۈچلۈك دەرەجەدە ئىشەندۈرۈپ قويىدى. لىكىن مەلىك (دەۋلەت باشلىقى) بىلەن مەن بۇ ئىشقا ئالدىرىماسلىق ۋە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن تۇڭگانلارنىڭ كۈچىگە تەڭ كىلگۈدەك

بىر كۈچ ھازىر بولماغانلىقى ئۈچۈن بىر ئاز فۇرسەت كۈتۈش تەرەفدارى ئىدۇق ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سابىت داموللانى توسۇشتا چىڭ تۇردۇق. لىكىن سابىت داموللام ئۆز رىغبەتىنىڭ بەك زىيادەلىكىگە ئەگىشىپ بىزنى ئۆز رەئيىگە كۆندۈرۈشكە ئۇرۇندى. كېينكى چاغلارغا كىلگەندە سابىت داموللامنىڭ شۇ پەيتتە بىزنى بىردە توغرا ۋە بىردە خاتا بولغان يوللارغا باشلاغانلىقى بىلىندى. ئەمما بىز ئۇچاغدا ئىشنىڭ ھەقىقەتىدىن غافىل قالىپ ئۇ زاتنىڭ بارچە سۆزىگە ئىشەندۇق. ئۇنىڭ تەشەببۇسلەرىنىڭ بەيانى شۇدۇركى، ئۇ كاشغەرگە قوشۇن چىقارىش توغراسىدا بىزگە يازغان خەتىدە كاشغەردەكى بۇ ئىشقا تەرەفدار بولغان كىشلەرىنىڭ نوفوزلارىنى ۋە ياردەم بىرىشكە ۋەئدە قىلغانلارىنىڭ كۈچىنىڭ زورلىقىنى ۋە كاشغەر ئاھالەسىنىڭ ئومومىيۈزلۈك بۇ ئىشقا تەرەفدار ئىكەنلىكىنى مۇبالەغەلەشتۈرۈپ يازدى، ئۇ يەنە بۇ ئىش ئۈچۈن بىز تەرەفتىن كۆپ ئەسكەرىي كۈچ لازىم ئەمەسلىكى ۋە ھازىر بىر كاشغەر بىر ئاياقتاكى ئاشتەك بولۇپ قالغانلىقى، كىچىكسەك فۇرسەت قولدىن كەتەدۇرغانلىقىنى ئىسباتلاشقا تىرىشىپ بىر مۇنچە دەلىللەرنى كۆرسەتتى. يەنە تىخى كاشغەرلىكلەر بىلەن ئۆزى ئاراسىدا ۋاستە بولغان بىر كىشىنىڭ قولىدىن بەئزى ۋەسقە ـ ھۆججەتلەرنى يوللادى ھەمدە ئۇ كىشمۇ بىز ئىشەنگۈدەك سۆزلەرنى قىلدى. داموللام مانا مۇشۇنداق تەشەببۇسلار بىلەن بىزنى قايىل قىلدى. بۇ ئىش خوتەن ھۆكۈمەتىنى تارىخ يۈزىدە ھەقلىق بىرتاپاغا قالدۇرادۇرغان غايەت يامان خاتالىق بولغان ئىدى. چۈنكى بۇ ئىش تىخى ئىنقلاب تۈزۈك نەتىجەگە ئېرىشمەگەن، مىللىي كۈچنىڭ زورىيىشى بەكمۇ زەرۈر بولۇپ قالغان بىر چاغدا ئىككى مىللىي كۈچنىڭ ئىختىلافىغا سەبەب بولۇپ، نەتىجەدە خىلى ياخشى تەشكىللەنگەن خوتەن ئارمىيەسىنىڭ مۇدھىش دەرەجەدە زەئىفلەشىپ كەتىشى ۋە خىلى كۈچ كۆرسۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تۆمۈر سىجاڭ كۈچلەرىنىڭ پۈتۈنلەي پاراكەندە بولۇشىغا سەبەب بولۇپ قالدى ۋە ھەم بۇ ئىچكى ئۇرۇش بەش ئايغا يىقىن مەزگىلنى ئالىپ دۇشمەنگە كۈتمەگەن يەردىن فۇرسەت تۇغدۇرۇپ بىردى.

شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ **15** ـ كۈنى سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئەبدۇللاھلار ئىككى مىڭ بەش يۈز كىشلىك قوشۇن بىلەن ياركەنتتىن يۈرۈپ كەتتىلەر. تۆمۈر سىجاڭغا بىز سىزگە ياردەم قىلىپ كاشغەر يىڭى شەھەردەكى تۇڭگانلارنى يوقۇتۇش ۋە بۇنىڭ بىلەن ئالتە شەھەردىن تىنچ كۆڭۈل بولۇپ دەرھال ئۈرۈمچى تەرەفكە بارىپ خوجا نىياز ھاجىمغا ياردەم قىلىشقا

تەييار بولۇش ئۇچۇن كاشغەرگە بارامىز دىپ مەكتۇب يازدى. ئۇلار 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يىڭى ھىسارغا باردىلەر.

دەيلمەي قالماسۇنكى، سابىت داموللام ياركەنتدەكى ھافىز تېڭجاڭنى بەش يۈز كىشلىك قوراللىق ۋە ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ياركەنتتە قويۇپ ماڭدى. بۇ ئادەم بولسا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئادەملەرى ئىچىدە ئەڭ ھۇشيار ۋە ھىلەگەر ئادەم ئىدى. بۇ ئىشنىڭ يامان بىر خاتالىق بولغانلىقى تۆۋەندە مەئلۇم بولادۇر. سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئەبدۇللاھ يىڭى ھىسارغا بارغان زەمان كاشغەرنىڭ كاتتالەرى ۋە ئالىملەرىدىن بىر مۇنچەسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. تۆمۈر سىجاڭمۇ ئەسكەر ئالماي، ماشىنا بىلەن يىڭى ھىسارغا كىلدى. تۆمۈر سىجاڭ كۆڭلىدە بۇ سەفەردىن تولا قورققان ئىدى. شۇڭا سابىت داموللامدىن كاشغەرگە بارماسلىقنى تەلەب قىلدى. تۇڭگانلارنى يوقۇتۇشقا ئۆز كۈچىنىڭ يىتەرلىك ئىكەنلىكنى بەيان قىلىپ بۇ ۋەزيفەنى دەرھال ئىجرا قىلىشنى ئۆز ئۇستىگە ئالدى. خوتەن ھۆكۈمەتى ۋە كاشغەر ھۆكۈمەتى ئاراسىدا يىڭى ھىسارنىڭ شەرقىدەكى «شاھ نىياز ئۇستەڭى» نى چىگەرا قىلىپ بەلگىلەش تەكلفىنى بىردى ۋە يەنە: «ھۇدۇدىمىز (چىگەرايىمىز) بېكىتىلسە ۋە ئورتاق دۈشمەنىمىز بولغان تۇڭگاننى يوقاتسام، ئارامىزدا بىرلىك ئورناتىشقا ھىچ قانداق توسالغا قالمايدۇ دىپ ئويلاپ بۇ ئىشنى ئايرىۋەتكىلى ئۆزۈم كىلدىم» دىپ يالۋۇردى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇ يالۋۇرۇشنى ئۇنىڭ ئاجىزلىغىنىڭ دەلىلى دىپ چۈشەنگەن سابىت داموللام ئۇنىڭ بو سۆزلەرىگە ئۇنىماي كاشغەرگە بارىش ئىرادەسىدە چىڭ تۇردى. تۆمۈر سىجاڭمۇ ئىلاجىسىز بۇلارنىڭ كاشغەرگە كىرىشىگە ۋە بىرلەشىپ يىڭى شەھەرنى ئالىشقا قوشۇلۇپ كاشغەرگە قايتتى.

سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئەبدۇللاھ ئەسكەرلەرىنى ئالىپ كاشغەر خەلقىنىڭ قىزغىن ۋەسەمىمانە قارشى ئالىشى ۋە دەبدەبەلەرى ئىچىدە 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كاشغەرگە كىردىلەر. تۆمۈر سىجاڭمۇ كۆرۈنۈشتە ياخشى ئىھتىرام قىلغان بولدى. بۇلار كاشغەرگە كىرىپ ھاردۇقىنى ئالغاندىن كيىن تۆمۈر سىجاڭغا كىشى كىرگۈزۈپ ئۇنى يىڭى شەھەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىشقا دەئۋەت قىلدى. لىكىن تۆمۈر سىجاڭ بۈگۈن، ئەتە، دىپ كىچىكتۈردى. مانا شۇ ئارالىقتا ياركەنتتەكى ھافىز تېڭجاڭ ۋە كاشغەرلىكلەردىن سابىت داموللامغا ھەسەد قىلادۇرغان بىر بۆلۈك ئادەملەر تۆمۈر سىجاڭنى سابىت داموللامغا قارشى ھەرەكەت قىلدۇرۇشقا باشلادىلەر. بىر تەرەفتىن سابىت داموللام بەئزى ئىككى يۈزلۈك ئادەملەرگە

ئۆز سىرىنى ئېيتىپ ئۇلارنى تۆمۈر سىجاڭ بىلەن سۆھبەتلەشىشكە قويدى. يەنە بىر تەرەفتىن سابىت داموللام كاشغەرنىڭ كاتتالارىغا مەغرۇرانە ئىفادە كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى مەھەببەت ھېسسىياتىنى بۇزدى. ئەمما تۆمۈر سىجاڭ قول ئاستىداكى بارلىق ئەسكەر ۋە قوماندانلارنى پۇل ۋە مەنسەب بىلەن خوش قىلىپ ھەممەنى ئۆزىگە سادىق تەرەفدارلاردىن قىلدى. بۇنىڭ بىلەن **8**- ئاينىڭ **1**- كۈنى كۈندىن باشلاپ تۆمۈر سىجاڭ سابىت داموللا ۋە ئەمىر ئەبدۇللاھقا ئوچۇقچە دۈشمەنلىك كۆرسەتمەككە باشلادىلەر. بۇ ئەسنادا كاشغەر ئاھالەسىدىن بولغان بەزى بىر شەخسىيەتچى تىجارەتچىلەر ۋە بۇرۇندىن كاشغەردە چوڭ ئاتىلىپ ئۆتكەن بايلار ۋە بەزى ئىنقىلابدا قوراللىنىپ قالغان ئىنقىلابچىلەر تۆمۈرسىجاڭنى بارغانسىرى تار يولغا باشلاپ، بىرگەن مەسلەھەتلەرى شۇ بولدىكى، كاشغەر دېگەن ئەزەلدىن ھۆكۈمەتكە مەركەز بولۇپ كېلگەن يەر، ئۈرۈمچىدىن قالسا ئىككىنچى پايتەخت بولۇپ كېلگەن بىر ۋىلايەت مەركەزى دېگەن دەك ھەرقىسىم بۇزۇق خەياللارنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ مېڭىسىگە قۇيۇپ سابىت ھاجى داموللام ۋە ئەمىر ئەبدۇللاھ (شاھ مەنسۇر) لەرنى تەمام ئەسكەرلەرى بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ نەزەربەند قىلىشقا، ئەسكەرلەرنى بۆلەك - تالاڭ قىلىپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىشكە، بۇنىڭ ئارقاسىدىن خوتەن ھۆكۈمەتىنى بىر پۈتۈن ھالدا قولغا چۈشۈرۈشكە كۈشكۈرتكەنلىكى ئۈچۈن تومۇر سىجاڭغا بۇ مەسلەھەتلەر بەك ياراپ كەتەدۇر. شۇنىڭ بىلەن بۇ شۇم نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر بۆلۈك ھەربى قوماندانلار، ئىدىيەسى قالاق تىجارەتچىلەر ۋە ھەسەدچىلەر بىر يەرگە كېلىپ ئۆزئارا مۇزاكەرەگە چۈشتىلەر. گەرچە بۇ مۇزاكەرەلەردە مەخفىي ھۇجۇم قىلىش قەرار قىلىنماغان بولسامۇ، بۇلار ئۆزىچە ھۇجۇمنى بىر - ئىككى كۈن كېچىكتۈرۈشتى. لېكىن، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بەزى قوماندانلەرى ۋە خۇسۇسەن كاشغەر ئاھالەسىدىن سابىت داموللامغا ھەسەت قىلادۇرغان قوماندانلار ھەرقايسى سارايلاردا تارقاق ھالەتتە تۇرغان قىسىملارىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ قوراللارىنى تارتىۋالىشقا باشلادى. شۇ چاغدا ئەمىر ئەبدۇللاھ ئەسكەرلەرىنى ئالىپ قانداق قىلسا قىلىپ ياركەنتكە يەتىپ بارالىغۇدەك ھالەتتە بولسامۇ، سابىت داموللام قورقۇپ ئەمىر ئەبدۇللاھنى تەسلىم بولۇشقا كۆندۈردى. شۇنداق قىلىپ، **8**- ئاينىڭ **7**- كۈنى ئەمىر ئەبدۇللاھ تەمام ياراقلارىنى تۆمۈرگە تاپشۇردى. تۆمۈر سابىت داموللام ۋە ئەمىر ئەبدۇللاھنى يەنە بىر نەچچە كىشى بىلەن نەزەربەند قىلغاندىن كېيىن، ياراقتىن

ئايرىلغان خوتەن ئەسكەرلەرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ھەتتا ئۇستىدەكى كەيىملەرىنى تارتىۋېلىپ ۋە بەئزىلەرىنى ئۆلتۈرۈپ، غايەت زۇلملارنى قىلىپ ئاچ ۋە يالاڭاچ ھالدا كاشغەردىن قوغلادىلەر. ئەسكەرلەرنىڭ شەھىيد بولغانلارىدىن باشقا يولدا سۇسىزلىق ۋە ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەرىمۇ بار.» مۇھەممەد ئەمىن ھەزرەتنىڭ ئۆز كىتابىدەكى **89** ـ بەتتىن **95** ـ بەتكەچە بولغان سۆزلەرى شۇنچەلىك يازىلدى. دەۋامىنى ئىستەگەنلەر شۇ كىتابقا قاراسۇنلەر.

# كېڭەيمەچىلىك سىياسەتى

ئالدىنقى بۆلۈمدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرابېكنىڭ ئۆز كىتابىدا تۆمۈر سىجاڭ بىلەن خوتەنلىكلەر توغراسىدا يازغان ئېچىنىشلىق ۋاقىئەلەرنى بىرمۇ بىر ئىئتىراپ قىلىشلارىغا قاراغاندا، خوتەنلىك قارىنداشلارىمىز تارىخ سەھىفەلەرىدە ئۆزلەرىگە تاپا ـ تەنە قالدۇرادۇرغان بىر ئىشنى قىلىپ بەك خاتا قىلىپتۇرلەر.(يۇقارقى ئەسەر 91 ـ بەت 8 ـ قۇر). ئۆتكەن دانالار: «ئۆز ئاجىزلىقىنى يوشۇرماسلىق، كەمچىلىكنى ئىئتىراپ قىلىش كەمالەتكە يەتىشنىڭ تۇرتكەسىدۇر» دىگەن ئىكەن. شۇنىڭغا قاراغاندا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ بۇنداق ئانىقلىق بىلەن ئۆز قەلەمى ئارقالىق ئۆز كىتابىدا ئۆز كەمچىلىكىگە قىلغان ئىئتىرافلەرى ئۇزاتىنىڭ كەمالەتىنىڭ بەلگەسىدۇر. ئەگەر بىر كىشى خاتا قىلغان بولسا، ئۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت دەرسى ئالىپ خاتالىقنى قايتا سادىر قىلماسلىققا تىرىشىدۇر. (ئەمما تەكرار خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئەڭ چوڭ خاتالىقدۇر)

ئۆز پەيتىدە خوتەن دەۋلەت كىشىلەرىنىڭ خوتەن ۋە ياركەنت ۋىلايەتلەرىدە قۇرۇلغان ھۆكۈمەتكە قانائەت قىلماي كاشغەرگە كۆز تىكىشى كېڭەيمەچىلىك سىياسەتى يۈرگۈزۈشكە باشلاغانلىقى ئىدى. ھالبۇكى مىڭلاپ قۇربان بىرىپ، قانلار تۆكۈپ، جانلارنى فىدا قىلىپ قولغا كىلگەن خوتەن دەۋلەتىنىڭ قەدرىگە يەتىپ خوتەننىڭ ئىچكى ئىشلەرىنى رەتكە سالىش، چىگەرا ـ ھۇدۇدلارنى مۇستەھكەملەش، قوشۇنلارنى زەمانەۋي ھەربى تەئلىم ـ تەربىيەگە ئىگە قىلىپ، زەمانەۋي قورالالار بىلەن قوراللاندۇرۇش، ئارمىيە ئىشلەرىنى تۈزۈملەشتۈرۈش فۇرسەتى قوللارىدا ئىدى. بۇنداق قىلىشقا زەمانمۇ، ماكانمۇ يار بىرەر ئىدى، شۇنداق تۇرۇپ كاشغەرگە يۈرۈش قىلىش خاتا بولاتتى. خەيرىيەت، قازايۇ ـ قەدەر شۇنداق ئىكەن، شۇ بويىچە بولۇپتۇر. بۇ توغرادا بىر شائىر خويمۇ توغرا ئەيتقان:

تەقدىرى خۇدا قۇۋۋەئى بازۇ ئىلە دۆنمەز
بىر شەمئكى مەۋلا ياقە بىر ۋەجھ ئىلە سۆنمەز

تونۇپ بولماس تەقدىرنى بىلەكتە كۈچ بولغانغا
ئۆچمەس ئىگەم ياققان شام قانچە ئەمال قىلغانغا

بۇنداق خاتالىقلار تارىختا كۆپ بولغان. شۇنداقتىمۇ كىشىنى ئۆكۈندۈرەدۈرغان بىر يەرى ئۇلارنىڭ ئۆز مۇرادلەرىگە يەتەلمەي قالغاندۇر. بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى ئاتۇقچە ئەزۋەيلىگۈمىز يوق. چۈنكى، كىڭەيمەچىلىك قىلىش بىلەن بىرەر مەملەكەتنى ئىشغال قىلىش ۋە يا بىرەر شەھەرنى ئالىش جاھانگىرلارنىڭ نەزەرىدە قالتىس ئىش ھىسابلانماقتا. ئىنسان تەبىئەتنى بىلگەنلەر بۇئىشلارغا ھەيران قالمايدۇر. قايسى بىر دەۋلەت ۋە ئەل كۈچلۈك، زور بولۇشقا ئۇرۇنمايدۇر؟ شۇنىڭدەك، بىز بۈگۈن **20** ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشاۋاتىمىز. مەدەنىيەتنىڭ ئاۋازى يەر بىلەن كۆك ئاراسىغا سىغمايدۇر. شەرقدە بولسۇن ياكى غەربدە بولسۇن ئىمپىرىيالىزىمنىڭ غۇلاچ ئاتىپ كەتىۋاتقان ئىستىيلا سىياسەتى، مۇستەملەكەچىلىك سىياسەتى ئۈچۈن يەر يۈزى تارچىلىق قىلىپ، بەش قىتئە زىمىنغا قانائەتلەنمەي، كۆكنى ئىستىيلا قىلىش ئۈچۈن ھىلى ئايغا، ھىلى يۇلدۇزغا چىقىپ كىچە ـ كۈندۈز ھەرەكەت قىلماقتا. شۇنداق ئىكەن، بىز مۇجاھىد سەفداشىمىز، خوتەن ئارمىيەسىنىڭ قۇماندانى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرەتلەرىنى ۋە ئۇنىڭ مەسلەھەتچىلەرىنى كىڭەيمەچىلىك سىياسەتىدە خاتا قىلدى، دىپ ئۆز روھىمىزنى چۈشۈرمەيمىز. يەر يۈزىدە خاتا قىلماغان كىم بار؟ قايسى مەرد يىگىت بۇنداق قىلالايدۇر؟ تارىخ سەھىفەلەرىنى بىرمۇ ـ بىرۋەرەقلەپ باقادۇرغان بولساق، ئوھۇد غازاتىدەكى مەرگەنلەرنىڭ خاتالىقى، ھەزرەت ئەلىنىڭ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) شەھىد بولۇشى بىلەن باشلانغان خاتالار، سىففىن ھادىسەسى، جەمەل (تۆگە) ۋاقىئەسى قاتارلىقلار ئىسلام تارىخىدەكى ئەڭ زور ۋە ئېچىنىشلىق فاجىئەلەردىندۇر. كەربالا چۆلىدە بولغان قايغۇلۇق ۋاقىئەلەرگە نىمەدىگەلى بولسۇن. تەقدىر شۇنداق ئىكەن، دىپ سىر ـ ھىكمەتنى ئۆزىگە تاپشۇرماسلىقتا ئىلاجىمىز يوق. دۇنيادا خاتا قىلماغان قايسى پادىشاھ ۋە قايسى دانىشمەند ئۆتكەن؟ بىز فىرئەۋنلەرنى دەمەيلى، نەمرۇدلار، رىملىقلار، كىسرالار، قەيسەرلەر، ناتسىپىستلار، كامۇنىستلار، فاشىپستلار، مەجۇسلەر، بولۇپمۇ زەمانىمىزدەكى ئاتالمىش دىموكراتلارنى دەمەيلى، ئۇلارنىڭ سىياسەت ۋە جەڭ مەيدانلارىدا سادىر قىلىۋاتقان خاتالىقلەرىنى ساناپ تۈگەتكەلى بولمايدۇر. تارىختا ئەرەبلەر ئەجەملەرنى ئۇردى، ئۇمەۋىيلەر ئاببارسىيلەرنى ئۇردى، ئەمىر

تىمۇر بايەزىدنى ئۇردى، كاشغەر خوتەننى ئۇردى، خوتەن كاشغەرنى ئۇردى، قابىل ھابىلنى ئۇردى. بۇ جەھەتتە بىر شائىرنىڭ تۆۋەندەكى بىر مىسرا شىئىرى نەقەدەر جايىدا ئەيتىلغان ـ ھە!

## قارىنداش بىلىپ ـ بىلمەي قارىنداشنى ئۇردى.

تارىختا بۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىقلار كۆپ يۈز بىرگەن. تارىخ باشلانىشتىن شۇنداق بولۇپ كىلدى. تارىخ بىر ھەققانىي قازىدۇر. توغرىنى توغرا، ئەگرىنى ئەگرى، كىچەنى قاراڭغۇ، كۈندۈزنى يورۇق دىپ ھۆكۈم چىقارادۇر.

سۆزىمىزگە كىلسەك، تارىخنى (رىئاللىقنى) قانداق كۆرسەك شۇنداق بىلىپ، شۇنداق يازىپ بولغاندىن كىيىن بىزگە چۈشكەن مەجبۇرىيەتنىڭ تەقازاسى شۇنداق ئىكەن، شۇنداق بولدى. تەقدىر ئۆز ئىشنى قىلدى، دىپ ۋاقىئەلەرگە خاتىمە بىرەمىز. بۇ ئىشتا قولىمىزدىن كىلىشچە بۆلگۈنچىلىكتىن قاچۇرمىز. بۇ تىماغا خاتىمە بىرىش ئالدىدا تۇرار ئىكەنمىز، خوتەن شەھىدلەرىنى، كاشغەر مۇجاھىدلەرىنى، ئۇلۇغ تۈركىستان ئۇچۇن جانلەرىنى فىدا قىلغانلارنى، فەرغانە شەھىدلەرىنىڭ ھەقلەرىگە «ئىلاھا! شۇلارنىڭ بارچەسىنى رەھمەتىڭگە چۇمۇلدۇرۇپ، جەننەتىڭگە لايىق كىشلەردىن قىلغايسەن!» دىپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا يالۋارىپ، دۇئا قىلىمىز. ھەممەمىز بىر ئاتانىڭ، بىر ئانانىڭ ئەۋلادى، بىر ۋەتەننىڭ ئوغلانى. ھەممەمىز بىر ئەنئەنەگە باغلىق بولۇپ، يۇرتنى قۇتقۇزۇش فىكرىدە بىر، مەفكۇرىدە بىر. بىر تىل، بىر مىللەتكە مەنسۇب بىر قەۋمىمىز. بولۇپمۇ بىزدەكى دىن بىرلىگى، ئىسلام بىرلىكى بۇ نوقتانى تىخىمۇ ھەسسەلەپ كۈچەيتىدۇر. كىتابىمىز بىر، پەيغەمبىرىمىزمۇ بىر دۇر. شۇنداق ئىكەن، بىزلەرنىڭ ئىتتىفاق بولۇشىمىز ئۇچۇن ئەمدى يەنە نىمە لازىم؟ يىڭى نەسىللەرىمىز، كىلەچەكتەكى ۋارىسلارىمىزغا نىمەنى مىراس قالدۇرۇپ كەتۈرمىز؟

بىز شۇنى ئۇنتۇمايلىكى، ئەۋلادلارىمىزغا قالدۇرادۇرغان ئەڭ ياخشى مىراسىمىز بىرلىك، ئىتتىفاقلىق بولسۇن.

ئەي پەرۋەردىگار! بىزنىڭ گۇناھلەرىمىزنى، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ۋە شۇنداقلا بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلەرىنى كەچۈرۈم قىلغايسەن!

# تۆمۈر سىجاڭنىڭ شەھىد بولۇشى

ئالدىنقى بىر بۆلۈمدە تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىپەرۋالىقى توغراسىدا بىر ئاز توختالغانلىقىمىز ئوقۇرمەنلەرىمىزنىڭ ئەسىدە بولسا كېرەك. دىگەن دەك، تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇ بوشاڭلىقى ۋە غافىللىقى بارغانچە كۈچەيدى. بۇنىڭ ئاقىبەتىدە خوتەن مۇجاھىدلەرى بىلەن قارشىلاشتى. ھافىز تېڭجاڭنىڭ ئارقاسىدىن كىچىك ئاخۇن تېڭجاڭنى خوتەننى ئىشغال قىلىشقا ئېبىردى. ئۇندىن باشقا يەنە قىرغىزلار قوشۇنىنىڭ قۇماندانى ئوسمان ئەلى لۈيجاڭنى خوتەنگە بارىپ ھافىز تېڭجاڭ بىلەن بىرلىكتە خوتەن ۋىلايەتىنى ئالىپ كاشغەرگە قارام قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇق بىردى. بىراق ئوسمان لۈيجاڭ بۇ بۇيرۇقنى ئورۇنلامادى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق ئاچچىقى كىلدى. ئوسمان ئەلى لۈيجاڭ بۇ ئىش تۈپەيلىدىن تۆمۈر سىجاڭنىڭ غەزەبىگە ئۇچراپ قالىشتىن قورقۇپ كاشغەردە تۇرۇۋاتقان بارلىق قوشۇنلارىنى ئالىپ تاغقا چىقىپ كەتتى.

مانا شۇنداق سەبەبلەرگە كۆرە، تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاشغەردەكى ئەسكەرلەرى ئاز قالدى. كۆزگە كۆرۈنگەن تېڭجاڭلاردىن ساتىپ ئالدىجان قالغان بولۇپ ئۇمۇ يارباغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. **1933** ـ يىلى **9** ـ ئاينىڭ **27** ـ كۈنى تۆمۈرسىجاڭ لەڭگەردەكى باغقا ئىستىراھەت قىلغالى چىقادۇر. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھەرەكەتىنى كىچە ـ كۈندۈز كۆزۈتۈپ تۇرۇشقان دۈشمەن تۇڭگانلار بۇ قاتىم بىر شۇملۇققا تەييارلىق كۆرۈشكەن ئىدى. ئۇلار تۆمۈر سىجاڭغا سەمەندە پىستىرما قويۇپ، ئۇنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشادۇر. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ماشىنىسى پىستىرما قويۇلغان يەرگە كىلگەندە توساتتىن تۇڭگانلارنىڭ ئوق يامغۇرىغا تۇتۇلادۇر. ماشىنا ماڭالماي قالادۇر. شۇ ئاندا تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى مۇھافەزەتچىسى ۋە شوپۇرى بولۇپ تۆت ئادەمنىڭ ئۆلۈكى ماشىنادىن يەرگە دومۇلاپ چۈشەدۇر. تۇڭگانلار كىلىپ تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللاسىنى كەسىپ ئالىپ يىڭى شەھەرگە چىقىپ كەتەدۇر. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يىڭى شەھەردەكى ماجەنساڭ قۇماندانلارىغا كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بىرىدۇر. بۇنىڭ بىلەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ قالدۇق كۈچلەرى بىلەن تۇڭگان قوشۇنلارى ئاراسىدا دەھشەتلىك ئۇرۇشلار بولادۇر. كاشغەر كونا شەھەرى

تۈگىگان ئەسكەرلەرى بىلەن تولادۇر. ئەتەسى تۈگىگانلارئۈچۈن يېڭى ھەيات، يېڭى شادلىق كۈنى بولادۇر. لوزۇڭىنىڭ باغىدا پىلان ـ لايىھەلەرنى تۈزۈپ تەييارلانىپ تۇرغان مادوتەي لوزۇڭىنىڭ قول ئاستىدەكى مۇشۇ كۈنگە ئاتاپ باقىلغان مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ مۇھافەزەتى ئاستىدا كاشغەر ئورداسىغا كىرىپ ئورۇنلاشىپ، ھوقوقنى قولىغا ئالادۇر. يېڭى شەھەردىن ھۇجۇم قىلىپ چىققان تۈگىگانلارنىڭ كۈچلۈك تەشكىلىنى كۆرگەنلەر نىمە قىلارىنى بىلمەي ھۇدۇقۇپ قالىشادۇر. شەھىد تۆمۈرنىڭ شەھەردە قالغان ئازغىنە ئەسكەرلەرى بولسا ئاتىشار ـ ئاتىشار شەھەرنىڭ تاشقىرىسىغا چىقىپ ئارتۇش تەرەفكە كەتەدۇر.

# تۆڭگانلارنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئىدارە شەكلى

شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۇ قۇرلارنى يازغۇچى كەمىنە شەھەر ئىچى ۋە ئەترافىدەكى ئۆلۈكلەرنى كۆمۈش، يارىدارلارنى شىفاخاناغا كىلتۈرۈش مەقسەدىدە ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتىدىن ئاتلانىپ، ئەسباب ۋە جابدۇقلارىمىزنى ئالىپ ئورداغا كىردىم. ئوردانىڭ تەرتىب، ئىنتىزامى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن. نەگە قاراساڭ خىتاي، تۆڭگانلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئىدارە شەكلى قەدىمي چىن (خىتاي) ئەنئەنەسى ئەساسىدا بىزەلگەن ئىدى. بىز كىرسەك، بىر تەرەفتە تۆڭگانلارنى ۋە يىگىدىن تەختكە چىققان مادوتەيىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كىلگەن شەھەر بايلارى، تىجارەتچىلەرى، ئالىملەرى ۋە باشقا كىشىلەر بىر ئايۋاندا قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. مەن ئىچكىرىگە كىرگەنىمدە دائىرە بولۇپ تۇرغان كىشىلەر توپىغا كۆزۈم چۈشتى. مەن ئۇيەردە يۇنۇس بەگ ۋە ئەبدۇرەھمان ئەپەندىلەرنى كۆردۈم، ئۇلارمۇ مەنى كۆردى. سەلام ئورنىدا كۆزلەرىمىز ئۇچراشتى. قاراسام ئۇستەلنىڭ يۇقارى تەرەفىدە ئولتۇرغان بىر ياش يىگىت ھەربىي بۆلۈم باشلىقىدەك كۆرۈندى. بارىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ چەپ يەڭەمگە تاقۋالغان قىزىل ئاي بەلگەسىدىن مەنىڭ ھىلال ئەھمەرنىڭ خادىمى ئىكەنلىكمنى بىلىپ، خىتايچە سۆزلەشكە باشلادى. ئۇ مەنىڭ ئۇنىڭ سۆزلەرىنى چۈشەنمەگەنلىكمنى ئۇققاندىن كىيىن رۇس تىلىدا سۆزلەشكە باشلادى. شۇنىڭ بىلەن بىز راۋان سۆزلەشىپ كەتتۇق. سۆز ئارالىقىدا مەن ئۇنىڭغا ھىلال ئەھمەرنىڭ خەلقلەر ئارالىق بىر جەمئىيەت ئىكەنلىكنى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلادىغانلىقنى ھەمدە ئۆزۈمنىڭ بۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى ئىكەنلىكمنى دىدىم. شۇ چاغدا بۇ ئادەم يۇنۇس بەگكە قاراپ خىتايچە بىر نىمەلەرنى دىپ كەتتى. يۇنۇسبەگ ئۇنىڭ مەنىڭ سۆزلەرىمنى قوللاغانلىقنى ئىما قىلدى. نەتىجەدە، بۇ ئادەم مەنىڭ شەھەر ئىچى ۋە تاشىدا، سىپىل ئاستىدا قالغان ئۆلۈكلەرنى كۆمۈشكە، يارىدارلارنى دوختۇرخاناغا ئالىپ كىلىپ دەۋالاشمىغا قوشۇلدى. مەن سەرمەندەكى ھىلىقى تۆت ئۆلۈكنى دەفنە قىلىش ئۈچۈن ئايرىم رۇخسەت سوراغان ئىدىم، ئۇنىڭغامۇ قوشۇلدى. مەن ئۇنىڭغا: «تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللاسى تەنى بىلەن بىرگە كۆمۈلەمدۇر ياكى ئايرىم كۆمۈلەمدۇر؟»، دەسەم، ئۇ شۇ

هامان يىڭى شەھەرگە تىلىفۇن بىرىپ، تۆمۈرنىڭ كاللاسىنى دەرھال ئالىپ كىلىپ ھىلال ئەھمەرگە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق بىردى ھەمدە مەنىڭ باياقى سۇئالىمغا: «كاللاسى تەنى بىلەن بىرلىكتە كۆمۈلسۇن» دىپ جەۋاب بىردى. ئايرىلار چاغدا ئۇ ماڭا ئۆز تەشەككۇرىنى بىلدۈردى ۋە يۇنۇسبەگكە بۇ ئىشقا كەتەرلىك خىراجەتنى تەقلەپ بىرىشنى تاپالادى. مەن ھەرھالدا بۇ قورقۇنچلىق ئۆردادىن سىرتقا ساق ـ سەلامەت چىقتىمدە، ئاياغىم يەرگە تىگەر ـ تەگمەس بوز ئاتىمنىڭ قاشىغا چاپتىم. ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتىدەكى خادىملار نەۋبەتتەكى قۇتقۇزۇش ئىشىغا ماڭدۇرۇلدى. مەن بولسام دوختۇرخاناغا قايتىپ كىلدىم. بىر كەمدە تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللاسىمۇ ئالىپ كىلىنىپ ئۆز تەنگە قوشۇلدى. ئەبدۇللاھ ھاجىنىڭ باشچىلىقىدا تۆمۈر سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئىبراھىم قارى، سابىت قارى دىگەن ئىككى ياۋەرى (مۇھافەزەتچىسى)، شوپۇرى ئەمىن مەرگەن قاتارلىقلارنىڭ ھەممەسى توغراق مەزارغا دەفن قىلىندى[21].

«بىز ئەلۋەتتە الله نىڭ ئىگەدارچىلىقىدامىز (يەنى الله نىڭ بەندەلەرىمىز)، چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا قايتامىز» (بەقەرە سۈرەسى 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

تۆمۈر سىجاڭ مەرھۇمنىڭ بۇ ھالغا دۇچار بولىشىنىڭ ساددالىق، بىپەرۋالىققا ئوخشاش بىر قانچە سەبەبلەرى بار. مەسەلەن، ئۆز ۋەقتىدە خوجا نىياز ھاجىمدىن تۆمۈر سىجاڭغا تۆۋەندەكى مەزمۇندا بىر پەرمان كىلەدۇر: «تۇڭگانلار بىلەن ئارامىز بۇزۇلدى. بۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان تىزدىن ھەرەكەتكە كىلىپ كاشغەردەكى تۇڭگانلارنىڭ قوللارىدىن قورااللار تارتىپ ئالىنسۇن.» تۆمۈر سىجاڭ بولسا بۇ بۇيرۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى بۇ بۇيرۇقنى مازىخۇيغا كۆرسۇتۇپ: «ماڭا مۇشۇنداق بۇيرۇق كىلگەن ئىدى. ئەمما مەن سىلەرگە دوستلۇق قىلىپ بۇ بۇيرۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرمادىم» دەيدۇر. بۇنى ئاڭلاغان زىخۇي تۆمۈرنىڭ دولاسىغا ئۇرۇپ ئۇنىڭغا تەشەككۇر ئەيتىدۇر ۋە بۇ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويادۇر. شۇندىن كىيىن تۇڭگانلار تۆمۈر سىجاڭنىڭ باشىغا بالا، جانىغا جەزا بولادۇر. نىھايەت ئۇلار تۆمۈرنىڭ ئەزرائىلى بولۇپ

21 ـ ئانچە كۈچلۈك بولماغان بىر رىۋايەتتە تۆمۈر سىجاڭنىڭ شۇ چاغدەكى ھەمراھلەرى ئىچىدە مۇتىئۇللاھ، مۇئاۋىنى ئەبدۇللەتىيف مەخدۇم ۋە يەنە يۇنۇسبەگنىڭ مۇئاۋىنى ئەبدۇللاھ داموللاملارمۇ بار ئىكەن. ئەمما بىز بىلگەن ئۆلۈك تۆتلا ئادەم ئىدى. قاراغاندا يۇقارقىلار قانداقتۇر بىر سەبەبلەر بىلەن ئۆلۈمدىن قالغان بولسا كىرەك.

قالادۇر. تۆمۈر بولسا ئۆز نادانلىقى، بىلىمسىزلىكىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتەدۇر.

ئەي خەسمى ھەقىقىي سەنى ئۆلدۇرمەلى ئەۋۋەل
سەن، سەن بىزە دۇشمانلەرى ئۇستۈن گىترەن ئەل
مۇھەممەد ئاكىف

تەرجەمەسى: ئەي ھەقىقى دۇشمەن جەھالەت! ئالدى بىلەن سەنى ئۆلتۈرۈش كېرەك ئىكەن، بىزنى دۇشمەنگە خار قىلغان دەل ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟

بۇ تۈركىستان ئېلى ئىچمىش جەھالەت ئاغۇ[22]سىدىن ۋاي
ئىشتمايدى قۇلاغى بۇ جاھان قوقوسى[23] دىن ۋاي
يارەب تەرەھھۇم ئەيلەمەسەڭ ھالىمىز خەراب
ياندۇق جەھالەت ئاتەشىنە باغرىمىز كەباب
جەدىدلەر ئەسەرلەرىدىن

22- ئاغۇ- زەھەر
23- قوقۇ- غەۋغا، شاۋقۇن- سۈرەن.

# ئاپپاق خوجامدا يۈزبەرگەن تۈگگان- ئۆزبېك توقۇنۇشى

شۇكۈنلەردە ئاپپاق خوجام مەزارىنىڭ ئەترافىدا تۇڭگان ـ ئۆزبېك ئەسكەرلە ئاراسىدا شىددەتلىك بىر ئۇرۇش يۈز بەردى. ئىككى تەرەپتىن بولغان ياردارلار، ئۆلۈكلەر مەيداندا، كوچادا، باغلاردا ھېچكىمنىڭ كارى يوق ھالدا قالدى. ئەرتەسى ھىلالى ئەھمەر ئىدارەسىگە ئۇرادىن بىر تۇڭگان ئەسكەر كەلدى. قولىدا مەنى ئورداغا چاقىرغان مەزمۇندا مەكتۇب بارئىدى. مەن دەر ھال بوز ئاتىمغا مىندىم ـ دە، ھىلىقى ھەربىي قۇماندانىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردىم. كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۇ ماڭا: «ئەسكەرخانادا ياردارلار بار. سىزنى بۇ يەرگە ئۇلارنى داۋالاپ ساقايتىش، يەنە جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەنلەرنى يەرلىكتە قويۇش ئىشلەرىدىن خەبەردار قىلىش ئۈچۈن چاقىرتتقان ئىدىم» دىدى. مەن بۇ ئىشلارغا تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا ھىلالى ئەھمەر ئىدارەسى ۋە دوختۇرخاناداكى ھەر قايسى خادىملارغا مەئاش توختاتىش ۋە دوختۇرخاناغا كەتەرلىك چىقىملارنى ھىسابلاپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رويخەتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى تەلەب قىلدى. مەن بۇنىڭغا قوشۇلغان ۋە تەشەككۈر ئەيتقان ھالدا ئۇنىڭدىن ئايرىلدىم. تەلەبكە كۆرە، ئالدى بىلەن ئەسكەرخاناداكى ياردارلارنى ئالىپ كېلىپ داۋالادۇق. يەنە بىر ياندىن دەفن ئىشلارىغا مەسئۇل ئەبدۇللاھ ھاجى ئەسباب ـ جابدۇقلارى بىلەن ئاپپاق خوجاغا ماڭغۇزۇلدى. ئۆلگەنلەر يەرلىكتە قويۇلدى. ياردارلار ياتاققا ئالىندى. تۆت دانە ئات ئۈستىدەكى خورجۇنلەرى بىلەن ھىلالى ئەھمەرگە كىلتۈرۈلدى. بۇ ئىش تۇڭگانلارنىڭ ھەربى قۇماندانىغا دوكلات قىلىنغاندىن، قۇماندانىدىن بۇ تۆت ئاتنى ھىلالى ئەھمەر ۋە دوختۇرخانانىڭ ئىشلەرىگە ئىشلەتسە بولادۇر، دىپ رۇخسەت كىلدى.

بىر كىچەسى مۇجاھىدلاردىن بولغان قوراللىق تۆت نەفەر ئادەم تۇيۇقسىز دوختۇرخاناغا باستۇرۇپ كىرىپ ھىلىقى تۆت ئاتنى بۇلاپ كەتتى. دوختۇرخاناداكىلەر قولىمىزدا قورال بولماغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا تەقابۇل تۇرالمادۇق. كىلگەنلەرنىڭ ئىچىدە جەمئىيەت (ئىستىقلال جەمئىيەتى) ئەئزالەرىدىن بولغان، جەرنىل ساھىبقا ئەسكەر بولغان تاشكەنتلىك يەھيا دىگەن ئادەممۇ بار ئىدى.

# (شاھ مەنسۇر) ئەمىر ئەبدۇللاھنىڭ قاچۇرۇۋاتىلىشى

خوتەن رەھبىرلەرىدىن ئەمىر ئەبدۇللاھ ۋە سابىت داموللاملارنىڭ كاشغەردە نەزەربەند بولۇپ قالىشىغە مۇنەۋ ۋەرلەر( ئىستىقلال جەمئىيىتى ئەئزالەرى ۋەكىللىكىدەكى ئىلغار كىشىلەرنى دەمەكچى - ت) رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا جەمئىيەت تەرەفىدىن ئۇلارنى قاچۇرۇۋاتىش قەرار قىلىنىپ، بۇنىڭ ئەمەلىي چارەسى ئىزدەلمەكتە ئىدى. يۇقاردا دىپ ئۆتۈلگەندەك **1933** - يىلى **9** - ئاينىڭ **27** - كۈنى تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللاسى ئالىنغانلىق خەبەرى تارقالىۋاتقان چاغدا ھىلالى ئەھمەرجەمئىيەتىدەكىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ساتىپ ئالدىجاننىڭ ئابرۇيلۇق قۇرباشىسى بولغان ئارىپ خوجا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە قورالىق تۆت يىگىتنىڭ قوغداشى ئاستىدا ئەمىر ئەبدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ مۇھافەزەتچىلەرى كاشغەردىن قاچۇرۇلۇپ ياركەنتكە يەتكۈزۈلدى. شاھ مەنسۇر يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆز تەختىگە ئولتۇردى. بۇ كۈندە خۇددى پۈتۈن دۇنيا شاھ مەنسۇرنىڭ بولغاندەك بولدى. دەمەسەمۇ شاھ مەنسۇرنىڭ نەزەر بەندتىن قۇتۇلغان بۇكۈنى - **9** - ئاينىڭ **27** - كۈنى ئۇنىڭ ھەياتىدەكى ئەڭ بەختىيار كۈن بولغان ئىدىلەر. گۇمانلانغانلار بارىپ شاھ مەنسۇرنىڭ روھىدىن سوراسا بولادۇر. شۇندا بۇ سۆزىمىزنىڭ ئىسباتىنى ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايدۇر. شەھىدلەرنىڭ پاك روھى ئەلبەتتە توغرا سۆزلەيدۇر. شاھ مەنسۇر ئۇچۇن ئەيتقاندا ھەياتلىقتا يىڭىدىن قايتىش بولۇپ ھىسابلانادۇرغان بۇ تارىخى كۈننىڭ خاتىرەسى سىفەتىدە شاھ مەنسۇر ئارىق خوجا ۋە ئۇنىڭ يىگىتلەرىگە كاتتا زىيافەت بىرىش بىلەن بىرگە ئۇلارغا بىر خالتا ئالتۇن ئىلتىفات قىلدى. ھىلالى ئەھمەر جەمئىيەتىگە رەھمەت - تەشەككۇرلارنى ئەيتىپ، چىرايلىق ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئۇلارنى كاشغەرگە ئۇزاتتى. زەماننىڭ تەقازاسى بويىچە سابىت داموللام ئەمىر ئەبدۇللاھدىن جۇدا بولۇشقا توغرا كىلدى. شۇنىڭ بىلەن سابىت داموللامۇ كاشغەردىن يۆتكىلىپ سۇئىل (فۇقەراچە كەينىگەن) ئەسكەرلەرنىڭ ھىمايەسىدە بىر بۆلۈك مۇنەۋۋەرلەر ھەمدە جەمئىيەتنىڭ رەھبىرلىكىدە ئارتۇشقا ئۇزاتىلدى. سابىت داموللام ئارتۇشقا چىققاندىن كىيىن، ئۇ يەردەكى زىيالىيلار، قۇماندانلار، تىڭچاڭلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى كاشغەرنى دۇشمەن

قولىدىن تەكرار قۇتقۇزۇپ قالىش ئۈچۈن سەفەربەر قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەمدى بىز ئارتۇشتاكى ئەھۋاللارنى شۇ ھالدا قويۇپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىرلىكتە كاشغەرشەھەرى ئىچىگە نەزەر تاشلايلى.

# كاشغەرنىڭ نەجاتى (قۇتۇلۇشى)

بۇ پەيتلەردە كاشغەر شەھەر ئىچىدە تۈمۈر سىجاڭنىڭ زەمانى كەتىپ تۇڭگان زەمانى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. خەلق بولسا سەراسىمە ئىچىدە ئىككىلىنىپ قالغان ئىدى. ئەمەلىيەتتەمۇ ئازغىنە سانغا ئىگە تۇڭگانلارنىڭ پۈتۈن مەملەكەت ۋە بارچە تۈركلەرنى باشقۇرۇپ كەتىپ بولالىشى ھىچ ئەقىلگە سىغماس ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خەلقنىڭ ئەلپازىدىن «مۇجاھىدلار توپلىنىپ بارلىق كۈچلەرى بىلەن ئومومىي بىر ھۇجۇمغا ئۆتسە، بىز ئىچكىرىدىن قولىمىزدىن كىلگەن ياردەمنى قىلساق...» دىگەن بىر ئارزۇ گەرچە ئاغىزدىن چىقارماسامۇ تەبىئىيلا ئىفادەلەنىپ قالاتتى. كەمىنە مۇئەللىف ھىلالى ئەھمەر ۋە دوختۇرخانادا خىزمەتىم بولغانلىقى ئۈچۈن پات - پات ياردار بولغان تۇڭگان ئەسكەرلەرنى داۋالاش مۇناسىبەتى بىلەن ئوردا ۋە گازارماغا ئۆتكەن چاغلارىمدا تۇڭگانلاردىن جىق نەرسەلەرنى ئۆگۈنۈپ قايتار ئىدىم.

ئارتۇشتا تۈمۈر سىجاڭ دەۋرىدەكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە تېگچاڭلار، لۈيجاڭلار، قۇماندانلارنىڭ ھەممەسى توپلاندى. سابىت داموللام باشلىق ئارتۇش مۇنەۋۋەرلەرى تاغداكى قىرغىزلارنىڭ قۇماندانى ئوسمان ئەلى بىلەن كۆرۈشتى. ئارادا ئاتۇشتا چوڭ بىر يىغىن ئاچىلدى. يىغىندا جەمئىيەت ئەئزالەرى ۋە باشقا بارلىق كىشىلەر كاشغەرگە ئومومىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا ئورتاقلاشتى. پەقەت ھۇجۇم كۈننى بېكىتىشلا ئايرىم بىر كېڭەشكە قالدۇرۇلدى.

# ئىستىقلال جەمئىييەتىنىڭ يىغىنى

ئارادىن كۆپ ئۆتمەي ئىستىقلال جەمئىييەتى كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىش كۈنىنى بېكىتىش مەخسۇس يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا دۈشمەنىنىڭ ھەربى ئەھۋالى، قوشۇن سانىغا ئائىت مەئلۇماتلار كۆرۈپ چىقىلدى. بىر مەيدان قىزغىن كېڭەشىشتىن كىيىن، ھەممەنىڭ بىردەك ماقۇللاشى بىلەن ئومومىي ھۇجۇم كۈنى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قىلىپ بېكىتىلدى. ھۇجۇم كۈنى قىرغىزلار تاغ تەرەفدىن، ئۆزبېك مۇجاھىدلەرى ئارتۇش تەرەفدىن ھۇجۇم باشلادى. بۇلارنىڭ كەيىندىن ئارتۇشتاكى خەلق كۈچلەرى، كاشغەرلىك تېڭچاڭلار بىرلىكتە نەئرە تارتىپ كاشغەر كوھنا شەھەرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ كۈندەكى ئومومىي ھۇجۇمدا ئىككى تەرەفتىن كۈن بويى توختىماي ئاتىلغان ئوق ئاۋازىدىن قۇلاقلار چۇڭقۇلداييتى. يارباغ دەرۋازىسىدىن قۇم دەرۋازىسىنىڭ تاشقارىسىغاچە بولغان ئارالىقتا، سىپىل ئەترافىدا ئۆلگەنلەر ۋە قېينالىپ ياتقان ياردارلار دوختۇرخاناغا ئالىپ كىلىندى. بۇ ئەترافتا غائىب ئوق تەككەنلىكتىن ئېچىنىشلىق نالە ـ پەرياد قىلىپ ياتقان ئۆتكۈنچىلەرنى ھەر يەردە كۆرگەلى بولاتتى. دوختۇرخانامىزداكى ياردارلارنىڭ دوختۇرلار، يارا تاڭغۇچىلار يەتىشەلمەي قالدى. ۋەزئىييەت تولامۇ خەتەرلىك ئىدى. ھاۋادا ئوقلار ئۇچۇپ تۇرغان، يامغۇردەك ياغىپ تۇرغان بىر چاغدا سەرمەندەكى قىزىلى كىرىست جەمئىييەتىگە چاپار ئارقالىق مۇنداق مەزمۇنداكى بىر مەكتۇب ئېبىرىلدى.

**KRASNO KREST V SOVTSKOY POLPREDSTVO .V KASHGARE**

**,IDYAT BAY, MASSE RANENNIH YELAVENIKO .ANDERSON NI USPIVAYUTV V BALNITSU**

تەرجەمەسى: ئۇرۇش دەۋام قىلماقتا. ياردارلار كۆپ. دوختۇر ئاندىرسۇن بىلەن يىلاۋىنكالار يەتىشەلمەيۋاتادۇر، شۇڭا تىزدىن ياردەمگە كىلگەن بولساڭلار!

ھىچ قانچە ۋاقىت ئۆتمەستە بىر پەيتۈندا ئايال دوختۇر سىسيايوۋا بىلەن دۈشەنبەلىك قاسىمۇپلار خەستەخانادا پەيدا بولدى. ئۇچرۇشۇش ئارالىقدا

دوختۇر سىسايوۋا: «مەجبۇرىيەتىمىزنى ئەدا قىلىش ئۈچۈن باشىمىزنىڭ ئۈستىدىن، ئالدى ـ ئارقىمىزدىن ئۆچۈۋاتقان ئوقلارغا قاراماي خەستەخاناغا قاراپ يۈگۈردۇق» دېدى. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە جەۋابەن: «شۇنداق ئاغىر كۈنلەردە ھىلال ئەھمەرگە كۆرسەتكەن ياردەملەرىڭىز تارىخ بويىي ئالقىشقا لايىق، سىزگە كۆپ رەھمەت دوختۇر خانىم» دېدىم.

دوختۇر سىسايوۋ دوختۇر يىلاۋىنكا، دوختۇر ئاندىرسون ۋە بىزنىڭ ھەكىملەرىمىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ياردارلارنى داۋالاشقا كىرىشتى. ئۇلار شۇ ئىشلەگەنچە ئۈچ ـ تۆت سائەتچە قىزغىن ئەمگەك قىلىپ، خىلى كۆپلەگەن ئادەمنىڭ يارالارىنى تاڭىپ، دەۋالاپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ، كۈلۈشكەن ھالدا يەنە پەيتونغا ئولتۇرۇپ قايتىپ كەتىشتى. بۇ چاغدا جەڭنىڭ شىددەتى بىر ئاز پەسىيىپ، ئوق ئاۋازلەرى ئازايغان ئىدى. بىلىشىمىزچە، كۈچى ئاز ئەمما ھىلە ـ نەيرەڭى كۆپ بۇ تۇڭگانلار مۇجاھىدلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە، ھۇجۇمنىڭ شىددەتلىك بولادۇرغانلىقىغا، ئەگەر مۇشۇ ئەسنادا ئوردا مۇھاسەرەدە قالادۇرغان بولسا بۇنىڭ ئاقىبەتى پۈتۈنلەي يوقۇلۇش بولۇپ قالادۇرغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلىكتىن دەۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتىشتىن ۋاز كەچىپ، بارلىق قورال ـ جابدۇقلارىنى ئالىپ قوم دەرۋازادىن يېڭى شەھەرگە چىقىپ كەتكەن بولۇپ، شەھەر بوش قالغان ئىدى. مۇجاھىدلار بىلەن خەلق توپى شەھەرنىڭ ئۈچ دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىردى. ئوسمان ئەلى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن قوشمەتمۇ ھەم ئۆزىگە مۇناسىب بىر يەرگە ئورۇنلاشتى، باشقا ئەسكەرلەرمۇ لايىق جايلاردىن ئورۇن ئالدى. ئوردانى ئىدارە قىلىش يەنە بۇرۇنقىدەك ۋالى يۇنۇسبەگ بىلەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئەبدۇررەھمانغا تاپشۇرۇلدى. شىتەي يامۇلداكى سىجاڭلىق ئورنىدا ئوسمان ئەلى، ئۇنىڭ يانىدا جىفەك قازى بولۇپ يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا باشلادى. بۇ ئارالىقتا ئوسمان ئەلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسكەرلەر يېڭى شەھەرگە ئارالاپ ـ ھۇجۇمغا ئۆتسە، تۇڭگانلار دەرھال مۇدافەئەگە ئۆتەتتى. لېكىن بۇنداق ھۇجۇملاشىشلاردىن ھېچ قايىسى تەرەف ھېچ نىمەگە ئېرىشەلمەيتتى. مۇشۇنداق ھۇجۇملار بىلەن ئۈچ ـ تۆت ھەپتە ئۆتتى. ساتىپ ئالدىجان بولسا ئوسمان ئەلىگە ھەر جىھەتتىن ئىتائەت قىلىۋاتقان بولسامۇ يەنە ئۆزى بىلگەنچە ئۆز ئەسكەرلەرىنى تەرتىبكە سالىش، مەشقلەندۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ سانىنى ئاشۇرۇش بىلەن بولسا، يەنە بىر تەرەفتىن ئەسكەرلەرىنى تۆت بولەككە بۆلۈپ، يۇسۇپ جان، ئەبدۇراھمان

ئاكا، ئارىف خوجە، كەرىمجانلارنى ھەر بۆلۈك قوشۇنغا بىردىن قۇماندان قىلىپ تەئيىنلەدى. يۈسۈفجان قوشۇنىنىڭ ئومومىي سانى شۇ چاغدا مىڭدىن ئاشقان ئىدى. يىگى شەھەرنى خەتەرچى تەرەپتىن مۇھاسەرە قىلغانلار يۈسۈفجان قوشۇنىداكى مۇشۇ فەرغانە مۇجاھىدلەرى ئىدى.

# چەتئەللەردىن كەلگەن كىشىلەر

ئاشۇ يىللاردا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك چەتئەلدىن ھەرخىل كىشىلەر كېلىشكە باشلادى. مەسىلەن، ھاجى ئەكرەم (داغىستانلىق)، ياشىنىپ قالغان، بىلىملىك، دىنىي ئىخلاسى ياخشى بىر مۇسۇلمان. كاشغەرگە كېلىپلا ھىلال ئەھمەر ھۆجرالىرىدىن بىرىدە تۇردى، جەمئىيەتنىڭ يىغىلىشلىرىغا قاتناشىپ، نۇتق سۆزلەيىتى.

ئەبدۇقادىر ئەپەندى ئەسلى كۇردىستانلىق بولۇپ، ئەسكەرىي تەئلىم ـ تەربىيە ئالغان ئىستىئداتلىق ھەربىي ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا ياش بولۇپ، خەستەخانا ھۆجرالىرىدىن بىرىدە تۇراتتى. قىرغىز ئەسكەرلەرگە ھەربىي تەئلىم ـ تەربىيە بېرەر ئىدى.

ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى، ئۇ ئەسلى ئەرەب بولۇپ، ئىستانبۇلدا ئوقۇغان، شۇڭا تۈركتىن فەرقى يوق، ئەقىللىق، ھوشيار، تېتىك ئادەم بولۇپ، ياخشى تورۇق ئاتى بار ئىدى. ئەرەبچە كەمەرىگە ئۇچى ئەگمە ئالتۇن خەنجەرنى قىستۇرۇپ، لوندۇن ماركالىق، **31950** رەقەملىك **35** دانە ئوقى بىلەن ئالتۇن تاپانچىسىنى ئاسىپ، كىشىنى زەۋقلەندۈرگۈدەك قوراللىنىپ، كاشغەر چىنىباغداكى ئەنگلىيە كونسۇلخاناسىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەتتى، ئەنگلىيە ھۆكۈمەتى ئۈچۈن ئىشلەشكە ئىسمى ياراشماي قالغان بەكمۇ ھىلىگەر بىر ئادەم ئىدى. مانا مۇشۇ ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى بىر كۈنى يېڭى شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان مۇجاھىدلارنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش مەيدانىغا بارغانىدا توساتتىن كېلگەن بىر غائىب ئوق ئۇنىڭ ئوڭ يوتاسىدىن كىرىپ، سول يوتاسىنى تەشىپ چىقىپ كەتەدۇر. بەل قىسمىمۇ ئاغىر يارالانادۇر. بىر ئوق بىلەن ئالتە يەردىن يارالىنىپ خەستەخاناغا كەلگەن ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىنىڭ ياراسىنى تاڭىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى شىفاخانانىڭ ئارقا تەرەفىدەكى بىر ياساداق ھۆجراغا ياتقۇزۇپ، كەمىنە فەخرىي ساقچى سىفەتىدە ئۇنىڭ ھالىدىن خەبەر ئالدىم ۋە خىلى بىر مەزگىل دەردىنى تارتتىم. چۈنكى ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېلەدۇرغانلارنىڭ كۆپلىكى بىر دەرت بولسا، زىيارەتچىلەر ئىچىدەكى ھەرخىل، ھەر رەڭدەكى ئەسرارى ئەنگىز (تىڭتىڭچى) ئادەملەردىن

ھەيرەتتە قالغانلىقىم يوشۇرۇپ بولمايدۇرغان ئىككىنچى دەرت بولدى. نىھايەت، بۇ ئادەممۇ شىفاخانادىن ساقىيىپ چىقتى. ئەھمەد تەۋفىق مۇستەقىل فىكىرلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتىمىزنىڭ پروگراممالارىغا قوشۇلمادى. ھەرۋەقت مەجلىسكە چاقىرساق ھازىر بولمايدۇر. مېھماندارچىلىقتىن، توي ـ تۆكۈندىن قالمايدۇر. كۆپىنچە كېچەلەرنى چىنى باغ ھەمدە شاھزادە[24] نىڭ ئۆيلەرىدە زىيافەتتە بولۇش بىلەن ئۆتكۈزۈپ باشقا ئىشلارغا چول چىقارمايدۇر. ھوقوق قىرغىزلارغا ئۆتكەن مۇشۇ كۈنلەردە تۈركىيە جۇمھۇرىيەتىدىن ئىككى كىشى كېلىپ، ئوسمان ئەلى سىجاڭنىڭ قەرارگاھىغا ئورۇنلاشتى. ئەبدۇقادىر ئەپەندى[25] دىگەن كىشى ئۇلارغا فەخرىي خىزمەتچى ۋە تەرجىمان قىلىپ قويۇلدى. بىر كۈنى بۇ كېلگەنلەر ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتىگە زىيارەتكە كىلدى. ئۇلار بۇ يەرنى ھەۋەس بىلەن زىيارەت قىلغاندىن كيىن، بۇ يەرنىڭ مۇھتى ئۇلارغا خىلى ياراپ قالغان چاغى، ئۇلار مۇشۇ يەردە تۇرماقچى بولۇپ قالىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئوسمان ئەلىنىڭ قەرارگاھىدىن ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتى قوروسىغا كۆچۈپ كىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ـ مۇستافا ئەلى بېك (كىنەت)، ئىزمىردىن كىلگەن ۋەكىل، بۇ زات بۇرۇندىن تارتىپ سىياسىي ئىشلارغا ئارالاشقان، ئەلەمدەمۇ، قەلەمدەمۇ بار ئادەم ئىدى. يەنە بىرى ـ مەھمۇد نەدىم، ئىستانبۇللىنىڭ ئەتىيق ئەلى مەھەللەسىدىن، زاپاس ھەربىي قىسمىدا ئوفېتسىر بولغان ئەلەمدار كىشى ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆز يۇرتى تۈركىيەدە ئىشقا ئاشقان ئىنقىلابقا قىزغىن ئاۋاز قوشقان ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشالىغانلىقىدىن ئۆزلەرىنى بەختىيار ھىس قىلادۇرغان تۈرك قارىنداشلارىمىز ئىدى. شۇ كۈنلەردە پامىر تاغلارىدىن ئاشىپ (ئىسمىنى ئۇنتۇپتىمەن) بىر گىرمان ئىنژىنېرى كىلدى. ھىلال ئەھمەرگە ئورۇنلاشتى. ئۇچرۇشۇش سۆھبەتى ئارالىقىدا ئۇ ئۆزىنىڭ كاشغەرگە كىلىشتىن بۇرۇن كابۇلدا تۇرۇپ ئۇيەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ بولغانلىقىنى، ئىشلەرنى رەتكە سالىپ بىرگەنلىكىنى، كاشغەردە يېڭى تۈركلەر ھۆكۈمەتى قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كىلگەنلىكىنى، لازىم كىلگەندە قولىدىن كىلەدۇرغان ھەرقانداق خىزمەتكە تەييار ئىكەنلىگىنى، ئۆزىنىڭ ئۇندىن باشقا يەنە بىر بۆلۈك مەئدەن (مىتال) ئايرىش ئىشلارىدىنمۇ خەبەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ ئۆتتى. ئۇچ ـ

24- ئەنگلىيە ئەلچىخاناسىنىڭ ئىشەنچلىك خادىمى.

25 ـ ئەبدۇقادىر ئەپەندى: ئۆز دەۋرىدە كاشغەرنىڭ بايلەرىدىن مۇسا باينىڭ ئوغلى تەرەفىدىن چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقارتىلغانلارنىڭ بىرى. بۇ كىشى چەتئەل ھەياتى جەرەيانىدا بىيرۇتتاكى «ئامېرىكا ئۇنىۋېرستىتى» دا بىلىم ئاشۇرغان. نەسارالەرگە مايىلراق بولغانلىقى ئۈچۈن «شىۋېت» دەپ لەقەب ئالغان ئىدى

تۆت كۈن ئۆتكەندە ئۈنىڭ ئەيالى كىلدى. بۇ ئەيالنىڭ مىللەتى ئىتالىيان بولۇپ، توققوز- ئون تىلنى بىلەدۇرغان، سارىق ئۆڭ، قاقباش، هۇشيار ئەمما چىھرى سەترەك بىر ئايال ئىكەن. كاشغەرگە روسىيە ئارقالىق تاشكەنت، فەرغانەلەردىن ئۆتۈپ كەپتۇ.

چەتئەلدىن كىلگەن مىھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلەرى كەمىنەگە تاپشۇرۇلدى. الله دىن ياردەم تىلەگەن هالدا بۇ ئاغىر خىزمەتلەرنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى ئۆز تاماشاسى بىلەن ئاۋارە، تىز- تىز خوتۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرادۇر، كاشغەرنىڭ شاللاق خوتۇنلەرى بىلەن ئاپاق- چاپاق بولۇپ يۈرەدۇر، ئاز مۇددەتتە ئالغان خوتۇنى ئالتەگە يەتتى.

هاجى ئەكرەم داغىستانلىق، ئاقكۆڭۈل ئادەم. جەمئىيەت يىغىنلەرىدىن قالمايدۇر.

ئەبدۇقادىر ئەپەندى كۇردىستانلىق، قىرغىز ئەسكەرلەرىنىڭ ھەربىي تەئلىم ئىشلارىغا مەسئۇل.

# ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش ئەرەفەسدە ئاچىلغان «قۇرۇلتاي»

ۋەقت ـ سائەتى كىلىپ، ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتىدە چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلدى. يۇقارقى تۈرك قارىنداشلارىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلار قۇرۇلتاي سورۇنىغا توپلاندىلەر. بىر قانچە باسقۇچلۇق قىلىپ ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قۇرۇلتايدا ھەممە بىر نەۋا، بىر ئاھەڭ بولۇپ، نەۋبەتتەكى ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىشى ۋە ئۇنىڭغا كەتەرلىك خىزمەتلەر توغراسىدا جىددىي كېڭەشكەندىن كىيىن، ئاخىرىدا ھەممە بىردەك، ھۆكۈمەت (دەۋلەت) نامىنى «شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيەتى» دىپ بىكىتىشكە قەرار قىلدى. ئارقادىن تۈرلۈك قۇرۇلۇش لايىھەلەرى تۈزۈلدى. كابىنە (ھۆكۈمەت) ئەئزالەرى سايلاپ چىقىلدى. ماناشۇ ئارالىقتا كەمىنەگە: «ئەپەندىم! سىز نەزارەتلەرنىڭ بىرىدە خىزمەت قىلىشىڭىز لازىم» دىگەن گەپ بولدى. ئەمما مەن نەزارەتتە خىزمەت قىلىشقا لايىق ئەمەسلىكىمنى بىلدۈرگەن بولسامىمۇ، ئۇلار «سەھىيە نەزارەتى ياكى مالىييە نەزارەتىدەك بىرەر ئورۇننى قەبۇل قىلماساڭىز بولمايدۇر، سىز بۇنداق خىزمەتكە تازا لايىق كىلەسىز» دىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇلارغا: «سۆزۈڭلارنىڭ سەممىي ۋە جىددىي بولغانلىقىدىن ھەممەلەرىگە تەشەككۇر ئەيتەمەن، ئەمما مەن نەزارەتتە ئىشلەشنى ئويلامادىم. لىكىن ئەل ـ ۋەتەن خىزمەتى ئۈچۈن ئەگەر مۇمكىن بولسا، كۆڭلۈمدە مۇنداق بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى. ئۇ بولسامۇ مەن ھۆكۈمەتىمىزنىڭ ئەنقەرەدەكى ئەلچىخاناسىدا خىزمەت قىلغان بولسام، شۇ ئارقالىق ئىككى قىرىنداش دەۋلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلمىي ئەلاقەلەرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قولۇمدىن كىلگەن خىزمەتلەرنى قىلغان بولسام. شۇنىڭ ئۈچۈن كەمىنەلەرى ئىچكى ئىشلار بىلەن ئارالاشىپ قالماي سەربەست (بىر چەتتە) تۇرسام» دىدىم. مەجلىس ئەھلى بۇ سۆزلەرىمنى ئالقىشلادى ھەم قوللادى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا سەھىيە نەزارىتىگە ۋەقتلىق مۇئاۋىن نازىر، مەئارىف نەزارەتىدە مۇستەشار (مەسلەھەتچى) لىك ۋەزىيفەسى تاپشۇرۇلدى. مەجلىس شۇ كۈنى كەچكەچە دەۋام قىلدى. لايىھەنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەرتەسىگە قالدى. ئەرتەسى ئورداغا ئەسكەرىي ۋە مۈلكىي ئىشلارغا ئەلاقەدار كىشىلەر توپلاندىلەر. ئۇلار بىرىنچى قەرار بويىچە، شەرقىي

تۈركىستان دەۋلەتى قۇرۇشقا قوشۇلغانلىق ئىمزالىرىنى قويۇشتى. تامغا ـ مۆھۈرلار باسىلدى. دەۋلەتنىڭ يۇقارى دەرەجەلىك قۇماندان، ئوفىتسېرلىرىنىڭ سانى **35** كىشىگە يەتتى. بۇلارنىڭ قائىدە بويىچە قەسەم ئىچىشلىرى لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن نەدىم بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ ئورتاغا كىلىپ، شىرە ئۈستىدە تۇرغان قۇرئان كەرىمنى قولىغا ئالىپ «ئۇشبۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەققى ـ ھۆرمەتى ئۈچۈن دەۋلەتكە ئىتائەت قىلامەن، ۋەتەنىمگە، دىنىمگە خىزمەت قىلامەن، ھۆكۈمەتىمگە خىيانەت قىلماسلىق ئۈچۈن قەسەمياد قىلامەن» دىپ قۇرئان كەرىمنى ئۆپۈپ باشىغا قويدى. ئۇندىن كىيىن جەرنىل ساھىب باشلىق بارچە قۇماندان ۋە ئوفىتسېرلار مەھمۇد نەدىم بەگنىڭ يەتەكچىلىكى ۋە كەمىنەنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن ھەممەسى بولۇپ **35** كىشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شىرە ئالدىغا كىلىپ قۇرئان تۇتۇپ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقا، دىنىگە، ۋەتەنىگە خىزمەت قىلىشقا قەسەمياد قىلدىلەر. ئاخىرىدا ھەممەيلەن بىر بىرىگە مۇبارەك بولسۇن، دەيىشىپ ھۆكۈمەتنى تەبرىكلەشتى. جەرنىل ساھىب ۋە باشقىلارنىڭ تەنتەنە سۆزلەرىدىن كىيىن دۇئا ـ تىلەكلەر قىلىنىپ، ھەممەيلەن ئەرتەسى تۇمەن بويىدا ئۆتكۈزۈلەدۇرغان دەۋلەت قۇرۇلۇش نەمايىشىغا ھازىرلانادۇرغان بولۇپ ئۆز جايلەرىگە قايتىشتى.

# كاشغەردە نەمايىش كۈنى

ئەرتەسى (**1933** ـ يىلى، **10** ـ ئاينىڭ **21** ـ كۈنى) سائەت ئونلاردا ھەربىي قوماندانلار، مۈلكىي ئەمەلدارلار، يۇرت نەمايەندەلەرى، دەۋلەت رەھبىرلەرى باشلىق ئىستىقلال جەمئىيەتى، نەشرىيات، مەئارىپ جەمئىيەتى، ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتىنىڭ ھەيئەتلەرى دارۇلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللىي مارشىنى ئوقۇپ مىللەتنىڭ دەرتلىك كۆڭلىنى ئىرىتىپ رەتلىك ماڭىپ تۈمەن بويىغا، يىغىن مەيدانىغا يىغىلدىلەر. بۇ نەمايىشقا ئەسكەردىن يەتتە مىڭ (**7000**)، خەلقتىن ئون ئۈچ مىڭ (**13000**) كىشى بولۇپ **20000** مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. نەمايىشنىڭ ھەيئەت رىياسەتى تەرەفىدىن شەرقىي تۈركىستان دەۋلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇشبۇ بەيانىنامەسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

# شەرقىي تۈركىستان دەۋلەت قۇرۇلۇشىنىڭ بەياننامەسى

الله نىڭ ياردەمى ۋە مېھرىبانلىقىغا ۋە رەئىيسى مۇئەززەم خوجا نىياز ھاجى ئىبنى ئەمىن نىياز ھاجىم ھەزرەتلەرىنىڭ لەياقەتلىك ۋە سەلاھىييەتلىك ۋەكىللەرى نىڭ ئىتتىفاقىگە ۋە پۈتۈن لەشكەرى ئىسلام باشلىقلەرى، قوماندانلەرىنىڭ ۋە بارچە فۇقەرا (رەئىييەت)نىڭ مۇۋافەقەتلەرىگە سۆيۈنۈپ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستانىمىزنىڭ مۇۋەققەت ھۆكۈمەتى تۆبەندە بەيان قىلىنغان تەرىقەدە قۇرۇلدى:

باش ۋەكىل: سابىت ئەبدۇلباقى.

ئىچكى ئىشلار نازىرى: يۇنۇسبەگ سەئىدزادە.

تاشقى ئىشلار نازىرى: مەئارىف نازىرى.

مەئارىف نازىرى: ئورازبەگ.

ئەۋقاف نازىرى: شەمسۇددىن تۇردى ھاجى.

ئەدلىيە نازىرى: زەرىيف قارى ھاجى.

مالىييە نازىرى: ئەلى ئاخۇنباي.

دېھقانچىلىق، سەۋدا نازىرى: ئەبۇلھەسەن ھاجى.

سەھىييە نازىرى: ئەبدۇللاھ خانىي.

مۇفەتتىش: ھاجى ئەئلەم ئاخۇنۇم.

# 1933 - يىلى كاشغەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەتى بايراقىدىن نەمۇنە:

# باش ۋەكىلنىڭ خىتابى

بەياننامە ئوقۇلغاندىن كېيىن، باش ۋەكىل سابىت ئەبدۇلباقى ئۇموم خەلققە قاراپ تۆۋەندەكى خىتابنى قىلدى:

ئەزىز مىللەتىم، مۆھتەرەم ۋەتەنداشلەرىم، الله تەئالاغا ھەمدى بىھەد، پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇدى بىنىھايەت بولسۇنكى، دەۋلەتىمىز قۇرۇلدى!

دەۋلەت قۇرۇشتىن مەقسەد - مەملەكەتىمىزنىڭ شەھەر ۋە سەھرالەرىدە كۆپ ۋەقتتىن بېرى دەۋام ئەتىپ كېلگەن ھۆكۈمەتسىزلىك سەبەبىدىن ۋۇجۇدقا چىققان ئۆز باشىمچىلىقلارنى يوق ئەتىپ، يۇرتتا تىنچلىق ۋە ئەسايىشتەلىكنى جارى قىلىشتۇر. ئەسكەرىي ۋە ھەربىي ۋەزىيفەلەر، ئىخلاسلىق، لەياقەتلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇلدى. بارچە يۇرتداشلارنىڭ سىياسىي، دىنىي، مىللىي، ۋە مەدەنىي ھوقۇقلەرى ھۆكۈمەتنىڭ كەفىللىگى ئاستىندەدۇر

چىگەراداش قوشنا دەۋلەتلەرنىڭ رەسمىي مەئمۇرلەرى ۋە رەئىييەتلەرى ئەمنىيەت (بىخەتەرلىك) ئىچىدە، مەشرۇئ (بەلگىلەنگەن) ۋەزىيفەلەرىنى دەۋام قىلدۇرماقى مۇمكىندۇر. ئىلگىرىدىن بېرى ھەمسايە دەۋلەتلەرنىڭ ھېچ بىرىگە ئەداۋەتتە بولۇشنى خەيال قىلمىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پاك تەبىئەتلى ۋىجدانلەرىگە تەرجۇمان بولۇشتە دەۋام قىلىنادۇر. يەئنى ئەۋۋەلدىن تارتىپ ھەمسايە دەۋلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە مەھەببەتلەرىمىزنى ئىنشائاللاھ (خۇدا خاھلاسا) دەۋام قىلدۇرۇمىز.

ئۇلۇغ تۈركىستان ئۈچۈن ئاي يۇلدۇزلۇق كۆك بايراق قەبۇل قىلىندى. ھەر بىر يۇرتداشنىڭ مالى، جانى ۋە شەرەفىنىڭ ئەمنىيەتدە بولغانلىقىغا تىنچ ۋە خاتىرجەمئ بولۇپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ دەۋلەتكە ئىئتىماد (ئىشەنچ) قىلىشلەرى مەتلۇب (كېرەك) دۇر. تەۋفىق الله دىندۇر، دېپ باش ۋەكىلنىڭ سۆزى تۈگەر - تۈگەمەستىن مەيدانغا توپلاشقان ئاممانىڭ ھەممەسى بىردەك، ئامىن! ئامىن! دېپ توۋلاشىپ كەتتىلەر. باش ۋەكىلنىڭ خىتابى تەمام بولغاندىن

كىيىن يەنە باشقالاغان دەۋلەت رەھبىرلەرىمۇ سۆزگە چىقىپ تەنتەنەلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز تەبرىكلەرىنى بىلدۈرۈشتى. ئارقادىن شادلىق مەراسىمى باشلىنىپ مىللىي مۇزىكا چالىنىشقا باشلادى. قىرىق بىر پاي توپ ئوقى ئاتىلدى. توپ ئاتىلغان ھامان شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تارىخىي، مىللىي كۆك بايراقى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئاي يۇلدۇزلۇق مىللىي كۆك بايراقىمىز كۆك باغرىدا لەپىلدەشكە باشلاغان شۇ سائەتتە ئىختىيارسىز تارىختاكى شان ـ شەۋكەتلىك ھاكىمىيەت دەۋرلەرىمىزنى ئەسلەتىپ تۇردى. بىر تەرەفتە ئوقۇغۇچىلار بىر ئاۋازدا:

بايراقىمىز كۆك بايراق
ئوردۇمىز ئالتۇن ئوردۇ
تۈركىستان تۈركنىڭ يۇردۇ
تۈركنىڭ ئولاجاق

دىگەن دەۋلەت مارشىنى ئوقۇشۇپ دەرتلىك كۆڭۈللەردەكى غايەلەرنى ياڭراق ئاۋازلەرى بىلەن ساپ تۈرك تىلىدا سۆزلەپ تۇردىلەر. بۇ كۈنى مەيدانىغا توپلانغان كىشىلەرنىڭ روھىي كەيفىيەتى پۈتۈنلەي باشقاچە ئىدى. خوشلىقىدىن كۈلۈپ تۇرغان چىھرەلەرنى، ئۆزىنى تۇتالماستىن يىغلاپ تۇرغان شاد كۆزلەرنى، يا الله! بۇ بەختلىك كۈنلەرگەمۇ ئۇلۇشىدىكەنمىز، خۇدايىمغا تۈمەنمىڭ شۈكرە، دىپ ئۆتمۈشنىڭ قارا تۇتقۇنلۇق دەۋرىگە نەفرەت ياغدۇرۇپ تۇرغان كىشىلەرنى ھەر يەردە كۆرگەلى بولاتتى. خوشلىقىدىن سەرخۇش (خۇشكەيف) بولۇپ ھەيرەت كۆزلەرى بىلەن نەمايىشقا پۈتۈن بارلىغى بىلەن بىرىلىپ قاراپ قالغان يۇرتداشلارنى بۇ ئىشلار ھەقىقەتەن ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرماقتا ئىدى. چالىنىۋاتقان مىللىي مۇزىكالار ۋە گۇمبۇرلەپ ئاتىلىۋاتقان شادىيانە توپلارىنىڭ ئاۋازى يىراق ـ يىراقلارغا كەتمەكتە ئىدى. بەياننامە تارقاتىپ بىرىلگەن بولۇپ خەلق ئۇنى توپ ـ توپ بولۇپ ئوقۇشۇپ بىر بىرىگە چۈشەندۈرۈشۈپ ئۆز كۆڭۈللەرنى كۆتۈرۈشمەكتە ئىدى. شۇ ئەسنادا نەمايىشچىلار توپى شەھەر سىرتىداكى تۈمەندىن شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈشكە باشلادى. ئۇلار شۇ ماڭغانىچە ھەيئەت ئەئزالەرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇدۇل ئىدگاھ مەيدانىغا كىلىپ توختادى. دەستلەپ باش ۋەكىل سابىت داموللا ئاندىن كىيىن ھەرقايىسى نازىرلار، ناتىقلار، تەشۋىقاتچىلار ئارقا ـ ئارقادىن خىشتىن سارايىنىڭ ئۇگزەسىدەكى پەشتاققا چىقىپ سۆز قىلدى.

سۆز قىلىنىۋاتقان شۇ ئەسنادا كاشغەردەكى قورالىلىق قىسىملار سەپ ـ سەپ بولۇپ ئاتلىق ۋە پىيادە هالدا ئىيدگاھ مەيدانىدا كۆرەكتىن ئۆتۈپ تۇردىلەر. تارىختىن بۇيان هەر بىر خەلقتەكى هەربىي غەلەبەلەر، نەمايىش ـ كۆرەكلەر، جەڭ مەيدانىدەكى ئۇتۇقلار شۇ خەلقنىڭ مىللىي ئىپتىخار تۇيغۇلارىنى ئۇيغۇتۇپ كىلگەنىدەك، نەۋبەتتەكى بۇ ئىشلارمۇ خەلق ئامماسىنى قانچەلىك هاياجانغا سالىۋاتقانلىقىنى بىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

باش ۋەكىل سابىت ئەبدۇلباقىنىڭ يالقۇنلۇق نۇتقى ئاياغلاشقاندىن كيىن قازى ئەسكەر موللا مۇھەممەد جان ئاخۇند، هىلال ئەهمەر جەمئىيەتىدىن مۇسا ئەپەندى، مەهمۇد نەدىم بەگ قاتارلىقلار تەرتىب بويىچە سۆزگە چىقىپ بۇ ئۇلۇغ كۈنىنىڭ شان ـ شەرەفىگە باغىشلانغان يۈرەك سۆزلەرىنى قىلدى ھەمدە دەۋلەت قۇرۇلۇشى توغراسىدەكى ئاررۇ ـ ئۇمىدلەرىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ هۆكۇمەت قۇرۇلدى، نەمايىش ئۆتكۈزۈلدى. ئارادىن ئىككى، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كيىن ئورداغا باش ۋەكالەتخانادا بولادۇرغان بىر يىغىنغا مۇناسەبەتلىك كىشىلەر چاقىرتىلدى. نازىرلار، جەمئىييەت ئەئزالەرى، ئەدىبلەر، زىيالىلار، بىر بۆلۈك قۇماندانلار ۋە باشقالار بولۇپ بىر مۇنچە ئادەم توپلاندۇق. هەممەمىزنىڭ چىهرى ئاچىق، كۆزىمىزدىن شادلىق ياغىپ تۇرغان، كەيفىمىز چاغ هالدا قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ، نەۋبەتتە هۆكۇمەت ئالدىدا تۇرغان مۇهىم ۋەزىيفەلەر ئۈستىدە كېڭەشتۇق. يىڭى ۋەزىيفەلەرگە يىڭى خادىملار بەلگىلەندى. بۇ يىغىن خۇددى نازىرلار مەجلىسىنىڭ بىرىنچى نەۋبەتلىك يىغىنىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. يىغىن مۇناسەبەتى بىلەن شائىرلەرىمىزدىن بىرىسى ماڭا بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى. مەن ئۇنى ئالىپ باش ۋەكىلگە سۇندۇم. باش ۋەكىل كونۋېرتنى ئاچىپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن يېزىلغان قۇرلارغا بىر قۇر كۆز تاشلاغاندىن كيىن يەنە ماڭا ئۇزاتتى ۋە: «ياخشى قەسىدەگە ئوخشايدۇ، ئەپەندىم، قىنى ئوقۇسۇنلەر» دىدى. مەن شۇ هامان ئۇنىڭ قولىدىن قەسىدەنى ئالىپ يىغىن ئەهلىگە قاراپ ئوقۇشقا باشلادىم.

شەرقىي تۈركىستان دەۋلەت قۇرۇلۇشى مۇناسەبەتى بىلەن كاشغەر دارۇلمۇئەللىمىين مۇدىرى تۇرغۇن جان باي بەچچە توغرۇل رەهمىينىڭ قەلەمى بىلەن يازىلغان قەسىدە:

قىلىپ تەڭرى ئىنايەت بىزلەرە ئىقبال باشلاندى

ئۆزۈلدى زەنجىرى زىللەت، ئەجەب بىر ھال باشلاندى
پەيغەمبەر روھلەرىنى قىلغالى خۇشھال باشلاندى
چالىشتى مىللەتىم، غەيرەتلە ئىستىقبال باشلاندى
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى

بولۇپ تەئرىخە بىرمىڭ ئۈچيۈز ئەللىك ئىككى ھىجرەتدىن
يىگىرمە ئۈچ رەجەب شەنبە كۈنى ئەھلى ھەمىيەتدىن
ھۆكۈمەتنىڭ قوناغىغە يىغىلدى ئەھلى ھىممەتدىن
ھەمە كەتتە قۇماندانلەر كىلىشتى يەخشى نىيىەتدىن
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى

ئەزىز مىھمانىمىز مەھمۇد نەدىم بىك رەھبەرى مىللەت
قۇماندانلەرگە باقىپ دىدى: ئەيلەڭ مىللەتە خىزمەت
شەھەرلىك، ئەندىجانلىك ھەمدە قىرغىزسەن دەمەڭ ھىچ ۋەقت
ھەمەمىز بىر ئاتا ئەۋلادى ھەم ئەفرادى بىر مىللەت
نەقرات:
ئالىپ مۇسھەف قولىغە خىزمەت ئەتمەككە قەسەم ئەيلەپ
ئۇ تۈركلىك ھىسسىياتى بىرلە بىزلەرگە كەرەم ئەيلەپ
ئوشۇلدەم ھازىرىنگە قىلدى تەئسىر كۆزنى نەم ئەيلەپ
ئىتائەت قىلدىلەر ھەرقەيسىسى قەددىنى خەم ئەيلەپ
نەقرات:
سوقىش نازىرلىقىغە مەجلىس ئەھلىنىڭ تامانىدىن
ئورازبېكنى قويىلدى ھەپ قۇماندانلەر قەرارىدىن
بولۇپ مەركەز قۇماندانى بۇ باتۇرلەر ئاراسىدىن
ئوشۇل مىڭباشى يۈسۈپ جان ئىرۇر مىللەت غۇلامىدىن
نەقرات:

بۈگۈن يەكشەنبە خۇرشىدى ئەركىندىن چىقاردى باش
بۇلۇتلەر بىرلە بىلمەم ئەيلەگەن ئىردىمۇكىن كىنگاش
كى هايىل بولماغىل هۆسنۈمنى ئانلەرگە قىلايمەن فاش
سابا هەم باخەبەر ئىردىمۇكىن ئۈنگە بولۇپ يولداش
نەقرات:
بىزىم بايراقىمىز رەنگىدە كەيمىشتى سەما خىلئەت
تەمىز ئەيلەر ئىدى يەرنى قىلىپ بادى سەبا خىزمەت
كۈلۈپ ئويناپ باقىپ هەريان ئىدى شاهۇ ـ گەدا خۇشۋەقت
دۇئا ئەيلەر ئىدى خار بولماسۇن دىپ دائىما ملىلەت
نەقرات:
ئوقۇپ شەرقىيلەرىن مەكتەبلىلەر مىللەتنى مەست ئەيلەپ
بۇيۇك سەردارلەرى كۆرگەندە بىر بىردىن سالام ئەيلەپ
تۈمەنىنىڭ ئورتەسىغە تۇردىلەر بارىپ قىيام ئەيلەپ
تەمام ئەسكەر تۇرۇپ سەف ئاچتىلەر يول ئىهترام ئەيلەپ
نەقرات:
قىيامى سائەت ئون بىردە خەلايىق ئىنتىزار ئىردى
كۈتۈپ ئىل باش ۋەكىلنى بەرچەسى بىردىن تۇرار ئىردى
ئالۇرغا رەسىمىزنى ئەجنەبىي شەخسلەردە بار ئىردى
ۋەكىللەر نامىنى بىلمەك ئۈچۈن يۇرت بىقەرار ئىردى
نەقرات:
كىلىشتىلەر ئۈشۈلدەم داموللا سابىت بىرلە مىهمانلەر
سالام ئەيلەپ تەۋازۇئ قىلدىلەر مەيداندە تۇرغانلەر
هەمە ئەسكەرلەرى بىرلەن يەتىپ كىلدى قۇماندانلەر
ئەدۇۋلەر قەيغۇدە، خۇرسەند ئىدىلەر ئەهلى ئىمانلەر
نەقرات:
ئوقۇلدى داموللا سابىتنىڭ تاماندىن بەيانىنامە
ۋەكىللەر شەمئ بولدىلەر خەلايىق مىسلى پەرۋانە
قىلىپ ئىلان ئىستىقلال، قۇرۇلدى مىللىي دەۋرانە
تۇرار ئىردى ئەساكىر سەف تۇزۇپ مەيداندا مەردانە
نەقرات:

بىرەر يۈز پاي توپ ئاتىپ مىللىي كۆك بايراق ئاستىلەر
ئوقۇپ مەكتەبلىلەر شەرقىيىسنى دىللەرنى ئاچتىلەر
مۇنافىق، دىنى سۇستلەر ئويلانىپ ھەسرەتتە قالدىلەر
نەمايىش ھىكمەتىنى بىلدىلەر، ئاخىر ئۇيالدىلەر
نەقرات:
بولۇپ ھەيئەت رەئىسى داموللا سابىت ئەقلى كامىلدىن
يەنە ئەدلىيەگە قارى زەرىيف ئەھلى ئەدالەتتىن
بۇ ئەۋقاف نازىرى ئول داموللا شەمسۇددىن ئەفازىلدىن
مۇفەتتىش ھاجى ئالىم بولدى ئۆز كارىغە ئامىلدىن
نەقرات:
مەئارىف نازىرى مەخدۇم، تىجارەت بۇلھەسەن ھاجى
يۇنۇسبىك داخىلىيە، خارىجىي نازىر قاسىم ھاجى
ئەلى ئاخۇن باي بولۇپ مالىييەگە، سەھىييەگە خانىي
بولۇپ ھىچ قالمادى مىللەتنى دىلدە زەررە ئارمانى
نەقرات:
دۇئائەيلەپ يانىپ بارچە ئىيدگاھغە يىغىلدىلەر
ھۇجۇم ئەيلەپ خەلايىق ئاست ـ ئۇستىگە تىقىلدىلەر
مۇجاھىدلەر كىلىپ سەف تارتىبان بىر ـ بىر تىزىلدىلەر
بەلەند ئاۋاز بىرلەن باش ۋەكىل سۆزگە كىرىشتىلەر
نەقرات:
دىدى: يۇرتداشلەرىم، بۇ كۇن ئەسارەتتىن قۇتۇلغان كۇن
بۇ كۇن كۇلفەتتە چىككەن ئاھىمىز تەگرىگە يەتكەن كۇن
بۇكۇن ئىركىن بولىپ مىللەت، ھۆكۇمەت قولغە كىلگەن كۇن
مۇجاھىدلەر ۋەتەندىن دۇشمەن ئىلگىنى قۇرۇتقان كۇن
نەقرات:
بۇگۇن مەھكۇمىيەتتىن ھاكىمىيەتكە قەدەم باسدىك
ئاچىلدى بابى رەھمەت، بەخت، نۇسرەتلىك ئەلەم ئاسدىك
يىقىلماس ھەم يوقالماس شانلى شەۋكەتكە قەدەم باسدىك
ئالىپ ئىبرەت بۇكۇندىن غالىبىيەتكە قەدەم باسدىك
نەقرات:

بىلىڭ بىر نەچچە يىللەر كىتدى دەۋلەت جاھىلىييەتتىن
بىلىڭ مەھكۇمىيەتنى يەخشى كۆردىك ھاكىمىيەتتىن
يىتۈشتى زۇلمۇ - كۇلفەت، پەست تەبىئەت غەيرى مىللەتتىن
چىقاردى ئۆزگەلەر بىزنى قاتارى ئادەمىيەتتىن
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسرى دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى
پەيەمبەر سۇننەتىنى ئەيلىمەك ئىجلال باشلاندى
كىلىڭ دىنداشلەرىم مىللەتكە خىزمەت ئەيلەگىز ئەمدى
ۋەتەننى ساقلاماققا تىنمايىن غەيرەت قىلىڭ ئەمدى
ئايا زاھىد سىفەتلەر تەرك ئەتىپ خىلۋەت چىقىڭ ئەمدى
ئۇلۇغ، ئەركىن ھۆكۈمەت قەدرىنى بىل كۆن بىلىڭ ئەمدى
نەقىرات:
تەمام ئەيلەپ سۆزىنى قىبلەگە باقىپ دۇئا قىلدى
تەمەننا ئەيلەدى يىغلاپ ئىلاھا رەببەنا! دىدى
بۇ يولدە بىر نىچە ئەرلەر ساڭا جانلار فىدا قىلدى
ئىنايەت ئەيلەغىل ئانلەرغە دىپ ھەدسىز رىجا قىلدى
ئەسارەت دەۋرى بىتتى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى
پەيەمبەر سۇننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى

قەسىدە ئۇقۇلۇپ بولغاندىن كىيىن، باش ۋەكىل باشلىق يىغىن ئىشتىراكچىلەرىنىڭ ھەممەسى شائىر توغرۇلبېكنىڭ بۇ ئۇلۇغ تارىخي قۇرۇلۇشقا بېغىشلاپ يازغان بۇ قەسىدەسىگە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتىلەر. توغرۇلبېكمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بۇ ئاددىي ئەسەرىنىڭ بۇنچە تەھسىنلەرگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن پۈتكۈل يىغىن ئەھلىگە ئۆز مىننەتدارلىغىنى بىلدۈردى. باش ۋەكىل مەئارىف نازىرلىقىغا بۇ قەسىدەنى ئەدەبىي مەجمۇئەلەرگە كىرگۈزۈپ خەلق ئاراسىغا تارقاتىشنى ئۇقتۇردى. مەن جەنابى ھەقتىن قىيمەتلىك شائىرىمىز ئۈچۈن دائىمىي تەن ساقلىق ۋە تىنچلىق تىلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ باشقا ساھەلەردەمۇ ھەم فائىدەلىك ئەسەرلەرنى يازىپ مىللەتكە مەنفەئەت كىلتۈرۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم ۋە: « مۇشۇنداق يىڭى - يىڭى سوۋغالارنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇشلارىغا ھەممەمىز ئىنتىزاردۇرمىز» دىدىم. يىغىن ئەھلىمۇ مەنىڭ سۆزۈمنى بىر ئاغىزدىن قۇۋۋەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن ئاياغلاشتى.

## ئستقلال مەجمۇئەسى

ئستقلال جەمئييەتنىڭ ناشرى ئەفكارىدۇر. هەر ئىككى هەپتەدە بىر قاتىم چىقادۇر. دىنى، مللي، ئلمي، سياسي، ئجتماعي، ئقتىسادي، ئەدەبي، ئەخلاقي، تەنقىدي مەزمۇنداكى ئەسەرلەر باسىلادۇر. مەجمۇئەنىڭ شۇئارى: دىندا، تىلدا، دىلدا، فكردە، ئشتا بىرلىكتۇر.

مەزكۇر ئستقلال مەجمۇئەسىنىڭ ئالدى سىرتلىقىنىڭ كۆرۈنۈشى:

ئستقلال مەجمۇئەسى دەۋلەتنىڭ رەسمي مەجمۇئەسى بولغانلىقى ئۈچۈن هۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئەمر- پەرمانلەرى، ئۇقتۇرۇش، هۆججەتلەرى هەمدە باشقا مۇهىم ئەسەرلەر، سياسي مەقالەلەرمۇ مۇشۇ مەجمۇئە ئارقالىق تارقاتىلاتتى. شۇنىڭغا كۆرە، تۆۋەندە ئۆز دەۋرىدە مەزكۇر مەجمۇئەگە باسىلغان بىر بۆلۈك ئەسەرلەرنى نەمۇنە سىفەتىدە ئەينەن كىلتۈرۈپ ئۆتەمىز.

# مۇقەددىمە

يۇرتداشلەرىمىزنىڭ ئومۇمىيۇزلۇك ئىنتىباھ (ئويغۇنۇش) لەرى بىلەن شەرقي تۇركستاندا بۈيۈك بىر مىللىي ئىنقىلاب ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇ ئىنقىلاب نەتىجەسىدە جەنابى رەببۇلئالەمىيننىڭ لۇتفى، ئىنايەتى، كۆرەش مەيدانىنىڭ قەھرىمانى رەئىيس جۇمھۇر خوجا نىياز ھاجىمنىڭ يولباشچىلىقى بىلەن، يۇرتداش باتۇر مۇجاھىدلەرىمىزنىڭ ھىممەتلەرى، مىللىي غەيرەت، دىنىي ھەمىييەت (فىداكارلىق) لەرى ھەمدە ئۇزۇن يىللاردىن بىرى قارا ئىستىبداد ۋەھشەتلەرىدىن تۇرلى دەرد - ئەلەملەرگە چىداپ بولالماغان مەزلۇم خەلقىنىڭ كۆككە يەتكەن ئاھۇ- زار، نالە - فىغانلەرى تۇرتكەسىدە - ئۇلۇغ پەرۋەردىگارغا تۇمەن تۇمەن ھەمدۇ- شۇكرلەر بولغايكى- شەرقي تۇركستان جۇمھۇرىييەتى مەيدانغا كىلىپ، **57** يىلدىن بىرى ئۇمىد قىلىپ، خۇدادىن تىلەپ يۇرگەن ئىسلام ھۆكۇمەتى قۇرۇلدى. (ئىستىقلال مەجمۇئەسى)

تۆۋەندە شۇچاغدەكى ھۆكۇمەت تەركىبىدە يىگىدىن ئىشقا كىرىشكەن بىر نەچچە نەزارەت (مىنىستىرلىك) نىڭ خىزمەت ئەھۋالىغا نەزەرسالىپ ئۆتەمىز.

سەۋدا نەزارەتى: بۇ نەزارەتنىڭ باشلامچىلىقىدا كاشغەر يارباغ دەرۋازاسى سىرتىدا بىر مىللىي بانكا قۇرۇلۇپ ئىشقا كىرىشتۇرۇلدى. بانكا مۇدىرلىقىغا نوغاي قىرىنداشلارىمىزدىن بىرى تەئيىنلەندى. سەۋدا نەزارەتى يۇرتنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ سەۋداگەرلەرنى  سىرتتىن مال كىرگۈزۈش ئىشلەرىگە يىقىندىن جەلب قىلىش ئۇچۇن گۇمرۇك (تامۇژنا) رەسمىييەتلەرىنى يەڭگىللەتتى، يەنە بىر بۆلۈك ماللاردىن باجنى كۆتۈرۈۋەتتى، يۇرتقا مەتبەئە (باسما)، ئېلكتىر بويۇملارىنى كىلتۇرگەن سەۋداگەرلەردىن باجنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلدى. نەزارەت يەنە ئۇندىن باشقا مىللەتكە قولايلىق ئالىپ كىلەدۇرغان نۇرغۇن ئىئتىبار سىياسەتلەرىنى يولغا قويدى.

ھەربىييە نەزارەتى: بۇ نەزارەتنىڭ خىزمەتى جەڭ ئىشلارىغا قاراتىلغان بولۇپ، چىقىم- خىراجەتلەرى باشقا نەزارەتلەرنىڭكىنى نەچچە قاتلايتتى. شۇنداقتامۇ ھۆكۇمەت ئۇنىڭ بارلىق چىقىملەرىنى ھەل قىلىپ بىرەتتى.

مالىيىە نەزارەتى: بۇ نەزارەتكە نازىر قىلىپ سايلانغان ئەلى ئاخۇنباي تىخى خىزمەتكە ئولتۇرار - ئولتۇرماي رەئىس جۇمھۇر خوجانىياز ھاجىمنىڭ تەلەبىگە بىنائەن ئاقسۇغا كەتتى. باش ۋەكالەتنىڭ فەرمانى بىلەن ئورۇنباسارلىققا كەمىنە ئاجىز بەندە تەئىينلەندىم. مۇشۇ مۇناسەبەت بىلەن بىركۈنى مالىيىە نەزارەتىدە ئىش قىلىۋاتقان چوڭ - كىچىك بارلىق خادىملارنى بىريەرگە يىغىپ ئۇلارغا ئۆزەمنىڭ ئەلى ئاخۇنبايغا نائىپ بولۇپ تەئىينلەنگەنلىكىمنى ئۇقتۇرغاندىن كىيىن شۇنداق دىدىم: «ھەممەمىز بىركىشى، ئارامىزدا ھىچقانداق پەرق يوق؛ بىز خۇددى بىر كىمەدە كەتىۋاتقان جانىمىز بىر ئادەملەر. مۇھتەرەم نازىر ئەلى ئاخۇنباي سەفەردىن قايتىپ كىلگۈچە ھەممەمىز ئىخلاس بىلەن ھەمكارلاشقايمىز. باش ۋەكىلنىڭ ئۇمىدىمۇ شۇ. باشقا نەزارەتلەرگە قاراغاندا بىزنىڭ بۇ نەزارەتنىڭ يۈكى ئاغىرراق، ئىشى كۆپ. شۇڭا بىزنىڭ ۋەزىيفەمىز نەزارەتنىڭ ئىشلەرىنى ئاقساتىپ قويماي، چارچاتىپ قويماي ياخشى قىلىپ كەتىشتۇر. شۇنداق قىلالىساق نازىر ئەپەندى قايتىپ كىلگەنلەرىدە ئەلبەتتە بىزنىڭ خىزمەتلەرىمىزگە لايىقدا ئافەرىن ئوقۇيدۇ» دىدىم. ئۇلار بۇنى ئاڭلاغاندىن كىيىن ھەممەسى بىر ئاغىزدىن: «باش ئۈستىگە ئەپەندىم. ئىنشائاللاھ ئىخلاس بىلەن ئىشلەيمىز» دەيىشتى. مەن شۇكۈندىن باشلاپ يارىم كۈن مالىيىەدە ئىشلەسەم، يارىم كۈن سەھىيە نەزارەتىدە ئىشلەيدىغان بولدۇم.

شۇ كۈنلەردە بىر نەچچە نەزارەتنىڭ خام چوتىغا پۇل چقارىپ بىرىشكە توغرا كىلدى. بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلار نەزارەتى قاتتىق پۇل قىينچىلىقىدا قالغان ئىدى. باش قۇماندان ۋە باشقا ساقچى باشلىقلارىدىن كىلگەن تەلەبنامەلەر باش ۋەكالەت تەرەفىدىن توغرىدىن - توغرا «ئىجرا قىلىنسۇن، تەئمىنلەپ بىرىلسۇن» دىگەن تەسدىيققە ئىرىشىپ ئۇدۇللۇق مالىيىە نەزارەتىگە يوللانىپ تۇراتتى. ھالبۇكى مالىيىە نەزارەتىنىڭ خەزىنەسى قۇرۇقدالىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارغا تەگىشلىك پۇلنى بىرەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا بۇ ئارالىقتا مالىيىە نەزارەتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە زەرۇر ئىشى خەزىنەنى تولدۇرۇش، خەزىنەگە كىلەدۇرغان پۇل، ئىقتىسادنىڭ مەنبەئىنى ساغلاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. يىڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا خەزىنە قۇپقۇرۇق بولۇپ، تۆڭگانلار ئوردادىن چىكىنگەندە خەزىنەدەكى بايلىقلارنىڭ بىرىنى قويماي ئالىپ كەتىشكەن. شۇڭا ئەمدىلىكتە ھۆكۈمەتكە قاتتىق ئىقتىسادىي باسىم چۈشۈۋاتاتتى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى باش ۋەكىلنىڭ

قۇلاقىغا يەتكۈزدۇم. نىھايەت، نازىرلار مەجلىسىنىڭ قەرارى بويىچە پۇل باسىپ چىقارىشقا ۋە يەنە سابىق خىتاي ھۆكۈمەتىدىن قەرز ئالغان قەرزدارلاردىن ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ئۇندۇرۇشكە، دەۋلەت ئىگىدارلىقىداكى مال ـ مۈلك ۋە باشقا نەرسەلەرنى سۇرۇشتۇرۇپ چىقىپ ھەممەنى توپلاپ مالىيىە نەزارەتىگە ئۆتكۈزۈشكە ھەمدە ھۆكۈمەتتە ھەققى بار كىشىلەر بولسا ئۇلارنىڭ ھەققىنى تۆلەپ بېرىشكە باش ۋەكىل سابىت داموللام تەرەفىدىن پەرمان چىقارىلدى. شۇندىن باشلاپ مالىيىە نەزارەتى پۇل چىقىرىش ئىشلارىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئىشتا ئالدى بىلەن چىقارىلادۇرغان پۇلنىڭ لايىھەسىنى تۈزۈش كەرەك بولاتتى. بۇ ئىشنى خىزمەتداشىم مۇھتەرەم سوفىيزادە بىلەن مەن ئۈستۈمگە ئالدىم. ئەمما پۇلنى باسىپ چىقارىش ئىشى ماڭا تاپشۇرۇلدى. الله قا شۈكرلەر بولسۇنكى بۇ ئىشمۇ ئۇتۇقلۇق بولدى. قەغەز پۇللارغا باش ۋەكالەتنىڭ تامغاسىنى باسىش ئىشلەرىگە باش ۋەكىل سابىت داموللا ھاجىمنىڭ ئوقۇغۇچلارىدىن بەئزىلەرى ياردەم قىلىپ تەشەككۈرگا لايىق بولدى. بۇ بىر سەرلىك ئاقچادىن بىر نەچچەنى نەمۇنە قىلىپ مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ كىلگەن بولساقمۇ، مىڭ ئەفسۇسكى، فەلاكەتلىك مۇھاجەرەت ھەياتى، ۋەتەن سىرتىداكى تۇرمۇش ئاغىرچىلىقى تۈپەيلىدىن بۇ نەمۇنە قولىمىزدىن غايىب بولغان ئىدى. زىمىن يۈزىدەكى بەش قىتئەنىڭ بەرىگە تارقالغان ئۇلۇغ تۇركىستانلىقلارغا مۇراجەئەت قىلار ـ قىلار ئاخىرى ئامېرىكىدا ئولتۇرۇشلۇق ۋەتەنداشىمىز مۇھتەرەم غۇلامۇددىن پاختا ئوغلىدىن مەزكۇر ئاقچانىڭ ئىككىلىشە (قالىبى ـ قىلىپى) نى قولغا چۈشۈردۇق. بىز بۇ يەردە غۇلامۇددىن ئەپەندىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئاتاسى ئەھمەد پاختاغا جەنابى ھەقتىن رەھمەت ۋە مەغفىرەتلەر تىلەيمىز.

مانا بۇ شەرقىي تۇركستان دەۋلەتى چىقارغان بىر سەرلىك ئاقچە:

تۆۋەندە ئىستىقلال مەجمۇئەسىگە باسىلغان ئەسەرلەردىن بىر بۆلۈك نەمۇنەلەرنى بېرىشنى دەۋاملاشتۇرۇمىز.

# ئىستىقلال يولىدا

دۆلەت قۇرۇلۇشى مىڭ يىللاردىن بىرى تارىخىي تەجرىبە بولۇپ كىلگەن مىللىي ئۇسۇلدا بولادۇر.. كىيىنكى يىللاردا ياۋرۇپا ھەمدە ئاسىيادا بىر قاتار يىڭى دۆلەتلەر مەيدانغا كىلدى. بۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇش تەجرىبەلەرى بولۇپمۇ بۈيۈك غازى مۇستەفا كەمال تۈركىيەسى بىلەن سەلەفىيلەر رەھبەرى باھادىر ئەبدۇلئەزىز ئال سۇئۇدنىڭ ھىجازدا ھۆكۇمەت قۇرۇش تەجرىبەلەرى بىزگە نىسبەتەن ئەھەمىيەتلىكتۇر. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق قانلىق تارىخىدىن تارتىپ تاكى بادەۋلەت يەئقۇب بىك غازىنىڭ توغرا ھەم خاتا ھەرەكەتلەرىگەچە بولغان تارىخي جەرەيانىنى ياخشى ئۆگۈنۈش لازىم. دەۋلەت پەقەت ئىستىقلال ــ مۇستەقىللىق ئەساسىدالا قۇرۇلالايدۇر. بىر تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ ئىككىنچى بىر ئەسارەتكە كىرمەك ئۈچۈن قان تۆكمەكنىڭ ھاجەتى يوق. تۈركىيەنىڭ بۈيۈك مۇستەقىللىق ھەرەكەتى بۇ سۆزىمىزنى تەستىقلايدۇر. ئەرلەر بىلەن بىر قاتاردا تۈركۈم ــ تۈركۈملەپ چىققان مۇجاھىد ــ جەڭچى ئەياللەرگە قارشى ئىسلام ۋە تۈرك دۇشمەنلەرى مىليۇنلارچە ئەسكەر چىقارىپ ۋە مىڭلارچە فىتنە ــ ئىغۋالارنى پەيدا قىلىپ بۈيۈك ئىنقلابنى قانغا پاتۇرماقچى بولدىلەر. ئىنقلابچىلارغا الله ياردەم قىلدى. مىليۇنلارچە ئاچكۆز دۇشمەن ئەسكەرلەرى دىڭىزغا غەرق قىلىندى. مۇستەفا سۇبھى كەبى يۈزلەرچە بالشۋىك فىتنەچى ــ چاتاقچىلارنىڭ كاللاسى ئالىندى. نەتىجەدە تۈركىيە مۇستەقىل بولدى. پۈتۈن دۇنيا، پۈتۈن دەۋلەتلەر تۈركىيەنى ئىئتىراف قىلدى. بۈيۈك بىرىتانىيە قىرالى غازى پاشاغا تارىخىي ھەدىيەلەرنى تەقدىم قىلدى. دەۋلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياۋرۇپا دەۋلەتلەرى ــ بولۇپمۇ بالشۋىك ــ ساۋىت ئىتتىفاقى ھۆكۇمەتى بىر قانچە مىليۇن (ئالتۇن) دوللارلىق ياردەملەرنى بىردى. شەرقىي تۈركىستان بولسا بۇ ياقتىن خىتاي، ئۇ ياقتىن بالشۋىك روسيەسى ۋە بىرىتانىيە ھىندىستانى ئاراسىدا قىسىلىپ قالغان بىر ئۆلكە بولغانلىقى ئۈچۈن دەۋلەتىمىز بۇنى نەزەردە تۇتۇپ سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلارىدا نەنجىڭ، ماسكاۋ ھەمدە لوندۇن بىلەن بولادۇرغان مۇئامەلەسىدە كۆپ ئىھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشى لازىم. ئۇلۇغ الله نىڭ مەرھەمەتى، شەھىدلەرنىڭ مۇبارەك قانلارى، بۈيۈك غازى خوجا نىياز ھاجىمنىڭ، مۇجاھىدلارنىڭ ۋە ھەم ھۆكۇمەت ئەربابلەرىنىڭ

تىرىشچانلىقى بىلەن اللە بۈيرۈسا بۈيۈك تۈرك مىللەتىنىڭ بۆشۈكى بولغان ھەمدە ئۆزىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتى بىلەن شۆھرەت تاپقان شەرقىي تۈركىستان چوقۇم ئازاد بولۇر ھەم غازى مۇستەفا تۈركىيەسى قاتارىدا مۇستەقىللىققە ئېرىشۈر. (ئىستىقلال مەجمۇئەسى، **50** ـ **56** ـ بەتلەر) مۇئەللىف ـ ئىستانبۇللۇق يۇسۇپ مۇزەففەر.

# ئىستىقلال مەجمۇئەسىنىڭ ئەدەبىيات قىسمىدىن نەمۇنەلەر

يۇرەكتە داغى مىللەت باشىدەدۇر ئىقبال سەۋداسى
قىيامەت بولغۇچە چىقماس مۇنىڭ دەردۇ- ئەلالاسى
ۋەتەنىنىڭ ئىززىتى، شانى ئۈچۈن جان ئىچرە يالقۇن بار
چىقار شامۇ- سەھەر ھەسرەت ئىچىدە ئوتلۇق ئەنفاسى
جاھاندا ھەر كىشىنىڭ بىر غەمۇ- مەتلۇبى بار ئىرمىش
ۋەتەن ئۈششاقىنىڭ مىللەت ئىرۇر مەئشۇقۇ- لەيلاسى
توسالماس ھىچ يولدىن ئىشق ئوتىغا مۇبتەلالارنى
بۇ دۇنيا غەملەرى، مىھنەتلەرى ھەم تاغۇ- دەرياسى
مەھەببەت بىرلە مىللەت تۇيغۇسى گەر دىلغە ئورناشسە
كىفايەت ئاڭا باش ئەگمەك ئۈچۈن ۋىجدان قۇمانداسى
ئەسىر ئەيلەپ كۆڭۈلنى جىلۋەسىگە بىقەرار ئىتمىش
ۋەتەنىنىڭ ئىززەتۇ- ئىقبالى، شانى، رەنگى زىباسى
بەلەند ھىممەت يىگىتلەر زىنەتى مىللەتكە خىزمەتتۇر
ئىمەستۇر مۇئتەبەر ۋىجدان قاشىدا روىى، سىماسى
ئەگەر ئىنسان ئىسەڭ ھىممەت بىلەن يۇرتۇڭغا خىزمەت قىل
مەھەببەت پىشە قىل كۆلسۇن ۋەتەنىنىڭ باغۇ- سەھراسى
كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئوت چۈشسە مىللەت ئىشتىياقىدە
فىغان ئەيلەر ھەمىشە ھەجر ئوتىدە روھى شەيداسى
يىتىشمەك ۋەسلە شەۋقىي ياشەرەڧ بىرلەن فەنا بولماق
ۋەزىفە ئۈشبۇدۇر ھەركىمگە قىلسا ئىشقنى دەئۋاسى
قۇتلۇق شەۋقىي.

## ئاند (قەسەم)

سەن ئەمىن بولغىن، سەنى مەن خارۇ- زار ئەتسەم ئۆلەي
ساڭا كۈلفەت، قايغۇ- غەم، ھەسرەتنى يار ئەتسەم ئۆلەي
بىھايا مەلئۇنغا ئەرك بىرسەم سەنى قۇل قىلغالى
كەڭ جاھاننى كۆزلەرىڭگە تەڭۇ- تار ئەتسەم ئۆلەي
سۆدرەتىپ قويسام ساچىڭدىن ياۋگە يەر يۈتسۇن مەنى
خارلەتىپ كۆز ياشلارىڭنى شەش[26] قاتار ئەتسەم ئۆلەي
يۈز ئۆگۈرسەم لالەزارىڭدىن ئۆزۈڭ ئۆلدۈر مەنى
ياۋگە بىرسەم گۈلشەنىمنى گۈلنى خار ئەتسەم ئۆلەي
جەڭدە دۈشمەن ئۈستىگە مەردانە ئات سالدۇرماسام
ياچىكىنسەم ياكى قورقۇپ شەرمسار ئەتسەم ئۆلەي
(ۋەتەن قۇلى بىر شائىردىن)

## قۇتۇلۇش

قۇتۇلۇش يولىدا سۈدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن فىدا بۇجانىمىز
يۇرتىمىز بىز يۈز- كۆزۈڭنى قان بىلەن پاك ئەيلدۇق
ئەمدى بىز كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈرك ئەۋلادى بىز
يار- ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن
قولىمىزدا قۇتۇلۇشقا بارئىدى ئىمانىمىز
ئاتىللا، چىڭگىز، تىمۇر دۇنيانى تىترەتكەن ئىدى
جان بىرىپ نام ئالارمىز بىز ھەم ئۇلار ئەۋلادىمىز
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان دۈشمەندىن بولدى ئەل ئامان
ياشاسۇن، ھىچ ئۆچمەسۇن، پارلانسۇن ئىستىقبالىمىز!
(مەرغىلانلىق تۇرغۇنجان ئەبدۇررەھىم ئوغلى تۇلۇئىي)

26- شەش: ئالتە مەئناسىدە

# ئالتاي تاغلارى

ئالتاي تاغلارى چىچەكلەر ئاچار
ئالتۇن، كۈمۈش ئوردۇ سۇرمەلەر ساچار
بۇزۇلمىش خىتايلار يەل كەبى قاچار
ئارسلان يىگىتلەر قوغلاپ ئات چاپار
قەدر بويله ئىمىش ئەي غەرىب ئانە
قانىم فىدا بولسۇن بۇيلە ۋەتەنە
مەن بىر تۈركۈم ئولماك ئىستەرەم
دۇنيايە ھاكىم ئولماك ئىستەرەم
ئەگەر شەھىد ئولۇر ئىسەم
جەننەتتىن بولۇر مەنىم يەرىم
نەقرات:
ئالتاي تاغلارى، قار، سۇ، تاغلارى
شەھىد ئوغلانلەرى، ئاناسى ئاغلەر
ئاناسىز يەتىملەر يوللاردا باقار
مەھزۇن كۆزلەرى يۈرەكنى ياقار
نەقرات:
ئالتاي تاغلەرىندە كۆيدۈم سىجاق (ئىسسىق) تىن،
دۆنەر دولاشىرىم (ئايلانىپ يۈرەرمەن) مىلتىق قۇچاقتا.
دۇشمەن جايىن ئاختۇرۇپ ئىزلەپ،
تىنماي تۈندە - كۈندە ھەر ياقتا.
مەھمۇد نەدىيم.

ئىستىقلال مەجمۇئەسىدىن ئالىنغان كۆچۈرمەلەر شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

## باش ۋەكالەت توغراسىدا

كاشغەر شەھەر ئىچىگە جايلاشقان ئوردا باش ۋەكالەتنىڭ ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. باش ۋەكىل سابىت داموللامنىڭ ئىشخاناسىدەكىلەر ئىشلەشكە باشلادى. باش كاتىپ مۇسا داموللام[27]، مۇدىر مۇھەممەد رىزاخان نەمەنگانى ۋە باشقىلار ئۆز لەياقەتلىرىگە قاراپ قەلەم خىزمەتىدە ئىدى.

داخىلىيە نەزارەتى: ئوردانىڭ باغ تەرەفىدە داخىلىيە نازىرى يۇنۇسبەگ، باش كاتىپ ۋە مۇئاۋىنى ئەبدۇرراھمان ئەپەندىلەر ئەترافىدەكى مەئمۇرلار، خىزمەتچىلەر بىلەن ئىچكى ئىشلار خىزمەتىگە كىرىشتى.

مەئارىپ نەزارەتى: دارۇلمۇئەللىمىن بىناسىغا جايلاشقان مەئارىپ نەزارەتى ئىشلەشكە باشلاپ، مەكتەبلەر، مەدرەسەلەرنى تەرتىبكە سالدى. گېزىت، ژۇرناللارنى چىقاردى. ھەر قايسى مەكتەبلەرنىڭ، بولۇپمۇ دارۇلمۇئەللىمىننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردى. باشقا ساھەلەردەمۇ ھەم قولىدىن كېلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەدى.

27 ـ مۇسا داموللام ئەسلى شەھرىخانلىق، بىلىمدان، خەتتات، يىتۈك قەلەمكەش، دىندار، مىللەتچى بىر كىشى ئىدى. ئۆز دەۋرىدە فەرغانە مۇجاھىدلەرى تەرەفىدىن ئافغان پادىشاھى ئەمانۇللاخانگە ئېبەرىلگەن ئەلچىلەردىن بىرى ئىدى. ۋەزىفەسىنى تۈگەتىپ قايتىپ كېلگەن ئىدى. پات ـ پات ئافغانىستان سەفەرىدە كۆرگەن، بىلگەنلەرىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بىزنىڭ ئافغانغا بولغان قىزىقىشىمىزنى ئارتتۇرار، خۇش گەپ، خۇش خەت بىر كىشى ئىدى.

# شەرقىي تۈركىستاندا پۇل مەسىئەلەسى

ئۇزۇن زەماندىن بىرى شەرقىي تۈركىستان پۇل بوھرانىنى باشتىن كەچۈرۈپ كىلمەكتە ئىدى. ئۈرۈمچىدەكى باشباشتاق قارا مۇستەبىد خىتاي ھۆكۈمەتىنىڭ ھەر قايسى تارماقلارىدا ئىنتىزامسىزلىق، ئۆز باشىمچىلىق قانداق دەۋام قىلىۋاتقان بولسا ئۇنىڭ مالىيىە خىزمەتىدەمۇ ئاغىر دەرەجەدە ئىنتىزامسىزلىق، ئۆز باشىمچىلىق ساقلانىپ كىلمەكتە ئىدى. ئاقچە مەسىئەلەسىدە دۇنيانىڭ ھىچ يەرىدە كۆرۈلمەگەن رەسۋالىقلار مانا مۇشۇ ئۈرۈمچى ھۆكۈمەتىدە بار ئىدى. ئەمەلىيەتتەمۇ ئۈرۈمچى ھۆكۈمەتى ئاقچا چىقارىش خىزمەتىنى ياخشى ئىشلەمەگەن. ھەر بىر ۋىلايەت ئۆز ئالدىغا، ئۆزى بىلگەنچە ئاقچا چىقارغان بولۇپ، بىر ۋىلايەتتە چىقارىلغان ئاقچا ئىككىنچى بىر ۋىلايەتتە ئۆتمەيتتى. چىقارىلغان ئاقچالارنىڭ نە كەفالەتى ۋە نە نومۇر - ئۆلچەمى يوق ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ شەرقىي تۈركىستاندا يالغان ئاقچالار كۆپەيىپ كەتكەن ئىدى. بۇ فۇرسەتتىن فائىدەلانغان ئۈرۈمچى خىتاي ھۆكۈمەتى تۈركىستانىنىڭ نۇرغۇنلاغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرىنى يىغىۋالدى. رەستە - بازارلارداكى ئالتۇن، كۈمۈش باھاسىمۇ زور دەرەجەدە ئۆرلەپ كەتتى. ئالتۇن بەك قىسلاشىپ كەتكەنلىكتىن بىر دانە ئۇن سوملۇق رۇس تىللاسىنى يۈز ئەللىك سەر كۈمۈشكە ئالاتتى. مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبەتى **75%**كە يەتىپ كاسىب، ھۈنەرمەندلەر ئاغىر ئەھۋالدا قالغان ئىدى. **1933** ۋە **1932** - يىللاردا خەلق خىتاي ئاقچاسىنى تۈتۈشتىن قورقادۇرغان بولۇپ قالغاچقا، كىمنىڭ قولىدا ئاز - تولا ئاقچا بولسالا ئۇنىڭغا بازاردىن ئەرزان، قىيمەتلىكگە قاراماستىن پۇلغا يارايدۇرغان ماللارنى ساتىۋالىپ، ھەر ئەئماللار بىلەن خىتاي ئاقچاسىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى. شۇ سەبەبلەرگە كۆرە، مال باھاسى ئەسلىدەكىدىن **3** - **4** ھەسسەلەپ ئۆرلەپ كەتتى. نەتىجەدە بىر سەرلىك خافىياۋ (كاشغەر تىزاسى) دىن باشقا تۆرت تەڭگەلىك شىڭپياۋ ۋە بەش سەرلىك قەغەز ئاقچالارنىڭ قىيمەتى شىددەت بىلەن چۈشۈپ، ئۆتمەس بولۇپ كەتتى. خەلقنىڭ نارازىلىقىمۇ كۈچىيىپ باردى. ھۆكۈمەت بۇئىشلارنى ئوڭشاشنىڭ بىر تەدبىرى سىفەتىدە بىر كۈنى «شىڭفىياۋ ئالىنماي، خافىياۋ ئالىنادۇر» دىپ پەرمان چىقارسا، ئىككىنچى

كۈنى «خافىياۋنى باجخانالاردىن تارتىپ پۈتۈن خەلق ئالىشى كېرەك، ئالماغان ئادەم جەزاغا تارتىلادۇر» دىگەن پەرماننى چىقارىپ يۇرگەن بولسامۇ، بەرىبىر بۇ ئاقچالارنىڭ ئىناۋەتىنى كۆتۈرەلمەدى.

شەرقىي تۈركىستاندا پارتلاغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقۇنلەرى پۈتۈن ئۆلكەگە ساچىلىشى بىلەن ئازادلىق دەۋرى يەتىپ كىلىپ مىللىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كيىن يېڭى مىللىي ئاقچا چىقارىش مالىيە نەزارەتىنىڭ نەۋبەتتەكى ئەڭ مۇھىم ۋە بۈيۈك ۋەزىيفەلەرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن **1933** ـ يىلى، **10** ـ ئاينىڭ **26** ـ كۈنى باش ۋەكىل (زۇڭلى) مەھكەمەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر قايسى نەزارەتلەرنىڭ ھەيئەتلەر يىغىنىدا يېڭى مىللىي ئاقچا چىقارىش قەرار قىلىندى. مىللىي ئاقچا چىقارىلغاندىن كيىن ئۇنىڭ تەدا ۋۇل(مۇئامەلە) گە كىرىشى مۇناسەبەتى بىلەن باش ۋەكىلنىڭ تۆۋەندەكى بۇيرۇقى ئىلان قىلىندى.

# باش ۋەكىل سابىت ئەبدۇلباقىنىڭ بۇيرۇقى[28]

بارچە يۇرتداشلارغا، چوڭ ـ كىچىك ھەممە فۇقەرا (رەئىييەت) لەرگە مەئلۇم بولسۇنكى، بۇگۈنگەچە تەرتىب ـ ئىنتىزامسىزلىق ھۆكۈمەت بولماغانلىقى ئۈچۈن پەيدا بولغان پاراكەندەچىلىك، ئىنتىزامسىزلىق، ئۆز باشىمچىلىقلارگە ئەمدى يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن خاتىمە بېرىلدى.

ئىنسانىيەت ئالەمگە بىلىم ۋە مەدەنىيەت دەرسلەرىنى بېرىپ ئۇستازلىق قىلغانلار دەل ئىلگىركى مۇسۇلمانلار ئىدى. ئۇلار ھەرجەھەتتە تەرەققى قىلغان، نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى ئىجاد قىلغان ئىدى. ئۇمەۋىيە خەلىفەلەرىدىن ئەبدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ھەزرەتلەرى سەۋداگەرلەرگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن قەغەز ئاقچا چىقارغۇزغان ئىدى. باشقا دەۋلەتلەر قەغەز ئاقچا چىقارىشنى بىزنىڭ خەلىفەلەرمىزدىن ئۆگەنگەندۇرلەر.

دەۋلەتنىڭ تەئمىناتى، سەۋدا ئىشلەرىنىڭ راۋان بولىشى ئۈچۈن جەنابى رەئىس جۇمھۇر خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئىجازەتى ھەمدە ئۇنىڭ سەلاھىيەتدار ۋەكىللەرىنىڭ، ئەھلۇلھەللى ۋەلئەقد (ئىچكى كابىنېت) دەكى نازىرلار ھەيئەتىنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى ۋە قەرار قىلىشى بىلەن يۇرتتا ئىشلەتىشكە ئىسلام ھۆكۈمەتىنىڭ بىر سەرلىك[29] يېڭى ئاقچاسى چىقارىلدى. ئۇشبۇ مىللىي ئاقچاغا يۇرت تابىئەلىكىدەكى پۈتۈن زېمىن، ئىمارەتلەر، دۇكان ـ سارايلار ئالىپ، ساتىلادۇر. بۇ مىللىي ئاقچا ھۆكۈمەتىنىڭ ھەر قايسى ئىدارەلەرىدە، زاكات، باج، خىراج يىغىش ئورۇنلارىدا بىردەك قەبۇل قىلىنادۇر. ھۆكۈمەتىنىڭ ھەر قايسى ئىدارە ـ ئورگانلەرى ۋە بارچە يۇرتداشلار ئۇشبۇ مىللىي ئاقچانى قەبۇل قىلىپ، ئۆز مۇئامەلەلەرىدە ئۇنى ئىھتىرام بىلەن ئىشلەتىشلەرى كېرەك. ئەگەر بۇ جەھەتتە ھىلە ئىشلەتكەن ياكى ياكى ياساما (ساختا) ئاقچا چىقارغانلار بايقالسا ھۆكۈمەت ئۇنداقلارنى كەچۈرمەس، نىھايەت قاتتىق ۋە ئاغىر جەزا بېرەر. يېڭى ئاقچانىڭ ھازىرقى سانى ماتېريال ۋە مەتبەئە كەمچىلىكلەرى تۈپەيلىدىن تازا يەتەرلىك بولۇپ كەتەلمەگەنلىكى ئۈچۈن ۋەقتىنچە قەدىمي

28 ـ «ئىستىقلال مەجمۇئەسى» ، **1933** ـ يىل كاشغەر باسماس، **62** ۋە ـ **63** بەتلەرى.
29 ـ بىر سەر بىر ئامېرىكا دوللارىغا تەڭدۇر.

ئۈرۈمچى ئاقچالىرىمۇ خەلق ئىچىدە ئوخشاش قىيمەتتە ئۆتتۈرىدۇر. (باش ۋەكىل سابىت ئەبدۇلباقى)

يېڭى مىللىي ئاقچا مۇئامىلەگە كىرگەندىن كېيىن، مالىيىيە نەزارەتىگە بىر ئاز بولسامۇ ئارام ئالىشىش پۇرسەتى چىقتى. بۇ پۇرسەتتىن فائىدەلىنىپ مالىيىيە نەزارەتىدە «تەھقىق (ئانىقلاش) ئىدارەسى» دەيدۇرغان بىر تارماق ئورگان قۇرۇلدى. بۇ ئورگان بۇرۇنقى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەقتىدە ھەربىي ۋە مۇلكىي تارماقلارنىڭ نامىغا خەلقدىن زورلۇق بىلەن ئالىشىلىنغان تۈرلۈك مال ـ مەتائلار، ئەشيا، ئەسبابلار، ئۇرۇش چىقىملارى ئۈچۈن ئالىشىلىنغان نەرسەلەر ئىچىدە ھۆكۈمەت تىخىچە ئورنىنى تولدۇرۇپ بىرمەگەن ۋە مۇۋافىق تۆلەم بىرمەگەنلەرىنى ئانىقلاپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئىگەلەرىنى رازى قىلىش خىزمەتىنى تۇتتى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ يۈزى يورۇق، ھۆكمى نافىز (ئۆتكۈر) بولۇپ، خەلق ئالدىدەكى ئىنابەتى تىخىمۇ ئاشتى.

باش ۋەكىلنىڭ بۇيرىقى بىلەن مالىيىيەدە «تەھسىل (يىغىشالىش) ئىدارەسى» دەيدۇرغان بىر تارماق ئورگان قۇرۇلدى. بۇ ئورگان قۇرۇلغاندىن كېيىن قىلىنغان بىرىنچى ئىش شۇ بولدىكى، ئۆز ۋەقتىدە ختاي بانكاسىدىن ھۆججەت بىلەن پۇل قەرز ئالىپ، ھىلىغاچە قەرزنى قايتۇرماغان تىجارەتچى ۋە بايلاردىن بولۇپ 35 كىشىدىن قەرز ئالغان پۇللار تولۇق ئوندۇرۇۋالىنىپ، قەرز ھۆججەتلەرى قوللارىغا تاپشۇرۇلدى. ئۆز زەمانىدە ئۈرۈمچى ھۆكۈمەتى تەرەفىدىن كاشغەر بايلارىغا يۈك تاپشۇرۇش ئۈچۈن (500,000) مىڭ سەر ئالتۇن ئاقچا قەرز بىرىلگەن بولۇپ، ئاقچانى ئالغانلار تىخىچە ئۈرۈمچى ھۆكۈمەتىگە تاپشۇرادۇرغان يۈكنى تاپشۇرماغانلىقى ئۈچۈن ئاقچالار گەردەنلەرىدە قالغان ئىدى. كېيىنكى قەدەمدە مانا مۇشۇ ئاقچالارنى ئوندۇرۇۋېلىش خىزمەتى قولغا ئالىندى. بۇ ئاغىر ئىش ئۈچۈن مالىيىيە ئىدارەسىدە ھەركىچەسى تۆرت سائەت مۇنتىزىم ئىشلەشكە توغرا كىلدى. ئانىقلايدۇرغان مەبلەغ كۆپ، قولىمىزدا ھۆججەت ياكى پاكىت بولماغانلىقتىن ھىچكىمنى ئىقرار قىلدۇرغالى بولمادى. ئەھۋالنى باش ۋەكىلگە ئەيتىپ: «كەرامەت كۆرسەتىپ بىرسىلە» دەسەم، «ئەپەندىم، فەراسەتىمۇ يارىم كەرامەت!» دىپ قويادۇر. شۇنداق قىلىپ، ئون بەش كۈنچە تەكشۈرۈپ ـ تەدقىق قىلىشلاردىن كېيىن مەئلۇم بىر باينىڭ ھىسابچىسىنىڭ قۇلاقىمغا شۇىرلاپ قويۇشى بىلەن مۇھىم بىر يىپ ئۇچىغا ئىرىشىپ كۆپ مەمنۇن بولدۇم. ئۇ ئادەمنىڭ «مىللەتكە خىزمەت كۆرسەتتى» دەيشكە ئەرزىيدۇرغان

بۇ ئىشىغا ئاپەرىنلەر ئەيتتىم. ئەرتەسى يارىم كېچەدە بىر باي ئەپەندى بىلەن تەھسىل ئىدارەسىدە ھەمسۆھبەت بولدۇق. بۇ ئادەم ئۆزىنى بۇلارنىڭ ئىچىدە يوق ھىسابلاپ باشقا توت كىشىنىڭ يۈز مىڭدىن 400,000 سەر ئالتۇن ئاقچا قەرز ئالغانلىقى، بۇ قەرزلەرنىڭ تىخى مۆھلەتى توشماغانلىقىغا ھۆججەت قىلىپ ئۆز ئىمزاسىنى قويۇپ بىردى. ئەرتەسى كېچەسى يەنە بىرەيلەن بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ قالدۇق. بۇ كىشىمۇ ھەم باشقا تۆت كىشىنىڭ ھەر بىرىنىڭ يۈز مىڭ سەردىن قەرز ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بىرىپ، ئىمزاسىنى قويۇپ بىردى. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۈچ ئادەم بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتلەشتۇق. ئۇلارمۇ بىلگەنلەرىنى بەئىزىدە ئاشكارا، بەزىدە ئاستىرتتىن ئەيتىپ بىردىلەر. دىمەك، ھىلىقى 500,000 سەر مەبلەغنىڭ تاپىلىشىگە ئۈمىد تۇغۇلدى. بىز ئارالىقتا بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كىيىن، باش ۋەكىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەزكۇر بەش كىشىنى بىر كېچەسى بىر يەرگە چاقىردۇق، بىر بۆلۈكلەرى ئۆزى كىلەلمەگەچكە ۋەكىلىنى ئىبەردى. چاي تارتىلدى. بىز چاي ئىچىشكەچ ئولتۇرۇپ ھىلىقى ئاقچالارنىڭ گەپىنى چىقارىپ، ئۇلارغا شۇنداق دىدىم: «سىلەر ئىسلام ھۆكۈمەتىگە قەرزلەرىڭلارنى چىرايلىقچە تاپشۇرۇپلا قالماستىن يەنە خالىس ياردەملەرىڭلارنىمۇ ئاياماساڭلار، بۇ سىلەرنىڭ كىلگۈسىڭلار ئۈچۈن كۆپ فائىدەلىك ئىش بولاتتى» . بۇ گەپنى ئاڭلاغاندىن كىيىن ئۇلاردىن ئەڭ باشتا مۇھىيددىن خان باينىڭ ئوغلى رەھمۇددىن بايبەچچە، ئاندىن كىيىن باشقىلارنىڭ ھەر بىرى 100000 سەردىن قەرزگە ئۆيناپ كۆلۈپ ئىقرار بولۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن ھەپتەسىگە 5000 سەردىن قەرز قايتۇرادۇرغانىغا ھۆججەت ئالىپ سۆھبەتنى تەمامىلادۇق. بۇ زاتلار: ئۆمەر ئاخۇنباي، ئىبراھىم ئاخۇن لوزۇڭ، مۇھىيددىنجان باي، ئىسامۇددىن باي، ئەبدۇررەھىم بايبەچچەلەردىن ئىبارەت.

بۇ يەردە كىلگەندە، ئۆز دەۋرىدە جەڭچىلەرىمىزنىڭ، مىللەتسۆيەر دەۋلەت كىشىلەرىمىزنىڭ ھۇشيار ۋە تىتىك تۇرۇشلەرى ئۈچۈن ئۇلارغا بىزنىڭ دۇشمەن ۋە خائىنلەرىمىزنى ئانىق تونۇتۇپ قويۇش مەقسەدى بىلەن يازىلىپ نەشر قىلىپ تارقاتىلغان بىر بۆلۈك مەقالەلەردىن ئوقۇرمەنلەرىمىزنى خەبەردار قىلىپ ئۆتۈش فائىدەلىك كۆرۈلدى.

# خائىن تۆڭگانلار

خىتاي، تۆڭگان ھەر ئىككىسى بىر سۆزدۇر. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تۇتقۇنلۇق دەۋرىدە يەرلىكلەر ۋەھشىي خىتايلار تەرەپىدىن قانداق جەبر- زۇلۇم ۋە ئەلەملەرنى كۆرگەن بولسا، تۆڭگانلار قولىدامۇ ھەم ئۇنىدىن ئارتۇقراق جەبر، زۇلۇم ۋە ئەلەملەرنى تارتتى. مانا بۇ خۇددى قۇياشتەك ئانىق تارىخىي ھەقىقەت بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە كۆز ئالدىمىزدالا بولۇۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭغا كۆرە، تۆڭگان بىلەن خىتاي بىرسۆز دەسەك ھەرگىزمۇ ياڭلىشمايمىز. ئۆز ۋەقتىدە ساھىبقىران بەدەۋلەتكە ئۆرۈمچى لورىنجاسىنىڭ خىيانەت قىلغانلارى، **1328** - يىلى قۇمۇلدىن چىققان ئىنقىلابچى باتۇر تۆمۈر خەلىفەگە قىلىنغان خىيانەت، تۇرپانىنىڭ مەشھۇر ئىنقىلابچىسى ئەھمەد تاماق باتۇرغا قىلىنغان خىيانەت، بولۇپمۇ ھازىر شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرى خوجا نىياز ھاجىمغا تۆڭگانلار تەرەپىدىن قىلىنغان ۋە ھىلىغاچە قىلىنۋاتقان خىيانەتلەر بۆلارنىڭ مىللەتكە قىلغان يامانلىقلەرى ئىچىدەكى دىڭىزدىن بىر ئۇتلام، يامغۇردىن بىر تامچەدۇر. تۆڭگان خىيانەتچىلىكى، تۆڭگان ۋەھشىيلىكى ھىچ قاچان كۆز ئالدىمىزدىن كەتمەيدۇر. شۇ تاپتا تۆڭگان ۋەھشىيلىكى ئالدىدا خىتاي ۋەھشىيلىكى ئۇنتۇلۇپ كەتەدۇرغان بىر ھالغا كىلىپ قالماقتا. توغراسىنى ئەيتقاندا، بىزگە خىتاي ۋەھشىيلىكىنى ئۇنتۇلدۇرغانى دەل تۆڭگان ۋەھشىيلىكى بولۇپ قالدى. دەمەك، بىزگە خىتايدىن كۆرە تۆڭگانلار ئارتۇقراق دۇشمەندۇر. بىزلەر خىتايلار زۇلمىدىن قۇتۇلغان بولساقمۇ تىخى تۆڭگانلاردىن قۇتۇلۇپ بولالمادۇق. بىزخىتايلاردىن ئۇنچە بەك قورقۇپ كەتمەيمىز. ئەمما تۆڭگانلاردىن تەشۋىشىمىز يوق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قاراتا ھەرقاچان سەگەك تۇرىمىز، تۆڭگانلار بىلەن بولادۇرغان كۆرەشنى تىخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرەمىز، سارىق خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ھىچ قانداق ھەققى بولماغاندەك، تۆڭگانلار ۋە قارا خىتايلارنىڭمۇ بۇ زىمىندا بىر داچەنلىك ھەققى يوقتۇر. شەرقىي تۈركىستان فەقەت شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭدۇر. بىزنىڭ شىئارىمىز ئەنە شۇ. شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن بۇندىن كىيىن بىگانە ئاتالار كىرەك ئەمەس. سارىق خىتاي بولامدۇر، قارا خىتاي بولامدۇر نەيەردىن

كىلگەن بولسا شۇيەرگە كەتىشسۇن. ئۇلار خانلىقنى، بەگلىكنى، دوتەي ـ پوتەي، شەنگەن ـ پەنگەن، دارىن ـ پارىنلەرنى بىيجىڭگە ئالىپ كەتسۇن. بىزگە ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ كېرەك ئەمەس، سۆزىمۇ كېرەك ئەمەس. ئۇلارنىڭ نامى، رەسىم ـ ئادەتى، قىلىق، خۇيلەرى تەمام يوقالسۇن! بىز ئەمدى ئۇلارنى ئەبەدىيلىك ھەيدەدۇق. سارىق ـ قارا ئىپلاسلارنىڭ يۇرتىمىزنى شۇنچە يىللار پاسكىنا قىلغانلارى يەتەر. ئاندا، بۇندا قالغان بىر ئوچۇم، يارىم ئوچۇم سارىق ـ قارا پاسكىنالار خۇددى بۇرۇنقىدەك ئەفيۇن تارتىپ ئىغىناپ ياتىش خۇمارى بىلەن يەنە ھۆكۈمەت تەختىگە ئولتۇرۇش ئۇمىدىدە (ياتىپ قالغۇچە ئاتىپ قال) دىپ كىينكى رەزىللىكلەرنى ئورتاغا چىقارماقتا. بۇلارنىڭمۇ ئۆمرى ئاز قالدى. يىقىن ئارادا بۇ سوقۇندى قارا پاسكىنالارمۇ چار ناچار (مەجبۇرەن) ئۆز يۇرتلارىغا ھەيدىلەدۇر. بۇندىن كىيىن شەرقىي تۈركستاندا دەۋلەتنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىمايدىغان زالىملەرگە ھوقۇق بىرىلمەس. يوقالسۇن قارا ـ سارىق ۋەھشىلەر! ياشاسۇن شەرقىي تۈركستان دەۋلەتى! كېڭەيسۇن دىنىي، سىياسىي، مىللىي، ئىلمىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي ئىنقىلاب! بار بولسۇن ئۇلۇغ داھىمىز خوجا نىياز ھاجىم! ياشىسۇن شەرقىي تۈركستانىنىڭ كۆڭۈللى (فىدائىي) مۇجاھىد ـ ئەسكەرلەرى!..

**1933** ـ يىلى، **11** ـ ئاينىڭ**31** ـ كۈنى (ئىستىقلال مەجمۇئەسى)

# زالىم خىتايلار

مىلادى **1877** ـ يىلىدىن باشلاپ خىتايلار شەرقىي تۈركىستانغا تەكرار ئىستىيلا يۈرگۈزگەندىن بىرى يەرلىكلەرگە ۋەھشىيانە مۇئامەلەدە بولۇپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك تۈردە ئەزدى ۋە كەمسىتتى،. ئۇلار يەرلىكلەرنى ھەقارەتلەپ «چەنتو»، «سىڭكو» دېپ ئاتايتتى. «چەنتو» دىگەنى سەللە ئوراغان، «سىڭكو» دىگەنى ھايۋان دىگەنى بولاتتى. خىتايلار ئۆزلەرىنى مەئبۇد، خوجا، باشقالارنى بولسا قۇل (بەندە) ئورنىدا كۆرۈشلەرى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئورۇنلارىغا دەئۋا ـ دەستۇر سۇنغۇچىلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇراتتىلەر. يەرلىك خەلقنىڭ جانى، مالى، ئىففەت ـ نامۇسى، زىمىنى ئۈستىدە خاھلاغانلەرىچە ئەيش ـ ئىشرەت، كەيف ـ ساپا قىلىۇرلەر. بىچارە يەرلىكلەر ھەممە ھوقۇقدىن مەھرۇم قىلىنغان. ھېچ كىشىدە ھەرقانداق بىر ناھەقچىلىككە بىر ئاغىز ياخشى، يامان دەيىشكە قۇدرەت يوق ئىدى. كىمدەكىم ئۇلارنىڭ بىرەر تۇزۇمىگە خىلاپلىق قىلىپ سالغۇدەك بولسا، سەزىلگەن ھامان قاماققا ئالىناتتى. قاماققا ئالىنغانلار بوينى، قولى، پۇتىغا يوغان تاختىلار، قىلىن تۆمۈر كىشەنلەر سالىنىپ ھۇشىدىن كەتكۈچە ساۋىلاتتى. بۇنداقلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىينكى تەقدىرى ئۆمۈرلۈك قاماق ياكى سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىنىش بولاتتى. قاماقخانالارنىڭ شەرائىتى كاللا ئىغىلىدىن قالىشمايدۇرغان دەرەجەدە ناچار، پاسكىنا بولۇپ، ئادەم تۇرغۇسىز ئىدى. بۇ خىتاي دىگەن لەر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، مەئارىپ ۋە مەدەنىيەتى، سەۋدا ـ سەنائەتى ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلغانى يوق. خىتاي، تۇڭگان ئەمەلدارلاردا پارەخورلۇق قىلمىشى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، قانۇن فورماسى كەيگەنلەر پارەخورلۇقتا مۇسابەقە ئالىپ باراشار ئىدىلەر. ئۇلار مىللەتنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، جەۋاھىرلەرى ۋە باشقا تەمام بايلىقلەرىنى زورلۇق بىلەن يىغىۋالغان. ئىقتىسادىي ئىشلار، ئىچكى ۋە تاشقى سەۋدا ئىشلەرىنىڭ ھەممەسى خىتايلار تەرەفىدىن مانايپولىيە قىلىۋالىنغان ئىدى. يەرلىك سەۋداگەرلەرنى خىتايلار ئۆز فائىدەسى ئۈچۈن ئىشلەتەر ئىدى. مەھەللىي (يەرلىك) سەنائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇلارنىڭ ئويىغا كىرىپ چىقمايتتى. مىللىي مەئارىپ ۋە نەشرىييات ئىشلارىغا جان ـ جەھلى بىلەن توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇلار فاھىشەبازلىق، بۇزۇقچىلىق،

ئەخلاقسىزلىق قىلمىشلەرىنى ئۆزلەرى قىلىپلا قالماي بەلكى جەمئىيەتتە ئۇخىل قىلمىشلارنىڭ يامراشىغا كەڭرى يول ئاچىپ بىرىشكەن ئىدى. ئۇلار يەنە بىر تەرەفتىن خىتايلاشتۇرۇش سىياسەتىنى كۈچەيتىپ، خىتاي كۆچمەنلەرىگە تۈركىستانىنىڭ مەھسۇلدار يەرلەرىنى ئالىپ بىرىشتى. نە - نەلەردىن كىلگەن كۆچمەن ( ئاققۇن ) خىتايلارنىڭ بۇ يەرلەرگە كىلىپ ئولتۇراقلىشىشى ئۈچۈن تۈرلۈك ئاسانچىلىقلارنى ياراتىپ بىردى. ئۇلار يەرلىك خەلقكە ئاغىر دەرەجەدە سالىق سالىپ، ئۇلارنى زىمىندىن، ئۆي - ۋاقتىن زىرىكتۈرگەچكە نۇرغۇنلار يۇرتلارىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا قاچىپ كەتەتتى. سالىقلارنى تۆلەيەلمەگەن دىھقانلارنى سۇرگۈن قىلاتتى ياكى قاماقتا ياتقۇزاتتى. ئۇلار يەنە تىخىمۇ ھەددىدىن ئاشىپ تۈركىستانلىق ئەياللارنى مەجبۇرىي يوسۇندا خوتۇنلۇققا ئالىشقا باشلادىلەر. خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانغا فائىدەلىك بىر داچەنلىك ئىش قىلغانى يوق. رۇسلارنىڭ ئۆز ۋەقتىدە غەربىي تۈركىستاندا قوللانغان رۇسلاستۇرۇش سىياسەتىنى خىتايلار ئۆز پىتى كۆچۈرۈپ كىلگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، خىتايلار بۇزىمىنغا ئەڭ ئاچكۆز، قەلەندەر ئەمەلدارلەرىنى ئىبەرەر ئىدى. شۇنداق بولغاچقامۇ بۇ ئەمەلدارلار پەقەت پۇتۇن ئەس - يادى بىلەن پۇل تاپىش، باي بولۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، خەلقنىڭ ئەھۋالىغا قىلچەمۇ كۆڭۈل بۆلمەس ئىدىلەر. خىتايلاردا قانۇن دەيدۇرغان نەرسە يوق بولۇپ، ھەركىم ئۆزى خاھلاغانچە ھەرەكەت قىلۇرلەر. ھۆكۈمەت ئىدارەلەرىدەكى مەئمۇرلار ئومومىيۇزلۈك ئەفيۇنغا ئۆگۈنۈپ كەتكەن ئىدىلەر. ئەفيۇن چىكىش خىتاي ئەمەلدارلەرىنىڭ ئەلاھىدە چوڭ ئىشى ھىسابلاناتتى. ئۇلارنىڭ سوزۇلۇپ ياتىپ ئەفيۇن چەكىشۋاتقان ھالەتىنى ھەردائىم كۆرگەلى بولاتتى. خىتاي مەھكەمەلەرىدە ئەدل - ئىنساف دىگەن دىن زەررە چاغلىق ئەسەر يوق ئىدى. كىم رىشۋە (پارە) نى كۆپراق بىرسە ھەر قانداق ئاغىر جىنايەتى بار ئادەم بولسامۇ شۇنىڭ فائىدەسى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارىلاتتى. رىشۋە بىرىشكە قادىر بولالماغان كەمبەغەللەرىنىڭ گەپى ھەر قانچە يوللۇق بولسامۇ تاياق يەپ يۇتلارىدىن باغلانىپ، ئەزابلانغاندىن سىرت ئۆمۈرلۈك قاماق ياكى سۈرگۈنگە مەھكۇم بولاتتى. دەمەك، تۈركىستانداكى خىتايلارنىڭ ھەرقانداقىنىڭ دىنى، ئىمانى، غايە - ئارمانى فەقەت ۋە فەقەت پۇللا ئىدى. كىينكى يىللاردا خىتايلار پۇل تاپىش ئۈچۈن تۈرلۈك يوللارنى ئاچتى. ئۇلار بۇ زىمىندا بالشۋىك باسقۇنچىلارنىڭ پروگرامماللارىنى قوللانىپ مىللەتىنىڭ مالى، جانى، ئار- نامۇسى ۋە ئىففەتلەرىگە ۋەھشىيانە تەجاۋۇز

قىلدىلەر. شۇ تۈپەيلى بۇنداق ۋەھشەتلەر، زۇلم ـ زورلۇقلارغا قارشى ئىنقىلاب باشلاندى، خەلق قوزغالان قىلىپ باش كۆتەردى. (ئىستىقلال مەجمۇئەسى، 42 ـ بەتتىن 45 ـ بەتكىچە) ئىستىقلال مەجمۇئەسىدىن ئالىنغان كۆچۈرمەلەر مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتى.

# گۆر ئاغزىدىن يانغانلار[30]

باش ۋەكىل سابىت ئەبدۇلباقىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سەھىيە نەزارەتىنىڭ نازىرى خانىي ئەپەندىگە مۇئاۋىن بولۇپ يىرىم كۈن، بەئزىدە كېچەلەرى ۋەزىيفە ئىجرا قىلىۋاتقان شۇكۈنلەردە تىلغا ئالىشقا ئەرزىيدىغان، تۈركىستانلىقلارنىڭ تارىخىدا ئىفتىخار قىلغۇدەك تەئسىرلىك بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئىش يۈز بەرگەن چاغ **1933** - يىلىنىڭ كۈز فەسلى بولۇپ. مەن شۇ چاغدا دوختۇرخانادا ئىدىم. توساتتىن بىر سېستىرانىڭ ئەپەندىمىز ئاۋۇ يەردە، دېگەن سۆزى قۇلاقىمغا كىرىپ قالدى. قاراسام، ئىشخاناغا ئۈچ نەفەر يىگىت كىرىپ كەلدى. قوللارى لاتا، بەلباغلار بىلەن تاڭىلغان، تۇرۇقلارىدىن قاراغاندا يىراق سەفەردىن كېلىشكەندەك تۇراتتى. مەئلۇم بولىشىچە، چوڭ بىر كىلىشمەسلىككە يولۇققان ئىكەن. دەرھال دوختۇرلارغا ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋالىشنى تاپىلادىم. يارالارى ئاپپاق، پاكىزە داكالار بىلەن تاڭىپ قويۇلغاندىن كېيىن چىھرەلەرىدىن خوشلۇق ۋە تەبەسسۇم ياغىپ تۇرغان ھالدا ئالدىمغا كىرىشتى. چاي ئىچىش ئارالىقىدا ئۇلاردىن قانداق بولۇپ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىشلەرىنىڭ سەبەبلەرى سورالدى. ئۈچ يىگىتنىڭ بۇ سوئالغا نەۋبەت بىلەن بەرگەن جەۋابلەرى تۆۋەندەكىچە بولدى: ئۇلاردىن بىرى ئەندىجانىنىڭ چار گۇزەرگە قاراشلىق **2** - قۇم كوچاسىدىن زاھىد جان ھەكىمباي تۆگەچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، **22** ياشىنىڭ قاراسىنى ئالغان ئۇۋچى يىگىت ئىكەن. قالغان ئىككىسمۇ ئەندىجاندىن بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى ئابىد بېك، **23** ياشلىق، ئوقۇش، يازىشنى بىلەدۇرغان، روسچە بىلەدۇرغان يىگىت ئىكەن. يەنە بىرىنىڭ ئىسمى كىچىك ئابىد، **18** ياشلار چاماسىداكى يىگىت ئىكەن. ئۇلار باشتىن ئۆتكەن ئىشلارنى شۇنداق ھىكايە قىلادۇر: بىز ئۈچەيلەن بىرلەشىپ بىر قىرغىزنىڭ يول باشلاشى بىلەن ئەندىجاندىن يولغا چىقىپ سوفىي، ئوش، كىچىك ئالاي دېگەن جايلاردىن ئۆتۈپ كاتتا ئالاينىڭ «قاراياغدى - ئات تايدى» دېگەن يەرىگە كېلگەندە قارلىق داۋانغا دۇچ كېلدۇق. قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن بۇ داۋاندىن بەئزىلەرىنىڭ ئاتى ئۆتەلەسە، بەئزىلەرىنىڭ ئۆتەلمەدى. شۇنىڭ بىلەن

30- بۇ مەۋزۇ ئۆزلەشتۈرگۈچى تەرەفىدىن قويۇلدى.

قىرغىز يولباشچى بىزنى باشقا يولغا ـ «قىرىق كېچىك» (بۇرۇن مەنمۇ بۇ يەردىن ئۆتكەن ئىدىم) تەرەپكە باشلاپ ماڭدى. بىز بۇ جاپالىق، تاشلىق، زەيكەش يولنى مىڭ مەشەققەتلەر بىلەن باسىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئاخىرى بىر جىلغاداكى قارا ئۆيگە چۈشۈپ، شۇ يەردە كېچەلەپ قالدۇق. بىز بۇ ئۆيدە بىر قاپ ئۇننى كۆرۈپ كۆزلىرىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق. چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئۇننىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بىلەن ئۆزىنى كۆرمەيتتۇق. ئۇ چاغلاردا ئۇن دىگەن بۇ ئۇلۇغ نىئمەت پەقەت گېپو (ساقچى ئىدارەسى) دالا بولاتتى. چۈنكى ئۇيەرلەردە تىخىچە سۇنئىي ئاچارچىلىق دەۋام قىلىۋاتاتتى. ئەتەسى بولغاندا ئۆت تەرەپنى كۆزلۈتۈپ، قاچاق (چەت ـ ياقا) يوللاردىن يۈرۈپ نامازى خۇپتەندىن ئاشقاندا كۆك سۇ دەريا كۆۋرۈكىگە كىلدۇق. كۆۋرۈكنى رۇس ئەسكەرلەر باقىپ ياتقان بولغاچقا يىقىنلاشقالى بولمادى. شۇنداقتامۇ بۇ دەل دەريانىڭ سۇيى ئۇلۇغ ئاقىۋاتقان چاغ بولغاچقا، قىرغىزنىڭ يول كۆرسۇتۇشى بىلەن زاھىدجاننىڭ كۇچلۇك ئاتى دەرياغا سالىندى. باشقالارمۇ ئات بىلەن تەڭ سۇغا چۈشۈپ، سۇنى گاھ ئۈزۈپ، گاھ يارىپ دەريانىڭ ئۇقاتىغا ئۆتۈۋالدۇق. كېچە قاراڭغۇسىدا ئۇستباش، بوقچا، خورجۇنلارنىڭ ھەممەسى ھۆل بولۇپ كەتكەن، ھاۋا سوغۇق شۇ ئەسنادا ئازراق ھاردۇق ئالىپ ماڭىش ئۇچۇن دەريا بويىدەكى بىر ئوتلاقتا توختادۇق ـ دە، كىلگەن يەرگە تاشلانىپ ئۇيقۇغا كەتىشىپتۇق. بىرچاغدا يۈزلەرىمىزگە تەككەن ئىسسىق ئاپتاپتىن كۆزلەرىمىزنى ئاچساق ئاش ۋەقتى بولۇپ كەتكەن ئىكەن، ئارقادىن يەنە «بسم الله يا الله مەدەت ئۆزۈڭدىن» دىپ يولىمىزغا راۋان بولۇشتۇق. بىز شۇ ماڭغانچە ئاتلارىمىزنى گاھ يورغا، گاھ زورغا چاپتۇرۇپ، ئاسمانغا تاقاشقان ئىگىز تاغلار ئاراسىدا كۆزلەرىمىزنى ئالتە تەرەپكە تەڭ تىكىپ، ئاتلارىمىزنى يېتىلەپ پىيادە كەتىشىۋاتساق. توساتتىن بىر سۇيۇرى (داۋغان) غا كۆزىمىز چۈشۈپ قالدى. شۇ ئان زاھىدجان دەرھال مىلتىقى بىلەن ھىلىقى سۇيۇرىنى قارىغا ئالىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، قىرغىز يولباشچى ئۇنى توسۇۋالىپ: زاھىدجان ئاكا، بۇ يەردە ئوۋ قىلساڭىز بولمايدۇر، يىقىن يەردە پوست (گازارما) بار، ئوق ئاۋازى چىقىپ قالسا، سالداتلار كىلىپ ھەممەمىزنى ئالىپ كەتەدۇر، دىپ قايتا ـ قايتا يالۋۇرۇشىغا قاراماي، كاشغەرنىڭ خانىم ـ قىزلەرى خويمۇ ياخشى كۆرەدۇرغان، كۆركەم تەلپەك ـ تۇماق بولادۇرغان بۇ جانۋارنىڭ تىرەسىگە ئېرىشىش ئىستەگى ھەممەمىزنى رام قىلىۋالغاچقا ھىچكىمنىڭ ئۇنى ئاتماي قويۇشقا كۆڭلى قويمادى. شۇئاندا

زاھىدجان دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ قولىداكى ئوۋ مىلتىقىنى سۈيۈرىغا توغرىلاپ ئوق ئۈزەر- ئۈزمەس نېرىدەكى بىر يوغان تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان سۈيۈرى بىر مېتىر ئاسمانغا ئۆرلەپ يەرگە چۈشتى. زاھىدجان ئابىدجاننىڭ ياردەمى بىلەن بۇ جاندارنىڭ تېرەسىنى سويۇپ ئالىپ قەنجىر (غانجۇغا) گە باغلاپ خۇشھال ھالدا يولىغا راۋان بولدى. يول ئۈستىدە قىرغىز يولباشچى پات- پات رۇس سالداتلارى كۆرۈپ قالسا قانداق قىلارمىز، دىگەن ئەندىشە بىلەن ئەتىرافقا ئىسەنكىرەشلىك نەزەر تاشلاپ قوياتتى. شۇندا ئۇنىڭغا: «قورقما! ھەر ئىش بولسا خۇدادىن كۆرەمىز. ئەجەل يەتسە ئۆلۈرمىز، نەجاتلىق بىرسە ئەسارەتتىن قۇتۇلارمىز. بىز سىنى دىپ يولغا چىققانمىز» دىپ تەسەللى بىرىپ قوياتتۇق، بىز سەفەرنى شۇ تەرزدە دەۋاملاشتۇرۇپ بىريەرگە كىلگەندە تاغ ئارالاپ ماڭىشقا توغرا كىلگەچكە ئاتلارنى يىتىلەپ پىيادە ھالدا تاغ باغرىدىن كەسىپ ئۆتۈپ كەتىۋاتقاندا يىراقتىن ئىككى ئاتلىقنىڭ قاراسى كۆرۈندى. بۇنى كۆرۈپ جانى چىققۇدەك قورقۇپ كەتكەن قىرغىز: «مانا دەمەدىممۇ ؟ گۇلشە (جاي ئىسمى) دىن چىققان كۆزچىلەر (رازۋىدچىكلار) كەن، ئەمدى قانداق قىلۇرمىز، دىپ بوغۇلسا، زاھىدجان: - پىشانەگە كىلگەننى كۆرەمىز،، ئۇلار ھىلىغۇ ئاران ئىككى ئىكەن، ئەگەر ئون ئادەم بولساڭمۇ بوش كىلمەيمىز، يولۇڭغا يۈرۈۋەر، پەرۋا قىلما، - دىدى. شۇنداق قىلىپ بىزلەر ھىچ ئىش بولماغاندەك، يا قاچماي يا ئاتلارنى تىزلەتمەي ياكى ھەرەكەتلەرىمىزنى ئۆزگەرتمەي بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن ئاتلارنىڭ تىزگىننى مەھكەم تۇتقانچە ئۇلارغا قاراپ ئىلگىرلەۋەردۇق. ھىلىقى ئىككى روسمۇ بىز تەرەفكە قاراپ كىلىۋەردى. ئۇلار بىزگە ئىككى يۈز مىتىر چاماسى يىقىنلاشقاندا توساتتىن يولنى ئۆزگەرتىپ تاغ تۆپىلەپ ماڭىپ ئۇدۇلىمىزغا كىلگەندە سەلام قىلدى. قاراساق، بۇ ئىككى روسنىڭ بىرىسى ئوفىتسىر، يەنە بىرىسى ئەسكەر ئىكەن. ئىككىلىسىنىڭ يەلكەلەرىدە بەش ئاتار مىلتىق بار. ئوفىتسىرنىڭ يانباشىدا تاپانچا بار ھالەتتە تولۇق قۇراللانغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرگەن سەلاملارىغا ئابىد بىك روس تىلىدا جەۋاب قايتۇردى. ئوفىتسىر بىزدىن: «سىلەر نىمە ئادەملەر؟ بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرەرسىلەر؟ نەگە باراسىلەر؟» دىپ سورادى. ئۇنىڭ بۇ سۇئالىغا ئابىد بىك: «بىزلەر ئىلىك باشىنىڭ ئاكتىپ ئەئزالەرىمىز، قۇلاق(يەرلىك پومىشچىك، يەر ئىگەسى) قاچۇرۇپ قويغانمىز، شۇنى تۇتۇش ئۈچۈن بۇ تەرەفلەرگە كىلدۇق، - دىدى. ئوفىتسىر بۇنى ئاڭلاغاندىن كىيىن «خاراشو» دىپ قويىدى- دە، ھەمراھى

بىلەن بىللە كېلىپ بىزگە قاتىلىپ يولنى بىرگە باستى. بىز بۇ ئىككى روس بىلەن ئۆزئارا سۆزلەشكەچ خېلى بىر ھازا ماڭغىشقاندىن كېيىن بىر مەيدانغا چىقتۇق. بىز بۇ يەردە ئارام ئالىپ ماڭماقچى بولۇپ توختادۇق. ئىككى ئورۇس ئەسلى بىزنىڭ يانىمىزغا كېلىش ئالدىدا يانىدەكى سائەت، سولكاۋاي (تەڭگە)، پىچاق، ئالتۇنلارنى بىر جايغا تاشلاپ قويۇپ كېلگەن ئىكەن، ئارامىزدىن كىچىك ئابىد ئارقاسىغا يانىپ ئۇ نەرسەلەرنى ئالىپ كېلگەلى كەتكەن ئىدى. بىچارە قىرغىز بولسا ئىككى يۈز مىترچە يىراقلىقتا بىزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ گاھ كۆرۈنۈپ گاھ كۆرۈنمەي، ئەي خۇدايا! ئۆزۈڭ ئاسراغايسەن، دېپ خۇداغا يىغلاپ، يالۋۇرۇپ يۈرەتتى. تاماقلانىش ئارالىقىدا ھېلىقى رۇس ئوفىتسىرى ئۆزلەرى ئالىپ كېلگەن نان، گۆش ۋە ھېسپىلەرگە بىزنىمۇ ئاغىز تەگدۈردى. شۇ چاغدا رۇس ئوفىتسىر بىزگە: - بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى. سىلەر دەۋاتقان ھېلىقى گەۋدەلىك، باي سىنىفىغا ئوخشاغان ئۈچ كىشى مۇشۇ يەردىن تۇتۇپ گۇلشە ساقچى ئىدارەسىگە تاپشۇرۇلغان. ئۇلار ھازىر سولاقتا. ھەممەمىز گۇلشەگە بارساق، بەلكىم سىلەر قاچۇرۇپ قويغان ھېلىقى مۇشتۇمزورلار دەل شۇلار بولۇشى مۇمكىن. قىنى يۈرۈڭلار، گۇلشەگە بارايلى، - دېدى. بۇ چاغدا ئابىدبېك: «خەبەرچىلەرىمىزنىڭ سۆزىگە قاراغاندا بىز ئىزدىگەن قۇلاقلارنىڭ بىر كۈن بۇرۇن موشۇ يەردە قونغانلىقىنى، بۇگۈن كىچە يا ئەتە كىچە يەنە شۇ يولدىن ئۆتۈشلەرى ئېھتىمالغا يېقىنلىقىنى بىلدۇق، شۇڭا سىلەر قاماغان ئۇ مۇشتۇمزورلار باشقا، بىز ئىزدىگەن ئۇ مۇشتۇمزورلار باشقا بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى بىزلەرنى ئۆز ھالىمىزغا قويۇپ، ئۆز ۋەزىيفەڭلارنى ئىجرا قىلىڭىرىڭلار» دېدى. بۇنى ئاڭلاغان روس چىرايىغا بىر دىنلا قەتئىيلىك يۈگۈرتۈپ: «ئەمدى يەنە گەپ ئوخشاتامەن دەمەڭلەر، سەن روسچەنى بىلەسەن (ئابىد بېكنى دەۋاتىدۇ)، خېلى نوچى يىگىتتەك تۇراسەن، قىنى ئەيتىڭلار، سىلەر زادى نىمە ئادەملەر؟ نەگە باراسىزلەر؟ راستىڭنى ئەيتىش» دېدى. زاھىدجان ئابىد بېككە قاراپ: -راستىنى ئەيتىۋىرىڭ، ئۆلۈم ھەق، خۇدانىڭ ئىرادەسى نىمە بولسا شۇنى كۆرىمىز. راستچىللىقتا نەجات بار، - دېدى. ئابىد بېك روسقا قاراپ: -بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز كاشغەردە، بىز شۇلارنى يوقلاغالى بارامىز، بىزگە يول بىرىڭلەر، بىز سىلەرگە خىزمەت قىلۇرمىز، - دېدى. روس:

- ئانداق بولسا ئۈچ ئادەمگە ئۈچ مىڭ سوم بىرەسىلەر، بىز سىلەرنى كۆرمەگەن بولامىز، - دېدى. زاھىدجان بۇنىڭغا جەۋابەن دەرھال چۆنتەكىدىن

3000سومنى چىقارىپ ئابىد بىككە ئۇزاتتى. ئابىد بېك روسقا ئۇزاتتى. ئوفىتسىر پۇلنى ئەسكەرگە بېرىۋېتىپ ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى:

- مىلتىقنى ھازىرلا، قولۇڭنى تەپكۈدىن مىدىراتما، ئۇلارنى قىمىرلاتمايسەن، ئەگەر قىمىرلاسا تەپكۈنى باساسەن، - دېدى - دە، تاپانچاسىنى قولىغا ئېلىپ بىزنى نىشانلاپ:

- بىزدىن بەش مېتىر نېرىدا تۇرۇڭلار، - دېدى. بىز ئۇلارنىڭ دېگەنى بويىچە بەش مېتىر نېرىدا تۆتىمىز تۆت تۇۋرۇككە ئوخشاش بىر- بىرىمىزگە قاراپ تۇرۇشتۇق. ئوفىتسىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن زاھىدجان يەلكىسىدەكى مىلتىقنى تاپشۇردى. بۇ چاغدا ئوفىتسىر ئابىد بىكنىڭ ئۈستىدەكى كالتا پوستۇن (جۇۋا) نى سورادى. ئابىد بېك «خوپ» دېپ پوستۇننى يەشىپ ئوفىتسىرگە ئۇزاتتى. ئوفىتسىر قولىغا ئالماي: - يەرگە قوي، - دېدى. شۇ ئەسنادا زاھىدجان ئوفىتسىرغا يالۋۇرۇپ يۇرۇپ رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئون مېتىرچە يىراقلىقتاكى دەرياغا بارىپ  بىر ئاز سۇ ئىچىپ ئۆزىنى ئوڭشاپ،خۇداغا دۇئا قىلىپ ئالدىراماي قايتىپ كىلدى - دە، ئەسكەرگە يېقىن يەرگە بارىپ تۇردى. بۇ چاغدا ئابىدجان بىلەن ئوفىتسىر تىخىچە ھىلقى پوستۇننىڭ گەپى بىلەن ئىدى. ئوفىتسىر قولىدا تاپانچانى تۇتۇپ  تۇرۇپ، بىردە ئەسكەرگە: - بۇلارنىڭ كۆزى قىمىرلاسا تەپكىنى باس، - دەسە، بىردە ئابىد بىككە قاراپ: - پوستۇننى يەرگە قوي، - دېپ ھەيبە قىلاتتى. ئابىد بېك بولسا پوستۇننى ئىككى يەلكىسىدىن ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ مانا پوستۇن، دېپ ئۇزاتماقتا. زاھىدجان بولسا، ئاياغىنى يەردىن ئۈزمەستىن، سۈرۈلۈپ - سۈرۈلۈپ ئەسكەرگە يېقىنلاشماقتا، مانا شۇ چاغدا ئابىد بېك بىلەن زاھىدجان ئۆزئارا كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالدى - دە، كۆڭۈللەرىگە بىر نەرسەنى پۈكۈشتى. شۇ چاغدا ئابىد بېك پوستۇننى ئوفىتسىرگە ئۇزاتتى. ئوفىتسىر پوستۇننى قولىغا ئالاي، دېپ  تۇرۇشىغا ئابىد بېك ئوفىتسىرنى يان تەرەفتىن قۇچاقلاپ  ئىككى قولنى چىڭ تۇتۇۋالدى. دەل شۇپەيتتە زاھىدجان  بۇ تەرەفتىن ئوفىتسىرغا قاراپ يولبارس پەيلىدە ھۇجۇم قىلىپ  باردى - دە، ئەسكەرنىڭ قولىدەكى مىلتىقنى بەلىدىن تۇتۇپ ئۇچىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇرۇپ ئەسكەرنى گۆشتى بىلەن سۆڭەكى بىر- بىرىگە كىرىشىپ كەتكۈدەك دەرەجەدە بار كۈچى بىلەن سىقىپ چىڭ قۇچاقلاۋالدى. شۇ تەرزدە بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن زاھىدجان يانباشىدەكى خەنجەرنى چىقارىپ ئەسكەرنىڭ گالىغا بىرنى ئۇردى. ئەسكەر

بۇنىڭ بىلەن بوشاشمادى. ئىككىنچى قاتىم ئۇرۇلغان زەربەنى ئەسكەر چاققانلىق بىلەن چېكىندۈرگەچكە خەنجەر قايتىپ كېلىپ زاھىدجاننىڭ بەش بارماقىنى ئورتاسىدىن كەسىۋەتتى. شۇنداقتامۇ جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرۇلغان 3 ـ زەربە نىشانغا تەگدى. زاھىدجان چالا ئۆلۈك ھالىدا ياتقان ئەسكەرنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ دەرياغا ئاتتى (بۇ ئورۇس فىرئەۋنگە ئەسكەر بولدى).

بۇ ھالنى كۆرگەن ئوفىتسىرنىڭ چىرايىدا قان قالمادى. شۇ ئەسنادا كىچىك ئابىدمۇ قايتىپ كەلدى. ئابىد بېك ئوفىتسىرنى قوچاقلاغان پېتى كىچىك ئابىدقا قاراپ: قىنى كەل، ئۆتۈكۈمنىڭ قونجىدىن كاتتا پىچاقىمنى چىقارىپ بۇ كافىرنىڭ باشىنى كەس، دېدى. كىچىك ئابىد كېلىپ ئۆتۈكنىڭ قونجىدىن پىچاقنى ئالىشى ھامان ئابىد بېك ئوفىتسىرنى يەرگە ياتقۇزۇپ كەس باشىنى، دېپ تەكرار بۇيرۇق قىلدى. كىچىك ئابىد بەك ئالدىراپ كەتتىمۇ ياكى كىچىكلىك قىلدىمۇ ـ تاڭ بىرىنچى قاتىملىق زەربەدە ئۆز بارماقىنى كەسىپ سالدى. ئىككىنچى زەربەدەلا پىچاقنى كافىرنىڭ بويىنىغا دەل كىلتۈرۈپ سالدى. قالغان ئىشلارنى ئابىد بېك ئۆزى پۈتتۈردى. بىز بۇ ئىككى كافىردىن شۇ ئۇسۇل بىلەن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئۆلارنىڭ ئات ۋە جابدۇقلارىنى، بەش ئاتارمىلتىقى ۋە بىر تاپانچاسىنى ئولجا ئالىپ يەنە يولغا راۋان بولدۇق. ھىلىغاچە نەلەردەدۇر مۆكۈپ تۇرغان ھىلىقى قىرغىز بىردىنلا پەيدا بولۇپ يەنە بىزگە يول باشلاپ ماڭدى. بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن ئابىد بېك تۇساتتىن توختاپ: ـ توختاڭلار! جەڭ بولغان جايدا مەنىڭ بىر سومكام چۈشۈپ قاپتۇ. ئىچىدە ئائىلەمىزنىڭ رەسىم، ئادرىسلەرى بارئىدى. ئەگەر ئۇ نەرسەلەر رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە، قارىنداشلارىنىڭ ھەممەسى خانەۋەيران بولادۇر. زاھىدجان ئاكا! قىنى ئاتىڭىزنى چاپتۇرۇپ بارىپ تىزدىن سومكانى ئالىپ كېلىڭ، فۇرسەت غەنىمەت ـ ، دېدى. زاھىدجان : ـ قويۇڭ ئەمدى، نىمە بولسا خۇدانىڭ ئۆزىگە. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان. ئابىد بېك يەنە زورلادى. زاھىدجان: ـ مەن بارالمايمەن، ئۆزىڭىز بارساڭىز بولۇپتىكەن. ئابىد بېك: ـ نىمە ئۇچۇن؟ زاھىدجان بىر ئاز ئوڭايسىزلانىپ: ـ قولۇمنى خەنجەر كەسىۋەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۆزىڭىز بارساڭىز ياخشى بولۇر ئىدى، ـ دېپ تاڭقىلىق تۇرغان قولىنى چىقارىپ كۆرسەتتى. زاھىدجاننىڭ بوغۇمىدىن ئاجراپ كەتەي دېپ قالغان بەش بارماقى ھىلىلا يەرگە چۈشۈپ كەتەدۇرغاندەك جانسىز ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ئابىدجان خىجالەتچىلىكنى چاندۇرماسلىق ئۇچۇن ئاتىغا بىر

قامچا ئۇردى ـ دە، ئۇچقاندەك كەتىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن سومكانىمۇ ئالىپ كىلدى. ھەممەيلەن يەنە يولغا راۋان بولۇشتى. بۇنى كۆرگەن قىرغىز يول باشلىغۇچى سۆيۈنگەندىن نىمە قىلارىنى بىلمەي، بىردە كۇلسە، بىردە يىغلاپ، ئەزەمەتلەرىم، شاۋۋاز (باتۇر) لەرىم، دىپ ئاسمانغا قاراپ خۇداغا شۈكرلەر ئەيتار ۋە مۇمكىن قەدەر ئاتىنى تىزراق چاپتۇرار ئىدى.

زاھىدجان سۆزىنى دەۋام قىلىپ: ئاتلارىمىزنى گاھ يورغا، گاھ زورغا چاپتۇرۇپ نامازى شامغا يىقىنلاشقاندا ئۇلۇغچاتقا كىلىپ، ئۇيەردىن يەنە دەۋاملىق يۇرۇپ كاشغەرگە چۇشۇۋالدۇق، دىدى. كۆپچىلىك بۇنى ئاڭلاغاندىن كىيىن ھەممەيلەن ھاياجانغا چۇمۇلۇپ: «قاراڭ بۇ كىچىك غازىلارغا! كافىردىن ئىككىنى ئۆلتۇرۇپ ئاتلارىنى ئولجا ئالىشىپتۇ، يارايدۇر، ئوغۇل بالا ئىكەن» دەيىشەر ئىدى. بۇ يەردەكى قىرغىز ئەسكەرلەرمۇ قەھرىمان غازىلارىنىڭ دۇشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى تەبرىكلەپ، بۇ يەرگە يەتكەن قەدەملەرىنى قۇتلۇقلاپ، «خۇش كىلدىڭىز» ئەيتىپ ئۇلارنى باشىدا كۆتەردى. بۇلارنىڭ كىلگەنلىكىنى خەبەر قىلىش ئۇچۇن ئوسمان ئەلى يانىغا ئىبەرىلگەن چاپار (خەبەرچى) مۇ يارىم كىچە بىلەن ئىككى ئوفىتسىرىنىڭ قۇماندانلىقىدا قىرىق ئەسكەرنى باشلاپ كىلدى. بۇلار كىلىپ بۇ قەھرىمانلارنى قىزغىن تەبرىكلەپ، سۆيۈپ، قۇچاقلاپ، ئوسمان ئەلى پاشانىڭ سەلامىنى يەتكۇزدى. شۇ كىچەسى بۇلار ئۇچۇن قويلار سويۇلۇپ، ئۇيقۇدىن تۇرۇشلارىغا ئۇلگۇرۇتۇپ شورپا تەييار قىلىنىپ، چىرايلىق نانۇشتە قىلدۇرغاندىن كيىن تەنتەنە بىلەن ئوسمان ئەلى پاشانىڭ قاشىغا ئۇزۇتۇپ قويۇلدى. بۇلار ئوسمان ئەلى پاشانىڭ قاشىدامۇ «بارەكەللاھ ئەزىمەت يىگىتلەر! تۇغقان ئاناڭلار، باققان ئاتاڭلارغا رەھمەت، ياشاڭلار! ساق بولۇڭلار! يىگىت بولسا شۇنداق بولسا، ئافەرىن!» دىگەنگە ئوخشاش ئالقىش سادالەرى ئىچىدە قىزغىن قارشى ئالىندى. ھازىرقى كۇندە بۇ ئۇچ يىگىتنىڭ بىرىسى بولغان زاھىدجان مەككە مۇكەررەمەنىڭ فەيسەل كوچاسىدا دۇكاندارلىق قىلادۇر.

# ماسكاۋ جاسۇسلەرىنىڭ ئاقىبەتى

ئوت ئىچىدە، ئوق ئىچىدە يۈرگەن شۇ كۈنلەرىمىزدە توساتتىن «نىكولاي[31] نىڭ ئوغلى كەپتۇدەك، خوتۇنىمۇ بىللە ئىمىش» دىگەن گەپلەر تارالدى. بۇ خەبەر ئىستىقلال جەمئىييەتىدەكىلەرنىڭ قۇلاقىغا يەتتى. بىر ئەركەك ۋە بىر خاتۇن سەلاھىييەتى بىلەن بۇ ئىككى ئورۇسنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇشىغا جەمئىييەتتىكىلەر گۇمان بىلەن قاراشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ئىككى ئادەمنى بۇ ئىككى ئورۇسنىڭ ئىش ـ ھەرەكەتىنى كۈزۈتۈشكە قويدۇق. ئىككى، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كىيىن ھۆكۈمەتتىن بۇلارنى تۇتۇپ تەرگەۋ قىلىش تۇغراسىدا بۇيرۇق چۈشتى. بۇيرۇققا بىنائەن ئۇلارنى قىرغىز قوشۇندىن ئايرىپ، مەخسۇس بىر بىناغا ئورۇنلاشتۇرۇپ كەمىنە مۇئەللىفنىڭ تەرجىمانلىقى بىلەن تەرگەۋ باشلاندى. تەرگەۋدە مەھمۇد نەدىم بېكمۇ بىللە بولدى. تەرگەۋ ھەر كىچە تاڭ ئاتقانغا قەدەر دەۋاملاشادۇر. ئۇلار ئەر ـ خاتۇن بىر بىرىنى كۆرمەيدۇر. تەرگەۋ جەرەيانىدا ئەركىشىدىن «مەن دىگەن نىكولاينىڭ ئوغلى. قىزىل رۇسلاردىن قېچىپ بۇ يەرلەرگە كىلىشىم. بىزنى قەبۇل قىلىڭلار» دىگەن دىن باشقا، ئايالدىن بولسا «مەن راستلا شۇ ئادەمنىڭ ئايالىمەن. نىكولاينىڭ كىلىنى بولامەن» دىگەندىن باشقا جەۋابقا ئېرىشكەلى بولماي ھەپتەلەپ ئاۋارە بولدۇق. بۇلار شۇنچە تەھدىد ـ قورقۇتۇشلار ئالدىدامۇ يەنە ئىقرارقىلغالى ئۇناماغاندىن كىيىن، ئاخىرى بۇ ئىككەيلەن ھۆل چىۋىق بىلەن تازا قاتتىق ئۇرۇلدى. بۇنىڭ نەتىجەسىدە باشتا ئايال ئىقرار قىلدى. ئىفادە، ئىمزاسى ئالىنىپ تەرگەۋ توختاتىلدى. نەۋبەت ئەرگە كىلگەندە ئۇ بۇ جەزاغا پىسەنت قىلمادى. ئۇنىڭغا ئەيالىنىڭ ئىقرارنامىسى ئوقۇپ بىرىلىپ، ئەگەر راست سۆزلەمەسە، ئۆزىگەمۇ، ئەيالىغامۇ فائىدەسىز ئىكەنلىكى، ئەگەر ئىقرار قىلىپ، سىرىنى فاش قىلسا، ئۈچاغدا كىلگەن جايىغا ئامان ـ ئىسەن قايتىپ كەتەلەيدۇرغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. ئەرتەسى بولغاندا ئەرمۇ ئىقرار قىلدى. ئىقرارنامەگە قاراغاندا، بۇلارنىڭ ئىككىلاسى رۇس بولۇپ باكۇداكى چاغلاردىن باشلاپ رۇسلارنىڭ جاسۇسلۇق ئورگانىدا ئىشلەپ

31 ـ بۇ يەردەكى نىكولاي دىگەنى چار روسىيەنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى نىكولاي II دۇر. ئۇنىڭ ئوغلى، قىزلەرى، خاتۇنى ـ ئالكساندر فيودوروۋنا قاتارلىقلارنىڭ ھەممەسى قىزىل ئىنقىلابچىلار تەرەفىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

كىلگەن ئىكەن.

بۇ يەرگەمۇ رۇسلار تەرەپتىن دەل شۇ نداق ۋەزىيپە بىلەن ئەۋەتىلگەن ئىكەن. بۇلاردىن تولۇق تىلخەت، ئىمزالار ئالىۋالىنغاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسگە ئۆلۈم جەزاسى بىرىلدى.

# ئارمىيە ئاراسىغا سوقۇنۇپ كىرگەن روس جاسۇسلەرى

ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، يۇسۇپ جان مىڭباشى باش قۇماندان بولۇپ كاشغەرنىڭ يارباغ دەرۋازاسىنىڭ ئىچ تەرەپدە ئۆز ئىدارەسنى قۇردى. كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۇسۇفجاننىڭ يانىدا بەئزى رۇس ئەسكەرلەرى پەيدا بولۇشقا باشلادى. كوچا ـ كويلاردا قۇماندانلىق مەركەزىدە ئاق رۇسلارمۇ بار ئىكەن، دىگەن گەپلەر تارالدى. باش ۋەكىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بارىپ تەكشۇرۇپ كۆرۇلدى. دىگەندەك، ئۇلار بار بولۇپ چىقتى. سانى 12 نەفەر. ھەممەسى دىگۇدەك بىزنىڭ ئەسكەرلەرىمىزگە ئوخشاش فورمادا كەيىنپتۇ. ئەمما چىرايلەرىدىن سلاۋىيان مىللەتىدىن ئىكەنلىكى، ماسكاۋ ئەۋەرگەن قىزىل رۇسلار ئىكەنلىكى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۆزىگە قاراغاندا، ئۇلار قىزىل ھاكىمىيەتتىن بۇرۇنقى نىكولاي زەمانىدەكى ئاق رۇسلاردىن بولارمىش، قىزىل رىجىم (تۈزۈم) دىن بىزار بولۇپ، يىڭى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەتىگە ساغىنىپ كەپتىمىش. ئۇلارنىڭ ھەممەسى قوراللانغان ئىدى. ئۇلاردىن قايسى چىگەرا ۋە يۇرتلاردىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كىلدىڭلار؟ دىپ سوراغانىمىزدا بىرگەن جەۋابى: «ئافغانىستان تەرەفتىن قاچىپ پامىر تاغلەرىدىن ئاشىپ كىلدۇق» دىگەندىن ئىبارەت بولدى. ھەممەسى رۇس تىلىدا سۆزلەيدىكەن. كۆرۇنۇشىدىن تىتىك، ھۇشيار، ئىلمىي سەۋىيەسى باشقا ئەسكەرلەردىن ئۇستۇن كۆرۇنەدۇر، ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكى گەپ ـ سۆزىدىن چىقىپ تۇرادۇر.

بىر كۇنى باش ۋەكىل چاقىردى. بارىپ ئوردىغا كىرىشمگە ئوردا مەيدانىدا ھىلىقى ئاق رۇسلارنى كۆردۇم. ھەممەسى كوماندا كۇتۇپ تۇرغان قىيافەتتە ئاتلارىنىڭ يانىدا مىلتىقلەرنى بەتلەپ تۇرۇشقان ئىكەن. ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن: « كوماندىر قىنى؟» دىدىم. كوماندىر ئالدىمغا كىلىپ بىر خىل ئىلاجسىزلىق ئاھاڭىدا: «بىزگە قول تەپكەدە تۇرسۇن، ئات دىگەن دە ئوق چىقاراسىزلەر، دىپ بۇيرۇق بىرىلگەن» دىدى (ئۇلار ئادەتتە رۇسچە

بىلەدۇرغان كىشىلەرنى كۆرسە بىردىنلا خۇدۇكسىرەپ، ياخشى مۇئامەلە قىلىشقا تىرىشاتتى). ئىچكىرىگە كىردىم. ئەسلىدە يۇسۇفجان بىلەن سۆھبەتلەشىش ئۈچۈن چاقىرتىلغان ئىكەنمەن. سۆھبەت باشلاندى. سۆھبەتتە يۇسۇپ جان بىزنىڭ نىمە دەيىشمىزگە قاراماي، ئۆزىنىڭ «بۇلار گەپ يوق ئاق رۇسلار» دىگەن  گەپىدە چىڭ تۇردى. ھۆكۈمەتنىڭ بۇلارغا شۇبھە بىلەن قاراۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلمادى. يەنە تىخى يۇسۇفجاننىڭ ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەمەكتە يوق ئۇلارنى ئۆزىنى قوغدايدىغان فىدائىيلار قاتارىدا كۆرۈپ باشقا ئەسكەرلەرگە قاراغاندا ئۇلارنى يۇقارى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. يۇسۇفجان مىڭباشىنىڭ بۇ خاتا ھەرەكىتىگە جەمئىييەت تەرەفىدىن، ھۆكۈمەت تەرەفىدىن ھەرقانچە ئاگاھلاندۇرۇشلار قىلىنغان بولسامۇ فائىدە بىرمەستىن، ئۇ ئۆزىنىڭ جاھىلانە فىكرىدە چىڭ تۇرۇۋەردى. ھۆكۈمەت يۇسۇفجانگە: «بۇ ئاق رۇس ئەسكەرلەرىڭىز ھەقىقىي ئاق روس ئەمەس، ئۇلار ھامان بىر كۈنى كاتتا بەلانىڭ باشى بولادۇر، بۇلار خەتەرلىك» دەيىلسە، يۇسۇفجان بۇ گەپگە قۇلاق سالىپ قويمادى. يۇسۇفجان بىلەن ھۆكۈمەت ئاراسىداكى مانا مۇشۇ ئىختىلاف تۇپەيلى بارا - بارار ئۆز ئارا ئىشەنمەسلىك يۈز بىردى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ جاسۇسلۇق تورى ئوردا ئىچىگەمۇ يايىلدى. بۇ ئىشلار سەبەبىدىن جەمئىييەت ئەئزالەرى ئەندىشەگە چۈشتى. ئاخىرى كۈتۈلمەگەن خەۋپنىڭ ئالدىنى ئالىش ئۈچۈن ئۇلار تەرەفىدىن بىر تۈرلۈك ھەرەكەت  لايىھەسى تۈزۈلۈپ باش ۋەكىلنىڭ  ھۇزۇرىغا سۇنۇلدى[32]. باش ۋەكىل كۈتمەگەن يەردىن چىقىپ لايىھەنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا قوشۇلمادى. زىيارەتچىلەر كىلسە، دائىم دىگۈدەك ئىچكىرىدىن - ئىچكىرىكى ھۇجراسىغا كىرىپ ئەدىيالغا يۈگۈنۈپ ئولتۇرۇۋالىپ، نەچچە كۈنلەپ ھىچ ئادەم بىلەن كۆرۈشكەلى ئۇنۇمايدۇر. دەۋلەت كىشىلەرى، جەمئىييەت ئەئزالەرى، زىيالىيلار بۇ ھالنى كۆرۈپ سەراسىمەدە قالدى. ئۆزەمنىڭ بىر ھۆكۈمەت خادىمى بولۇش سىفەتىم بىلەن باش ۋەكىل بىلەن ئۇنىڭ خىلۋەت ھۇجراسىدا شەخسەن كۆرۈشۈپ، يۇسۇفجان توغراسىداكى پىلان - لايىھەنى ئاراغا سالىپ، ئۇنىڭ قوشۇلۇشىنى كۆپچىلىك نامىدىن ئۆتۈندۇم. باش ۋەكىل بولسا: «ئىقلابنى قارىنداش قانىنى تۆكمەستىن، ھىچكىمنى رەنجىتمەستىن ئالىپ بارىش مەنىڭ

32 - بۇ ھەرەكەت لايىھەسىنىڭ مەزمۇنى - ئاسىي يۇسۇفجاننى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ **1500** گە يىقىن ئاتلىق قوشۇننى ئەبدۇراھمان ئاكا، ئارىف خوجا، كەرىيمجان قاتارلىق ئۈچ قۇرباشىغا تەقسىملەپ بىرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم» دىگەن جەۋابنى بىردى. مەن باش ۋەكىلنىڭ فىكرىگە ئۆزگەرىش ئالىپ كىلەرمىكىن دىپ ئۇنىڭغا بىر بۆلۈك تارىخىي ھىكايەلەر ۋە سىياسى ۋاقىئەلەرنى بەيان قىلىپ ئۆتتۈم. ئەنە شۇ قاتاردا مىرزا ئەبدۇقادىر بىدىلنىڭ پادىشاھ ئەۋرەڭزىبنىڭ نامىدىن دىگەن، دەۋلەت قۇرۇش يولىدا ئاز- تولا قان تۆكۈلمەسە بولمايدىغانلىقىنى مەزمۇن قىلغان تۆبەندەكى شىئرىنىمۇ ئوقۇپ ئۆتتۈم:

سەلتەنەت گەر بىفەھمى ئىينەش قەھرىدان پايەئى نەخۇستىينەش
تا جەھانى بەسەيلى خۇن نەرۇد ئىين بىنا سابىت يەقىن نەشۇد
تەرجەمەسى:
سەلتەنەت بىناسىنىڭ ھۇلىدۇر قەھر- غەزەب،
قان تۆكۈلمەي بۇ بىنا قەد كۆتۈرمەس ھىچقاچان

ئۇنىڭغا بۇلارنىڭمۇ تەئسىرى بولمادى. بۇ ئىشقا ئاشماغان پىلاننىڭ خەبەرى يۈسۈفجاننىڭ قۇلاقىغامۇ يەتمەي قالمادى. دەرغەزەب بولغان يۈسۈفجان تونىنى تەتۈر كەيدى. بۇنىڭ ئىفادەسى سىفەتىدە بىر دىنلا ئۆزگەرىپ، پات- پات ئىنگلىز ئەلچىخاناسىغا قاترايدۇرغان بولۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن بىر دەرت ئىككى بولدى[33]. تىخىمۇ ئاچىنارلىق يەرى شۇ بولدىكى، ئىككى رۇس جاسۇسىنىڭ نىكولاينىڭ ئوغلى ۋە كىلىنى بولۇپ توغرادىن- توغرا ھۇدۇدىمىزغا كىرىپ كىلىشى، **12** نەفەر ئەلەمدارنىڭ قوراللىق ھالدا باش قۇماندان يۈسۈفجاننىڭ يانىدا ئەسكەر سەلاھىيەتى بىلەن تۇرۇشى ۋە ئۇندىن باشقا بىز بىلمەگەن ئاللاقانداق ئويۇنلارنىڭ ئوينالغانلىقىدۇر. ھەر ھالدا شۇنى چۈشۈنۈپ ئالغالى بولادۇركى، دۈشمەنلەر ھەر خىل يوللار بىلەن يىڭى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان

33 - ۋەقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان روسلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. يۈسۈفجان بۇ چاغدا چەتئەلگە چىقالماي قايتىپ كىلىپ، ختاي - تۇڭگانلارنىڭ سۆزى بويىچە ھۆكۈمەت بىلەن ياراشىپ، كاشغەرگە قايتىپ كىلدى. كىيىن ئاقسۇغا چاقىرتىلىپ، ئۇ يەردە ھەربىي چىنىقىشقا سالىندى. كىيىن تۇتۇلدى. شۇ چاغدا يۈسۈفجان ئاق ئورۇس، دەپ ئۆز يانىدا ساقلاغان ھىلىقى **12** نەفەر روس ئەسكەرىدىن بىرى كىلىپ ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ: «بۇرۇن قۇماندانىم ئىدىڭىز، بۈگۈن بىز قۇماندانىمىز» دىگەنىنى يۈسۈفجان نەدامەت، ھەسرەت بىلەن باشقىلارغا دەپ بىرگەن. بۇ ھەسرەتتىن نە فائىدە؟ قۇش دەرەختتە ئولتۇرغاندا ئاتماساڭ، ئۇچقاندىن كىيىن ئاتقاندىن نە فائىدە

دەۋلەتنى ياشاتماستىن، بۆشۈكىدەلا بوغۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىگە چۈشۈپ قالىشىغا يەنەلا يۇسۇفجاننىڭ نادانلىقى سەبەب بولۇپ قالدى. مانا بۇ نادانلىق ئاخىرىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ھەم ھۆكۈمەتنىڭ ھالاكەتىگە سەبەب بولدى.

ھەركەسكى نەداند ۋە نەداندكى نەداند
باجەھلى مۇرەككەب ئەبەدۇددەھرى بماند

تەرجىمەسى:

ھەر كىشىكى نادان تۇرۇپ نادانلىغىنى بىلمەستۇر
بۇ چىگىش نادانلىقتىن قۇتۇلماقى بەسى تەستۇر

ئەزەلدىن بىز نىڭ ئەجەللىك دۈشمەنىمىز جەھالەت بولۇپ كەلدى، ھەقىقىي دۈشمەنىمىز يەنە شۇ جەھالەت بولۇپ كەلدى. بۇ جەھالەتكە قاراتا تۈرك ۋەتەنپەرۋەرى ئاكىفبېكنىڭ مۇنۇ مىسرائىلەرى نەقەدەر جايىدا ئەيتىلغان ـ ھە!

ئەي خەسمى ھەقىقىي سەنى ئۆلدۈرمەلى ئەۋۋەل
سەن سەن بىزە دۈشمەنلەرى ئۈستۈن گىترەن ئەل

تەرجىمەسى:

ئەي جەھالەت، ئالدىدا سەنى ئۆلتۈرمەسەك بولماس
دۈشمەنلەرگە تۇتۇلماقتا بولۇپ بىردىڭ سەن ئەساس

# ئوسمان ئەلى سىجاڭنىڭ ئاقىبەتى

مۇجاھىدلاردىن ئوسمان ئەلى سىجاڭ ئورتاغا چىققاندىن بىرى ئۆزىنىڭ غەيرەت - شەجائەتى بىلەن تونۇلدى. بىراق كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە بۇ ئادەممۇ نىمە سەبەبتىندۇر ئۆزگۈرۈپ ئەيش - ئىشرەت، كەيىپ - ساپاغا بىرىلىپ، خوتۇندىن ئۈچ - تۆتنى ئالىپ[34]، ئويۇن كۈلكە ئىچىدە، گاھ مەي بىلەن، گاھ نەي بىلەن كۆڭۈل خوشى قىلىپ ئۆتەدۇرغان بولۇپ قالدى. يەنە ئۇمۇ يەتمەگەندەك ئەفيۇننى ئىستىئمال قىلىپلا قالماي، ئۇنى چەكەدۇرغان بولۇۋالدى. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق بولماغۇر ئىشلەرى بىلەن ئۆزىنىڭ رەھبەر بولۇشقا لەياقەتسىز بىر ئادەملىكىنى كۆرسەتتى. ھەربىي ئىشلاردامۇ ئۇنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى ئاشكارا بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىغا كۆرە، ھەربىي ئىشلار نازىرى ئورازبېكنىڭ باشچىلىقىدا ھەرقايىسى قۇماندانلار بۇ ئىشنىڭ چارەسىنى قىلىشقا كىرىشتى. ئوسمان ئەلى سىجاڭ بۇنى تۇيۇپ قالىپ قول ئاستىدەكى ئەسكەرلەرنى ئالىپ تاغقا چىقىپ كەتتى. ھەربىي ئىشلار نازىرى ئورازبېكنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يۇسۇفجان ئەسكەرلەرنى ئالىپ ئوسمان ئەلىنى قوغلاپ چىقتى. ئوسمان ئەلى تاغقا چىقىۋالغان بولسامۇ يۇسۇفجاننىڭ قوشۇنى ئالدى تەرەفتىن چىقىپ، ئوسمان ئەلىنىڭ قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بىردى. ئەفيۇنكەش ئوسمان ئەلى خىلى تىركىشىپ باققان بولسامۇ يۇسۇفجاننىڭ جەڭگىۋار قوشۇنىغا يەڭىلىپ، ئاخىرى ئەسىرگە چۈشتى. شۇ قاتاردا قىرغىز قۇماندانلارىدىن قوشمەتمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ، بارلىق مال - مۈلكى، ئوق - دورا، قورال - ياراقلەرى ئولجا ئالىنىپ، قان تۆكۈلمەستىن كاشغەرگە كىلتۈرۈلۈپ ھەربىي ئىشلار نازىرلىقىغا تاپشۇرۇپ بىرىلدى. ھەربىي ئىشلار نازىرى ئورازبېكنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئوسمان ئەلىگە كوچاغا چىقماسلىق شەرتى ئاستىدا ياراغ سىرتىدەكى مۇناسىپ بىر ھويلادا ئائىلە ئەئزالەرى ۋە خادىملەرى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىپ نەزەربەنت ئاستىغا ئالىندى. مۇنداقچە ئەيتقاندا، ئوسمان ئەلىنىڭ قاناتلارى يۇلۇنۇپ ئۇچالماس ھالغا كىلدى.

34 - قىرغىزلاردا شۇنداق مەقال بار: قىرغىز باي بولسا قادىن ئالات، ئوزبېك باي بولسا ئىمارەت قىلات

# يەنە قان تۆكۈلدى

مۇشۇ كۈنلەردە يۇسۇفجان بىر ئاز مەغرۇرلانىپ قالغان ئىدى. ھۆكۈمەت ۋە ھەربىيە نازىرىنىڭ باش قوشۇشى بىلەن قىرغىز قۇماندانلارىدىن ئەدى پانسەد تۇتۇلۇپ شۇ كىچەسى ئىيدگاھ مەيدانىدا دارغا ئاسلدى. ئۇنىڭ **9** ماددالىق ئەيبنامەسى مەتبەئەدە باسىلىپ خەلق ئاراسىدا تارقاتىلدى.

يەنە شۇكۈنلەردە قىرغىز قۇماندانلارىدىن ئەبدۇخالىق پانسەدنىڭ ئۆز باشىمچى ھەرەكەتلەرى، ئەھدە ـ پەيمانلەرىدىن قايتىپ ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەتسىزلك قىلىۋاتقانلىقى سەزىلىشكە باشلادى. خاتا قىلغان ھەركىم ئۆز خاتالىقىنى بىلەدۇر. ئەبدۇخالىق پانسەدمۇ ئۆز خاتالىقىنى ياخشى بىلگەچكە، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە جەزا يۇرۇشى قىلىشىدىن قورقۇپ بىر كېچەدە كاشغەردىن چىقىپ كەتىپ يىڭى ھسارغا بارىپ ئەمىر نۇر ئەھمەدگە ساغىندى. بۇ ئىش بولغاندىن كېين باش ۋەكىل ئەمىر نۇر ئەھمەدكە ئەبدۇخالىق پانسەد توغراسىدا مەكتۇب ئىبەردى. ئەمىر نۇر ئەھمەد مەكتۇب مەزمۇنىغا بىنائەن ئەبدۇخالىق پانسەدنىڭ **300** يۈزدىن ئارتۇق ئەسكەرىنىڭ ھەممەسىنى قورالسىزلاندۇردى. ئەبدۇخالىق پانسەدنى بولسا تۇتقۇن سىفەتىدە خوتەنگە يوللادى. باش ۋەكىل بۇنداق قىلىش ئارقالىق ئەبدۇخالىقنى خائىن دىپ جاكارلاپ، تۇتقۇن قىلىش بىلەن يۇسۇفجاننىڭ بىر قاناتىنى سۇندۇرغاندەك بولدى. ئەمىرنۇر ئەھمەد بولسا، ئاكىسى ئەمىر ئەبدۇللاھنىڭ ئۆچىنى ئالغان بولدى. مۇنداقچە ئەيتقاندا، خوتەن كاشغەردىن ئىنتىقام ئالغان بولدى.

كۆرگەن، ئەتكەنلەرىمىزنى قەلەممىز ئارقالىق مۇھتەرەم ئوقۇرمەندلەرگە ئەمەلىيەتتەكىدەك تەسۋىرلەپ بىرىش بىزنىڭ غايەمىزدۇر. شۇنىڭغا كۆرە، ئەلبەتتە ئۇقۇرمەندلەرمۇ ھادىسە ۋە ۋاقىئەلەرگە قاراتا يازغۇچى بىلەن ئوخشاش تۈيغۇدا بولۇپ، خۇددى جەڭ مەيدانىدا، فاجىئەلەرىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولۇپ، ھاياجانغا چۈمۈلسە كېرەك. شۇ مۇناسەبەت بىلەن ئۇقۇرمەنلەر بىلەن كىلەركى فەسلدە جەڭ مەيدانىدا كۆرەشۇرمىز.

# جەڭ مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش

ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ھەرقايسى نەزارەتلەر ئىشقا كىرىشىشكە باشلادى. شۇ قاتاردا ھەربىيىە نەزارەتىمۇ كىچەيۈ ـ كۈندۈز جەڭ ئىشلارى خىزمەتى بىلەن مەشغۇل بولماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ئەسكەرلەر تۇڭگانلارغا يا تەسلىم يا ئۆلۈم، دىپ تەھدىد سالىپ يىگى شەھەرنى تۆت تەرەفتىن قورشاپ ئالغان ئىدى. ساتىپ ئالدىجاننىڭ قوشۇنى بولسا يىگى شەھەرگە ئەڭ يىقىن بولغان «خەتەرچى» تەرەفتىن تەھدىد سالىپ تۇراتتى. ئۇلار كۆرۈنگەن خىتاي، قىمىرلاغان تۇڭگانلا بولسا ئامان قويمادى. شىددەتلىك قامال دەۋام ئەتمەكتە. گاھىدا بىر بۆلۈك تۇڭگانلار ئۆزلەرىگە ئوزۇق ـ ئەۋقات ۋە ھايۋانلارىغا ئوت ـ خەس توپلاش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىدۇر. شۇنداق چاغلاردا مۇجاھىدلار ئۇلارغا دەھشەتلىك ھۇجۇم قىلۇرلەر. بۇنداق پەيتلەردە تۇڭگانلارنىڭ بىر قىسمى ئوزۇق توپلاسا، يەنە بىر قىسمى ھۇجۇمغا تەقابۇل تۇرار ئىدىلەر. بەئزىدە ئىككى تەرەف بىر بىرلەرىگە كىرىشىپ قۇچاقلاما جەڭ بولۇپ كەتەر، قىلىچبازلىقلار بولۇپ قانلار تۆكۈلەر ئىدى. شۇنداق فاجىئەلىك كۈنلەردە ھىلال ئەھمەر جەمئىيەتى تەرەفدىن يارىدارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خادىملار ئىبەرىلدى. ئۇلار بارىپ ئۆلگەنلەرنى كۆمۈپ، يارىدار بولغانلارنى كىسەلخاناغا ئالىپ كىلدى.

بىر كۈنى قاتتىق جەڭ بولدى. دوختۇرخاناداكى خادىملار بىلەن بىرلىكتە جەڭ مەيدانىغا باردىم. بىزنىڭ ئەسكەرلەرىمىزنىڭ بەئزىسى ئاكوپلارغا جايلىشىۋالغان، بەزىسى چوڭ دەرەختلەرنىڭ دالداسىغا ئۆتۈۋالغان بولۇپ مىلتىقلەرىنى دۈشمەنگە توغۇرلاپ يۈكسەك ھۇشيارلىق ۋە تىتىكلىك بىلەن تۇرۇشقان ئىدى. بىز تولىمۇ ئىھتىيات بىلەن مەيداننى ئايلانىپ ئاكوپلارغا قاراپ چىقىپ ئۆلگەن ۋە يارادار بولغانلارنى توپلاپ هاراۋا بىلەن كىسەلخاناغا ئالىپ كىلىشتۇق. قايتار پەيتىمىزدە «بارەكاللاھ يىگىتلەر، ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش دىگەن مۇشۇنداق بولادۇر، الله مانا مۇشۇنداق ئىشتىن رازى بولادۇر» دىگەندىن كىيىن قۇتلۇق شەۋقىنىڭ مۇنۇ مىسرائىلەرىنى ئوقۇشتۇق:

بەلەند ھىممەت يىگىتلەر زىينەتى مىللەتكە خىزمەتتۇر

ئىمەسدۇر مۇئتەبەر ۋىجدان قاشىدا روي ۋە سىماسى
ئەگەر ئىنسان ئىسەڭ ھىممەت بىلەن يۇرتۇڭغا خىزمەت قىل
مۇھەببەت پىشە قىل، كۈلسۇن ۋەتەنىنىڭ باغۇ ـ سەھراسى

ئۇرۇش ئۈتى ئەسكى (كوھنا) شەھەرگەمۇ تۇتۇشۇپ، تۇڭگانلار بىلەن ئۆزبېك مۇجاھىدلار ئاراسىدا قاتتىق جەڭ بولدى. جەڭ بىر ھازا دەۋاملاشقاندىن كېيىن ئۆزبېك مۇجاھىدلارنىڭ بىر قىسمى چېكىندى. تۇڭگانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ قۇم دەرۋازاغا يېقىن يەرگە كەلگەندە ئۆزبېك مۇجاھىدلارنىڭ قۇماندانى ئەبدۇراھمان قۇرباشى ئۆزىنىڭ يوتا قىسمىغا ئوق تېگىپ يېقىلىپ قالغانىغا قاراماي يىگىتلەرگە: «بۇ يەرگەچە كەلگەن تۇڭگانلارنىڭ بىرىنىمۇ ساق قايتۇرماي ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاڭلار!» دېپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ قوشۇننى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلۈك قوشۇننى دۈشمەن بىلەن مۇدافەئە جەڭگى قىلىشقا، يەنە بىر قىسمىنى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا، ئۈچىنچى قىسىم قوشۇننى باغ ئىچىدىن يۇرۇپ مويتۇڭزاغا بارىپ يېڭى شەھەر يولىدىن كىلەدۇرغان دۈشمەنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن پىستىرما بولۇپ تۇرۇشقا بەلگىلەدى. شۇ ئارىلىقتا بۇلارغا ھۆكۈمەت تەرەفىدىن ئېبەرىلگەن ياردەمچى قوشۇن كېلىپ قوشۇلۇپ، قوشۇننى دۈشمەنگە تىخىمۇ كۈچلۈك زەربە بىرىش ئۇستۇنلىكىگە ئىگە قىلدى. ۋەقتىنىڭ سوزۇلىشىغا ئەگىشىپ مۇجاھىدلارنىڭ تۇشمۇتۇش زەربە بىرىشىگە بەرداشلىق بىرەلمەگەن تۇڭگانلار قوشۇنى يېڭى شەھەرگە چېكىندى. بىراق، بۇلار چېكىنىپ مويتۇڭزاغا كەلگەندە كۈتمەگەن يەردىن شۇ يەردە پىستىرمادا تۇرۇۋاتقان قوشۇننىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كۆپ قىسمى قىرىپ تاشلاندى ۋە ئەسىر ئالىندى. قاچىپ كەتەلەگەنلەرى يېڭى شەھەرگە كىرىۋالىپ قۇتۇلدى. كىسەلخانا خادىملەرى بولسا، مەيدان كىزىپ يۇرۇپ ئۇچراغان ئۆلۈكلەرنى كۆمسە، يارادارلارنى كىسەلخاناغا ئالىپ كىلىپ دەۋالاش ئىشلەرى بىلەن پۈتۈن جەڭ دەۋامىدا ئالدىراش ئۆتتى. بىز ھىلال ئەھمەر تەرەفىدىن بارىپ ئەبدۇراھمان ئاكانى ئورازبېكنىڭ قەرارگاھىدىن يۆتكەپ كىسەلخاناغا كىلتۇردۇق. ئۇنىڭغا تەككەن ئوق گۆشتىن كىرىپ يەنە گۆشتىن چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، ياراسى ئۇنچە خەتەرلىك ئەمەس ئىدى. ياراسى تاڭىلىپ، مورفىن بىرىلىپ ئارامگاھقا ياتقۇزۇلدى.

# تۇڭگانلار بىلەن ئالىپ بارىلغان سىياسىي مۇزاكەرەلەرىمىز

مۇجاھىدلار بىلەن تۇڭگانلارئاراسىداكى تىركىشىش دەۋام قىلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە تۇڭگانلار مۇجاھىدلارنىڭ ئالدىغا بىر تۇڭگان ئەمەلدارنى ئېبەرىپ ئۆزلەرىنىڭ ئىككى ئارادا سۈلھ ئورنۇتۇش مۇددىئاسى بارلىغىنى، ئەگەر بىز سۈلھگە كۆنگەن تەقدىردە، يەنە باشقادىن ئىككى نەفەر سۆھبەت ۋەكىلى ئېبەرەدۇرغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز ئۇلارنىڭ تەكلىفىگە قوشۇلدۇق. ئۇلار تەرەفدىن ئىككى ئادەم كىلدى. سۆھبەت دەۋامىدا گەرچە ئۇلار كىلگۈسى سۈلھ مۇزاكەرەسىگە بىز تەرەفتىن ئىككى نەفەر، ئۆزلەرى تەرەفتىن 6 نەفەر ئادەم قاتناشتۇرۇش تەلەبىدە چىڭ تۇرۇۋالغان بولسامۇ، بىزنىڭ ئىزچىل قارشى تۇرىشىمىز ئارقاسىدا سائەتلەرچە تالاش ـ تارتىش بولغاندىن كىيىن ئاخىرى ئىككى تەرەفتىن بەرابەر ھالدا 4 نەفەردىن ۋەكىل چىقارىشقا كىلىشىلدى. سۆھبەت ئورنىنى تاللاشقا كىلگەندە ئۇلار ئۆز كانتروللىقىدا تۇرۇۋاتقان يىڭى شەھەرنى تاللاشتى. بىز ئۇنۇماغاندىن كىيىن، ئۇلار قانداقلا بولماسۇن يىڭى شەھەرگە يىقىنراق بىر يەر تاللانماسا بولمايدۇر، دىگەن فىكىردە تۇردى. بىز بولساق ئۇلارنىڭ ئۇنۇماغانىغا ئۇنۇماي، بۇ سۆھبەت ئورنىنى ھەرئىككى تەرەفنىڭ كانتروللىقىدىن بىردەك خالىي بولغان بىتەرەف بىر جايىدا ئۆتكۈزۈش فىكرىدە چىڭ تۇرۇشتۇق. بۇ مۇزاكەرە ئاخىرى بىزنىڭ دىگەنىمىز بويىچە كونا شەھەر بىلەن يىڭى شەھەر ئاراسىغا جايلاشقان بىر باغدا ئۆتكۈزۈلۈشكە قەرار قىلىندى. بەلگىلەنگەن ۋەقتتە ئىككى تەرەف ۋەكىللەرى كېرەكلىك بولغان قوغدىنىش تەدبىرلەرىنى قوللانغان ھالدا كىلىشىپ سۆھبەتكە ئولتۇرۇشتى. سۆھبەتتە تۇڭگانلار تەرەفتىن قويۇلغان تەلەب مۇنداق بولدى: «ئارامىزدا سۈلھ ئورناتىلغاندىن كىيىن شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشنى ئىككى تەرەف تەڭ ئۈستىمىزگە ئالامىز. بۇنىڭدا بارلىق ھەربىي تەئلىم ـ تەربىيە، جەڭ ئىشلەرى قۇماندانلىقى، قورال ـ ياراق ئىشلەرى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا بولادۇر. ئۇندىن باشقا بارلىق مۈلكىي ئىشلار يەرلىك تۈركلەرنىڭ قولىدا بولادۇر» . ئۇلارنىڭ بۇ يولسىز

تەلەپگە قاراتا بىزنىڭ رەددىيەمىز مۇنداق بولدى: «شەرقىي تۈركىستان دەۋلەتىنى ئىدارە قىلىش پۈتۈنلەي تۈركلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى. تۇڭگانلارغا كەلسەك، ئۇلار بىزگە دوست مىللەت، بىزنىڭ مۇھتەرەم دىنداشىمىز، قوشنىمىزدۇر. ئەمما، ئۇلار هازىر بىزنى باشقۇرۇش ئەمەس بەلكى جاننى ئالىپ شەرتسىز هالدا يۇرتىمىزنى بىكارلاپ ئۆز يۇرتى بولغان گەنسۇغا كەتىشلەرى كېرەك. ئۇلار ئەگەر شۇنداق قىلالاسا، ئۇلار بىلەن بولادۇرغان دوستانە ئەلاقەلەرىمىز يەنە ئوخشاش دەۋاملاشۇرەدۇر. ئەگەر بۇنىڭغا كۆنمەيدىكەن، قولدارىداكى بارلىق قورال - ياراقنى بىزگە تاپشۇرۇپ بىرىپ هەربىي ئىشلاردىن ۋاز كەچىپ خەلق توپىغا قوشۇلۇپ تىنچ تۇرمۇش كەچۈرسە، ئۇلارغا ئۆزخەلقىمىز قاتارىدا مۇئامەلە قىلىنىپ تىگىشلىك هوقوقلاردىن ئورتاق بەهرىمەند بولادۇر. ئەگەر هۆكۈمەت خاهلاپ قالسا ئۇلارنىڭ قابىلىيەتلىك كىشلەرىدىن  فائىدەلانۇر. بۇنىڭدا هەر ئىككىلا تەرەف ئەركىن تاللاش هوقۇقىغا ئىگە.»

تۇڭگانلار قورال تاپشۇرۇشنىڭ گەپىنى ئاڭلاپ جانى چىققۇدەك بولۇپ بۇ تەلەبنامەگە كۆنمەدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۈلھ مۇزاكەرەسىمۇ نەتىجەسىز ئاياغلاشتى. خۇلاسە قىلىپ ئەيتقاندا، تۇڭگانلار بىلەن بولادۇرغان سياسى مۇزاكەرەلەر هەردائىم يۇقارقىدەك شەكىللەردە باشلاناتتى. ئەمما قورالنىڭ گەپى چىقسالا ئىككى تەرەف بىر- بىرىگە هەرگىز يىقىنلاشالمايتتى[35]. تۇڭگانلار تولامۇ هۇشيار، بولۇپمۇ هەربىي تەئلىم- تەربىيە، هەربىي ئىنتىزام تەرەفلەردە تەجرىبەلىكتۇر. شۇڭلاشقامىكىن، ئۇلار هەردائىم ئۆزىنى بىز دىگەن هاكىم مىللەت، خىتايلار بىلەن ئوخشاش يۇرت سوراپ كىلگەنبىز، دىپ بىلەرمەندلىك قىلىشقا ئامراق ئىدى. بۇ خۇددى فەرغانەدە رۇسلارنىڭ نوغايلارىدىن قۇتۇلغالى بولماسا، ئالتەشەهەردە خىتاينىڭ تۇڭگانلارىدىن قۇتۇلغالى بولماغاندەك بىر ئەهۋال ئىدى.

35- ئىنقلاب باشلانىپ، كۇنسرى غەلەبەگە ئېرىشۋاتقان پەيتلەردە تۇڭگانلار بىلەن خوجا نياز هاجىم باشلىق تۈركلەرنىڭ ئىتتىفاقچىلىقى خىلى بىر مەزگىل ياخشى دەۋام قىلدى. شۇ چاغلاردا ئىنقىلابچىلار قولىغا ئۆتكەن ئاقسۇ، كۇچار، تۇرپان ۋە باشقا ۋىلايەتلەردە هەربىي ئىشلارنى تۇڭگانلار، مۇلكى، هۆكۈمەت ئىشلارىنى تۈركلەر تۇتۇپ كىلگەن ئىدى. مەسەلەن، ئاقسۇنىڭ ۋالىسى ئىسمايىلباي بولسا، هەربىي قۇماندانى مالۇجاڭ ئىدى. كىينكى چاغلاردامۇ  تۇڭگانلار بىرمەزگىل ئىگە بولغان ئەشۇ خىل ئىمتىيازنى قولدىن بىرمەسلىككە تىرىشىپ كىلدى.

# سۈلھكە مۇناسەبەتلىك بىر مۇئەمما

ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى بىلەن خوجا نىياز ھاجىم ئاراسىدا يېقىندىن ئەلاقە شەكىللەنىپ ئۆزئارا خەت يوللاششلار دەۋام قىلىپ تۇرغان شۇ كۈنلەردە ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان خوجا نىياز ھاجىمنىڭ قاشىدىن ئۈچ ـ تۆت ئەسكەر ۋە قوغدىغۇچى، مۇشاۋىرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئەبدۇللەتىيف ئەپەندى[36] ئىسىملىك زىرەك بىر ئادەم كىلدى. باش ۋەكىل ئۇنى قارشى ئالدى. ئۇقساق، بۇ ئادەم خوجا نىياز ھاجىمنىڭ ھەممە ئىشنى سۈلھ بىلەن بىر ياقلىق قىلىش توغراسىدەكى پەرمانىنى كۆتۈرۈپ كىلگەن ئىكەن. باش ۋەكىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نازىرلارنىڭ فەۋقۇلئاددە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا باش ۋەكىل باشلىق ھەرقايسى نازىرلار، چوڭ قۇماندانلار كىلىشكەن ئىدى. ئالدىدا باش ۋەكىل سۆز ئالدى. ئۇ سۆزىدە رەئىس جۇمھۇر خوجا نىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەھرىمىزگە ئەلچى بولۇپ كىلگەن ئەبدۇللەتىيف ئەپەندىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى، ئۇندىن كىيىن ئەبدۇللەتىيف ئەپەندى سۆز قىلىپ خوجا نىياز ھاجىمنىڭ سەلاملارىنى، كاشغەر خەلقىگە بولغان ئارزۇ ـ ئۇمىدلەرىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەندىن كىيىن شۇنداق دىدى: «غازى ئاتامىزنىڭ پەرمانى مۇنداق: ھۆكۈمەتىمىز بىلەن تۇڭگانلار ئاراسىدا ئۇزۇندىن بىرى ئۇرۇش دەۋام قىلىپ كىلدى. بۇ ياخشى ئەھۋال بولمادى. بىز بولساق، سۈلھپەرۋەر مىللەتىبىز. سۈلھ بىزىنىڭ شىئارىمىزدۇر. مەن ئۆز تەرەفىمدىن ئەبدۇللەتىيف ئەپەندىنى ئىبەردىم. ھەر بىرلەرى بۇ زاتنىڭ مەسلەھەتى بويىچە، بىرلىككە كىلىپ يىڭى شەھەردەكى تۇڭگانلار بىلەن سۈلھ قىلىشقايلار» دىپ سۆزىنى تۈگەتتى. مەجلىستە بۇ توغرادا مۇزاكەرە، مۇھاكەمەلەر باشلاندى. ھەر ئاغىزدىن بىر ئاۋاز، ھەر كىشىدىن بىر سادا چىقىپ، ھەممەيلەن سۈلھ قىلىشقا كىلىشتىلەر. مەجلىس قەرارى بويىچە، بىز تەرەفتىن تۆت نەفەر ۋەكىل يىڭى شەھەردەكى تۇڭگانلارنىڭ قاشىغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن سۈلھ مۇزاكەرەسىنى قىلىپ قايتادۇرغان بولدى. ئەبدۇللەتىيف ئەپەندى بىلەن

36 ـ ئەبدۇللەتىيف ئەپەندى ئەسلى ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلار ئىتتىفاقىغا قاتناشقان، مۇھەممەد ئەمىين بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تارىخى ئەسەرىدە تىلغا ئالىپ ئۆتۈلگەن گۇمانلىق كىشىلەردىن بىرى.

ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، قۇدرەتۇللاخان تۆرە، يەنە بىر قۇماندان بولۇپ تۆتەيلەن سۈلھ ھەيئەتلىكىگە بەلگىلەندى. ئەبدۇللەتىيف ئەپەندى ھەيئەت باشلىقلىقىغا سايلاندى. خىلىدىن بىرى بۇ ئىش توغراسىدا سۆز قىستۇرۇشنى ئويلاپ تۇرغان كەمىنەگە ئەمدى فۇرسەت چىققانىدى. باش ۋەكىلدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن شۇنداق دېدىم: «ئەزىز يۇرتداشلار! قەھرىمان قۇماندانلار! دۇنيادا ھەر ئىشنىڭ بىر ئۇسۇلى، قائىدەسى بولادۇر. جۇملەدىن سۈلھنىڭمۇ ھەم قائىدەسى باردۇر. سۈلھنىڭ قائىدەسى شۇلدۇركى، سۈلھ ھەيئەتى مىللەتنىڭ فائىدەسى ئۈچۈن سۈلھ مۇزاكەرەسى قىلىپ تۇرغان پەيتتە، قۇماندانلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بارماقلارى مىلتىقنىڭ تەپكەسىدە، قوللارى قىلچىنىڭ دەستەسىدە تۇرادۇر. ئەمەلىيەتتە سۈلھ بىلەن جەڭنىڭ ئارالىقى يىڭنەنىڭ ئۈچىچەلىكلا كىلەدۇر. ھەر قايسى تەرەفلەر ئۆز ئارا كېلىشەلەسە، سۈلھ سۈلھ بولادۇر. ئۇنداق بولماغان تەقدىردە، شۇ سائەتتە جەڭ ئوتى يالقۇنجاپ، ئۇنىڭ ئۈچقۇنى ئەسكەرگە تەگەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈلھ مەجلىسىنىڭ ياخشى تەرەفى بولغاندەك، يەنە ئۇنىڭ خەتەرلىك تەرەفىمۇ بار. بۇ توغرادا بۇرۇنقىلار شۇنداق دىگەن ئىكەن: «سۈلھ قىلار بولساڭسەن، جەڭگە تەييار بولۇپ تۇر». شۇنىڭغا كۆرە، قۇماندانلارىمىز ۋە پەھلىۋانلارىمىزغا دىپ قويادۇرغان بىرگەپ، سۈلھ ھەيئەتى يىگى شەھەرگە چىقىپ دۇشمەن بىلەن سۈلھ مۇزاكەرەسىنى تۈگۈتۈپ كىلگۈچە كۆپ ئىھتىيات بىلەن ھۇشيار تۇرۇشلارىنى باش ۋەكالەت نامىدىن تەۋسىيە قىلامەن، دىپ سۆزۈمنى تۈگەتتىم. سۆزلەرىمنى ئاڭلاپ باھانە ئىزلەپ، ئۆزىنى ئاران باسىپ تۇرغان ئەبدۇللەتىيف ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ: «مۇسا ئەپەندىنىڭ سۆزى لى (قائىدە) گە توغرا كىلمەيدۇر. قەراردىن كېيىن سۆزلەگەنلەر مۇفتىن (ئىغۋاگەر) ھېسابلانادۇر. بۇ ئەپەندىنىڭ جەزاسى قەيدسىز، شەرتسىز قاماقتۇر، دىپ باشنى ئوڭ تەرەفكە بىر ئىرغىتىپ قويۇپ ئورنىغا ئولتۇردى». ئۇنىڭ قورالىق ئىككى ياۋەرى ئىككى يانىمغا كىلىپ، يۈرۈڭ، دىدىلەر. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىككى مىترچە ئالدىغا چىققانىدىم، گارنىزون قۇماندانى يۇسۇپ جان يۇقارى ئاۋاز بىلەن: «ئەپەندىم! جايىڭىزدا ئولتۇرۇڭ» دىدى. بۇنىڭغا ئۇلگۇرۇپ قۇدرەتۇللاخان تۆرە يانىمدا پەيدا بولۇپ: «ئەپەندىم، ئولتۇرۇڭ» دىپ مەنى ئولتۇرۇۋالىشقا ئۈندەدى. شۇ مىنۇتتا باش ۋەكىلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: «ئەبدۇللەتىيف ئەپەندى! بەك ئالدىراپ كەتمەسۇنلەر، مۇسا ئەپەندى يامان گەپ قىلمادى. ئالدى بىلەن ئىجازەت سوراپ گەپ قىلدى.

سۆزىدە ئەسكەرلەرىمىز بىلەن قوماندانلارىمىزنى غەفلەتتە قالماسۇنلەر، ۋەزىپە باشىدا بىدار تۇرسۇنلەر، دىدى. بۇ گەپتە ھەرگىز ئىغۋاگەرلىك يوقتۇر، ئەپەندىم. تۇڭگان خەلقىنىڭ ۋەئدە بۇزارلىقى ھەممەمىزگە مەئلۇم، ئۇلار ۋەئدەسىگە ۋەفا قىلمايدۇر، بۇ تەرەفى جەنابلارىغامۇ مەئلۇم بولسا كېرەك» دەدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبدۇللەتىيف ئەپەندىمۇ پەسكويىغا چۈشۈپ قالدى. مەجلىس شۇنداقچە ئاياغلاشىپ، ھەممەيلەن تارقاشتۇق.

ئەرتەسى سۇلھ ھەيئەتى ئەبدۇللەتىيف ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا يىگى شەھەرگە ئۇزاتىلدى. تۇڭگانلار بۇ ۋەكىللەرنى چىرايلىق قارشى ئالدى. مۇزاكەرە مەجلىسى باشلانىپ تىخى ئاياغلاشماستا، تۇڭگانلار ئەبدۇللەتىيف ئەپەندىنى سىرتقا چاقىرىپ ئالىپ چىقىپ كەتىپ، ئۇنى شۇ يەردەلا ئاتىپ تاشلادى. قالغانلارنى بولسا، سىزلەر ئۆز ئىشىڭلەرنى قىلىۋىرىڭلەر، دىپ بىئازار ئۇزاتىپ قويدىلەر. قۇدرەتۇللاخان سالامەت قايتىپ كىلدى. كۆرۈشتۇق. بۇ تارىخىي تاپشىماقنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلەرى تاپسۇنلەر.

# گېرمانىيە بىلەن بولغان قورال سەۋداسى

ئۆتكەنكى بىر بۆلۈمدە زىكرى كەچكەن گېرمانىيەلىك تىلىفۇن مۇھەندىسى (تېخنىكى) نىڭ تۇرالغۇسى ھىلال ئەھمەردە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ، سۆھبەتلەشىپ تۇراتتۇق. سۆھبەتلەرىمىزدە كۆپرەك شەرقىي تۈركىستان دەۋلەتىنىڭ ھەممەدىن بەكرەك قورالغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى توغراسىدا سۆز بولۇپ قالاتتى. سۆھبەتلەرىمىز سەمىمىي ئىدى. بۇ سۆھبەتلەر نەتىجەسىدە گېرمانىيە بىلەن بىر سەۋدا كېلىشىمى ئىمزالاندى. كېلىشىم مەزمۇنى بويىچە شەرقىي تۈركىستان دەۋلەتى گېرمانىيەدىن **500**مىڭ تال گېرمان مىلتىقى ۋە بۆلارغا كەتەرلىك ئوق - دورىلارنى ئالادۇرغان، ئارادىكى مۇئامەلەگە كابۇلدەكى گېرمانىيە ئەلچىخاناسى ۋاستەچىلىك قىلادۇرغان بولدى. قوراللار ئالدى بىلەن كابۇلغا، ئاندىن بەدەخشان، پامىر يوللەرى ئارقالىق تاشقۇرغانغا ئالىپ كېلىنىپ بىزگە تاپشۇرۇلادۇرغان بولدى. پۇل تاپشۇرۇش نەخ بولادۇرغان، **25%** پۇل ئالدى بىلەن كابۇلدەكى گېرمانىيە ئەلچىخاناسىغا تاپشۇرۇلادۇرغان، قالغان قىسمى قورال قولغا تەككەندىن كېيىن تاپشۇرۇلادۇرغان بولدى. بۇ سەۋداگە باش ۋەكىلنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مۇستەفا ئەلى بېك كىنەت، ئەبدۇللاھ خانىي ۋە كەمىنە مۇئەللىفنىڭ ئىشتىراكى بىلەن گېرمان مۇھەندىسىنىڭ ھۇزۇرىدا توختاملاشتۇق. كەمىنە بۇ چاغدا مالىيە نازىرىنىڭ ئورنىدا ئورۇن باسار بولۇپ ئىشلەپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن بۇ ۋەزىيفەنىڭ يۈكى ماڭا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن دەرھال بىر - ئىككى سەرراف (ئالتۇنچى) نى ئىشقا سالىپ قورال سەۋداسىغا كەتەرلىك ئالتۇنلارنى تەقلەپ، باش ۋەكىلگە تاپشۇردۇم. باش ۋەكىل ئالتۇنلارنى مۇستەفا ئەلى بېككە تاپشۇردى. يەنە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتىنىڭ كابۇلدەكى دائىمىي ئەلچىسىلىك ۋەكالەتنامەسى، دىپلوماتىيە پاسپورتى، يول چىقىمى قاتارلىقلار تاپشۇرۇلدى. بۇ قىش فەسلى ئىدى.

بىز ئەلچى مۇستەفا ئەلى بېكنى خەيرلىك دۇئالار بىلەن ئۇزاتىپ قويدۇق[37]. مۇستەفا ئەلى بېكنىڭ بۇ قاتىمقى ئەلچىلىك خىزمەتى ئىچىدە يەنە كابۇلغا بارغاندىن كېيىن كابۇلدەكى ياپونىيە ئەلچىسى بىلەن يىقىندىن ئەلاقەلەشىپ شەرقىي تۈركىستان دەۋلەتىنىڭ مۇستەھكەملىكى ئۈچۈن ياپونىيەدىن كېرەكلىك ياردەملەرنى سوراش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئىككى تەرەپلىك دوستانە ئەلاقە شەكىللەندۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى.

37 ـ مۇستەفا ئەلى بېكنىڭ **25** كۈندە پىشاۋۇر شەھەرىگە ساق يەتىپ بارغانلىقى توغراسىدا مەكتۇب كىلدى. ئۇ پىشاۋۇر شەھەرىنىڭ مەركەزىگە ئورۇنلاشىپ، ئەنگىلىيە ھىندىستانىغا ئۆز ۋەكالەتنامەسىنى سۇنادۇر. ئۇ ئەلچىلىك خىزمەتىگە كىرىشكەندىن كېيىن دەۋلەتىمىزنىڭ گىرمانىيە ئەلچىخاناسى بىلەن ئالىپ بارادۇرغان قورال سەۋداسى توغراسىدا سۆھبەت باشلاغان بولسامۇ، بۇ ئىشلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىييەتىنىڭ يىقىلىش كۈنلەرىگە توغرا كىلگەچ كۈتمەگەن يەردىن بارلىق پىلانلار سۇغا چىلاشتى. يولداكى يولدا، چۆلدەكى چۆلدە قالىپ، ھەركىم ئۆز باشىنىڭ دەردىگە چۈشتى. مۇستەفا ئەلىبېكمۇ تۈركىيەگە كەتتى. ئۇنىڭ دەۋلەتتىن ئالغان سەفەر خىراجاتلەرىنىڭ ھىسابى، قورال ساتىپ ئالىش ئۈچۈن بىرىلگەن ئالتۇنلارنىڭ ھىسابى ھىلىغاچە گەردەنىدەدۇر

# ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىنىڭ ئاقىبەتى

ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى كاشغەرگە كىلگەندىن كىيىن ياردار بولۇپ خەستەخاناغا كىرىپ قالدى. ساقىيىپ چىققاندىن كىيىن ئۈزىچە ئەركىن، باشباشتاق ياشاشقا باشلادى. ئىزدەلگەن ۋەقتتە ئەتلەس تۆشەكلىك، كىمخاپ كۆرپەلىك، پەر ياستۇقلۇق ئۆيلەردە گۈزەل خانىملارنىڭ قوينىدا ياكى ئەنگلىيە ئەلچىخاناسى جايلاشقان چىنىباغدا تاپىلادۇرغان بولدى. ئۇنىڭ ئادەتتە قىرغىزلار قەرارگاھى، ھەربىي نەزارەت، بەئزىدە مەئارىف نەزارەتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممەسىدە قىلادۇرغان ئىشى بولاتتى. گاھىدا چىنى باغقا بىر كىرىپ كەتسە نەچچە كۈنلەپ قاراسى كۆرۈنمەيتتى. ئەمما ھىلال ئەھمەر ۋە خەستەخانا ھەمدە باش ۋەكالەت تەرەفلەرگە كىلمەيتتى. ئۇ خوجا نىياز ھاجىمغا كۆپ خەت ئىبەرتەر ئىدى. ئاقسۇ، كۇچارلارغا توختاماي خەت يوللار ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلەرى سىرلىق بولۇپ، باشقىلارغا نىمە ئىش قىلۇاتقانلىقىنى بىلدۇرمەيتتى.

ئۇ بىر كۈنى باش ۋەكىلنى زىيارەت قىلدى. ئۇقۇشمىزچە خوجانىياز ھاجىمدىن ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىگە ئۇنىڭ كاشغەردەكى بارلىق قۇماندانلارغا باش قۇماندان قىلىپ سايلانغانلىقى توغراسىدا پەرمان كەپتۇ. پەرماندا خوجا نىياز ھاجىم باش ۋەكىلگە بۇندىن كىيىن بارلىق ھەبىي ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا بۇ باش قۇماندانىنىڭ فىكرى ۋە ئىمزاسىنى ئالىشنى تەۋسىيە قىلىپتۇر. ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىگە بۇ پەرمان نازىرلار مەجلىسدە قاراپ چىقىلىپ بولغۇچە ئۈچ – تۆت كۈن سەبر قىلىپ تۇرۇش كىرەكلىكى ئۇقتۇرۇلدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىگە يىقىندىن دىققەت قىلىشقا باشلادۇق. ئىككى كۈندىن كىيىن ئۇنىڭ يەتتە – سەككىز قورالىق ئەسكەرنى ئالىپ يوشۇرۇنچە كاشغەردىن چىقىپ ئاقسۇ تەرەفكە كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. باش ۋەكىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىنى خوجا نىياز ھاجىمنىڭ يانىغا بارغۇزماي يولدىن قايتۇرۇپ كىلىش ئۈچۈن كەمال مەخدۇمنىڭ قۇماندانلىقىدا ئارىق خوجانىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرىدىن ئون نەفەر ئەسكەر ماگدۇرۇلدى. ئىككى ئاتۇشلۇق ئەسكەر ئەسكەرلەرنىڭ يول باشلاشى بىلەن كەستۇرمە يولدىن چىقىپ قوغلاپ بارىپ يارىم يولدا ئۇلارغا يەتىشۋالدى. بۇ

كىچە ۋەقتى بولۇپ، ئۇلار ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى ياتقان جاينىڭ ئەترافىنى قورشاۋالىپ، ئۇنىڭغا: «چىرايلىقچە تەسلىم بولماساڭ، مىڭ جانىڭ بولغان بىلەنمۇ قۇتۇلالمايسەن» دېپ تەھدىت سالدىلەر. ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى بۇ گەپكە كۆنمەي ئەسكەرلەرنى ھازىرلاپ، بىر جانغا بىر جان، دېپ ئوق چىقارىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلارغا يىراق بولماغان بىر جايدا كەمال مەخدۇملار تەرەفدىن كىلگەن ئىككى ئاتۇشلۇق ئەسكەر يۇقارى ئاۋاز بىلەن: ئاداشلار! ئارقاداشلار! ھۆكۈمەتتىن ئىجازەت ئالماي قاچىپ چىققان، بىزنى سەھرامۇ سەھرا ئويناتقان، سىزلەر، بىزلەر تونىمايدۇرغان بىر ئادەمنىڭ گەپىگە كىرىپ قان تۆكەمدۇق؟ بىر بىرىمىزگە ئوق چىقرامدۇق؟ بىزگە ئەھمەد ئەپەندىنى تاپشۇرۇپ بىرىڭلار، سىلەرگە ھىچ گەپ يوق. ئات، خورجۇن، مىلتىقلەرىڭلار ئۆزۈڭلەرگە قالادۇر. سىلەر بىلەن كارىمىز يوق، دەدىلەر. بۇ گەپ بىلەن ئەھمەد ئەپەندىنىڭ ئەسكەرلەرى ئۆز ھالىغا قالدى. ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندى بولسا ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ئۆز ئاتىغا مىندۇرۇلۇپ ساق ـ سەلامەت كاشغەرگە ئالىپ كىلىندى. ياندەكى ئارخىپ، ھۆججەتلەر مۇسادەرە قىلىنىپ، لايىقدا بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، سوراق ـ تەرگەۋ قىلىندى. مەئلۇم بولدىكى، بۇ ئادەم ئەنگىلىيە جاسۇسى ئىكەن. ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى بىلەن يۇك ـ تاقلارىنى كۆتەرتىپ ئاتىغا مىندۇرۇپ كىلگەن يەرى ـ ھىندىستانغا يولغا سالىندى. چىنىباغدەكى بىرىتانىيە ئەلچىخاناسىدەكىلەر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان بولسامۇ ھۆكۈمەت تەرەف يول قويمادى.

# ھەمسايە دۆلەتلەر

**ياپونىيە:** گەرچە ياپونلارنىڭ زىمنى شەرقىي تۈركىستانغا يىراق بولسامۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە ياردەم قىلىشى ئانىق ئىدى. بۇنىڭغا سىياسىي كىلىماتمۇ يار بىرەرئىدى. چۈنكى ياپونىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسەبەتى ياخشى ئەمەس ئىدى. دەل مۇشۇ سەبەبلىك ياپونىيە بىلەن ئەلاقە ئورنىتىش ئۇرۇنۇشلارىمىزغا تاشقى موڭغۇلىيە توسقۇنلۇق قىلدى[38]. شۇنداق قىلىپ كابۇلدەكى ياپونىيە ئەلچىخاناسى بىلەن ئەلاقە ئورنىتىش ئارزۇسىمۇ سۇغا چىلاشتى.

**ئافغانىستان:** ئافغان ھۆكۈمەتى دىنى ھەم سىياسىي جەھەتتە شەرق ئەللەرىدىن بولۇشى ۋە بىز بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىقى تۈپەيلى شەرقىي تۈركىستان دەۋلەتىگە دوستانە مۇئامەلە قىلدى. بۇنىڭ ئىپادىسى سىفەتىدە بىر گىرمان ئىنجىنىرنى ئىبەرتىشى، قورال سەۋداسى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ياراتىپ بىرىشى ۋە باشقا يوللار بىلەن مۇجاھىدلەرىمىزگە كەڭ يول بىرىشى كاتتا ياردەم بولدى.

**ساۋىتلەر روسىيەسى:** روسلارنىڭ كاشغەردەكى ساۋىت ئەلچىخاناسىداكى ئەمەلدارلەرى ھۆكۈمەتىمىزگە ئەلاقەدار ئىشلارغا بەك سەزگۈر ئىدى. ئۇلارنىڭ قىلادۇرغان ئىشى كاشغەر ھۆكۈمەتى رەھبەرلەرىنىڭ كىملەر ئىكەنلىكلەرى، ئۇلارنىڭ كىلىپ چىقىشى، ئۇرۇق - ئەۋلادىنى بىلىش ئىدى. گاھىدا ئەلچىخانا

38 - شەرقىي تۈركىستانغا ياردەم قولىنى سۇنۇشقا ھەرقاچان تەييار بولۇپ تۇرغان ياپونلار ھۆكۈمەت يىقىلغاندىن كىيىنمۇ چەتئەلدەكى ۋەتەن خىزمەتى بىلەن بولۇۋاتقان كىشىلەرىمىزگە زور ياردەملەرنى قىلدى. پارىژداكى ياپونىيە ئەلچىسى بىلەن مەرھۇم مۇستەفا چوقاي ئوغلى ئاراسىدا ئالىپ بارىلغان مۇزاكەرەلەر نەتىجەسىدە كابۇلدەكى ياپونىيە ئەلچىخاناسىدىن شىرمەت بىك مەرھۇم ئوسمان خوجا ئوغلى ۋە سۇلتانبىكلەر ئارقالىق يەتكۈزۈلگەن ياردەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. يەنە تىخى ياپونىيەنىڭ كابۇلدەكى ئەلچىخاناسىنىڭ بىر ئەمەلدارى مۇسۇلمان بولۇپ، ئەرەب قىيافەتىدە ياسانىپ **1937** – يىلى ھەج قىلغالى بارغاندا ئۇيەردىن يىراق شەرققە بارادۇرغانلارغا بىرگەن ئىقتىسادىي ياردەملەرىمۇ ئاز بولماغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ياردەم ئىشلارى مەككە قۇبادەكى نەزىير بىكنىڭ ئىش ئورنىدا ئالىپ بارىلغان ئىدى. ئەينى چاغدا مەككەدە تۇرۇۋاتقان مەھمۇد سىجاڭنىڭ ياپونىيە ئەلچىسى تەرەفىدىن بىر مۇنچە ياردەملەرگە ئىرىششى، كىيىن كاراچىدىن ياپونىيە ھەربىي پاراخۇدى بىلەن ياپونىيەگە ئالىپ كەتىلگەنلىكىمۇ ياپونلارنىڭ تۈركىستانلىقلارغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كىلگەنلىكىنى كۆرسەتىپ بىرەدۇر.

خادىملەرى ھەيئەت شەكلىدە ئوردىغا كىلىپ ئەرزىمەگەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىشنى باھانە قىلىپ نازىرلار، مەئمۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپ، تونۇشۇشۇپ قايتار ئىدىلەر. مانا شۇنداق باردى ـ كىلدىلەرنىڭ بىرىدە ساۋېت باش ئەلچىسىدىن ئورداغا بىر نوتا كىلدى. مەزمۇنى: كاشغەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقنى بىلدۇرۇپ يازغان فۆلان چاغداكى خەتىڭىز توغراسىدا شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمىزكى، مەزكۇر خەت ماسكاۋداكى ساۋېت تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكىگە يوللاندى. ئىھتىرام بىلەن:

بىر كۈنى ساۋېت ئەلچىسى قاسىمۇپ بىر مەئمۇرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئورداغا كىرىپ كىلدى. شەرقىي تۈركىستان دەۋلەتىنىڭ تاشقى ئىشلار نەزارەتى خوتەندە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى باش ۋەكىل قەبۇل قىلدى. كۆرۈشۈشتە ئەلچى سۆزلەشكە باشلاپ: «ساۋىسىن ـ تارگ[39] نىڭ كاشغەر شۆئبەسىنىڭ ئىككى تۆگە مالى يوقاپ كەتىپتۇر. مەزكۇر مالنى تاپتۇرۇپ بىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز» دەدى. قاچان يوقۇلۇپتۇر؟ دىگەن سۇئالغا ـ ئىنقىلاب باشلانغان چاغدا، ـ دەدى. باش ۋەكىل ئۇلارغا شۇنداق دەدى: دۇنيادا بولۇپ كىلگەن ھەر قانداق بىر ئىنقىلابتا بۇرۇنقى تۈزۈمنىڭ ئەمەلدىن قالادۇرغانلىقى ھەممەگە مەئلۇم ئىش. جەنابلەرى تەلەب قىلغان ئىككى تۆگە مال ساۋىسىن ـ تارگنىڭ تىجارەت مالى ئىكەن، بۇ مالنىڭ قەيەردە يوقالغانلىقى ئىنىق ئەمەس ئىكەن، شۇڭا، بۇئىش، سەۋدا قائىدەسى بويىچە مال تاپشۇرۇلغان كارۋان باشىدىن سۈرۈشتە قىلىنسا، ئۇنى كارۋان باشى تاپىپ بىرسە كېرەك، قول قولنى تونۇيدۇر. بۇ تەلەب مۇشۇنداق بىر تەرەپ بولسا بولۇرمىكىن؟ دىپ جەۋاب بىردى.

يەنە بىر كۈنى روسىيە ئەلچىخاناسى خادىملەرىدىن ئىككى كىشى ئەلچىخانانىڭ بىر تەلەبنامەسىنى كۆتۈرۈپ كىلدى. مەزمۇنى: خادىملارىمىزدىن فەلانى، فەلانى كىشلەر روسىيەگە بارماقچى، يول ۋە چىگەرادا بىخەتەر لىككە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا يول خەتى بىرىشلەرىنى سورايمىز، دىگەن دىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەلەبنامە پاسپۇرت ئىشلەرى بۆلۈمىگە يوللۇنۇپ، ئۇلارغا يول خەتلەرى بىرىلدىلەر. ئۇلار مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرزىمەگەن ئىشلارنى باھانە قىلىپ كىلىپ ـ كەتىپ تۇراتتىلەر.

بۈيۈك بىرىتانىيە: كاشغەردە بۇرۇندىن تارتىپ ئەنگىلىيە ئەلچىخاناسى مەۋجۇد بولۇپ، ئورنى چىنىباغدا ئىدى. ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ تۈنجى قاتىم

39 ـ ساۋىسىن ـ تارگ: ساۋېت ـ خىتاي سەۋدا شىركەتى

ئەنگلىيە ئەلچىسىنىڭ ئىمزاسى بىلەن بىر نوتا تاپشۇرۇۋالىندى. مەزمۇنى: ھۆكۈمەت قورۇلغانلىقنى بىلدۈرۈپ ئىبەرگەن خەتىڭىزگە تەشەككۇر، مۇمكىن بولسا، قۇرۇلغان ھۆكۈمەتكە قارايدىغان ھۇدۇد (تىرىتورىيە) دائىرەسىنى بىلدۈرسىڭىز.مەمنۇن بولۇر ئىدۇق.ئىھتىرام بىلەن:

بىر نەچچە كۈندىن كىيىن ئەنگلىيە ئەلچىخاناسىدىن ئىككىنچى بىر خەت تاپشۇرۇۋالىندى. مەزمۇنى: قۇرۇلغان ھۆكۈمەتىڭلەرنىڭ نىزامنامەسى قانداق؟ بۇنى بىلىش ئارزۇسىدا ئىدۇق. ھۆرمەت بىلەن:

كاشغەر چىنىباغدەكى ئەنگلىيە ئەلچىخاناسىدىن كىلگەن ئۈچىنچى نوتادا شۇنداق دەيىلەدۇر: بىزنىڭ خوتەندەكى ئاقساقالىمىز ئەبدۇلكەرىم ئاقساقالنىڭ بەيانىغا قارىغاندا بىرىتانىيە دەۋلەتىنىڭ فۇقەرالەرىدىن بولغان پالانىنىڭ ئىككى ئات يىپەكى لاداخ يولىدا غايىب بولۇپتۇر. بۇ ئىشنى ئىنقلاپ، ئاقىبەتىدىن خەبەردار قىلىشلەرىنى سورايمىز. ھۆرمەت بىلەن:

ئەلچىلەردىن كىلگەن مەكتۇبلەر، دىپلۇماتىك نوتالەرگە ۋەقتى ـ ۋەقتىدە خارىجىيە نەزارەتى تەرەفىدىن يەتەرلىك جەۋابلار بىرىلىپ تۇردى. بۇيۇك بىرىتانيەنىڭ كاشغەردەكى ئەلچىسى، تىپىك ئىنگلىز بولغان بۇئادەم بىر كۈنى ئورداغا كىرىپ كىلدى. يۇنۇس بەگنىڭ تەرجىمانلىقىدا سۆھبەتلەرىمىز دەۋام قىلدى. بۇ ئىنگلىز خىتايچە دەستۇرخان قائىدەلەرىنى ياخشى بىلگەندەك، خەنزۇ تىلىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇ چايدىن كىيىن ئۆزىنىڭ كاشغەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئەيتتى. بىزلەر بۇنىڭدىن قاتتىق ئەفسۇسلاندۇق. ئۇمۇ ئوخشاشلا ئەفسۇسلانىپ: «شەھەرىڭلارنىڭ ئاب ـ ھاۋاسىغا، سىز خەلقىنىڭ گۈزەل خۇلق ـ ئادەتلەرىڭلەرگە ئۆگۈنۈپ قالغان ئىدىم. نىمە چارە، ھۆكۈمەتىمىنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرمەن. ئەمدىن مەنىڭ يىگىدىن تەئيىنلەنگەن ۋەزىيفەم شاڭخەي ئەلچىخاناسىدا بولادۇركەن. شاڭخەيگە بارىپ ۋەزىيفەمگە ئولتۇرۇشۇم لازىم» دىپ خوشلۇشۇپ قايتتى.

ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كىيىن ئۇ كاشغەردىن ماگار ۋەقتىدە ئۇنىڭ ئورنىغا كىلەدۇرغان يىڭى ئەلچىنىڭ ئىسمىنىڭ گىنرال ساھىب ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. ئاز كۈندىن كىيىن جىنرالخان ساھىبخان كاشغەرگە كىلدى. چىنىباغقا ئورۇنلاشتى. يىڭى ئەلچىنىڭ زەمانىغا كىلگەندە يۇسۇفجان قۇرباشىنىڭ چىنىباغ بىلەن بولغان ئەلاقەسى كۆپەيىپ قالدى. يۇسۇفجانىنىڭ كونسۇلدىن بىر مۇنچە تاپانچە ئالغانلىقى توغراسىدا خەبەرلەر تارقالدى. كونسۇللارنىڭ ئۇسۇللارىدىن

بىرى شۇكى، ئۇلار ئادەتتە مىللىي كۆرەش بىلەن شۇغۇللانغانلارغا ئاز- تولا ياردەم بېرىپ قويغان بىلەن ئۇلارغا جىددىي بىر كۈچ سىفەتىدە قارىمايدۇر، ۋەزىيەتكە، ھاۋاغا قاراپ ئىش كۆرەدۇر.

شۇ كۈنلەردە ئاسى يۇسۇفجان ئۆز باشچىلىق بىلەن ئۇزاق سەفەر (ئافغانىستان) گە جۆنەش ئۈچۈن ھازىرلانىپ، بىر بۆلۈك ئاغىر يۈكلەرنى تاشقۇرغانغا ماگدۇرۇشقا باشلادى.

ئەينى زەماندا باش ۋەكىلنىڭ پەرمانى بىلەن تىجارەت نازىرى ئەبۇلھەسەن ھاجىمنىڭ ئورنىغا ساتىپ ئالدىجان بۇرۇنقى ھەربىي، ئەسكەرىي ۋەزىيفەسىدىن يۆتكەلىپ تىجارەت نازىرلىقىغا تەئىين قىلىنىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

يىڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەتىمىزگە ھەمسايە دەۋلەتلەرنىڭ قانداق مۇئامەلە قىلغانلىقى توغراسىدا گەپ كەتىۋاتقان ئىكەن، شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل بىر ئىسلامىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا نىمەدىندۇر قوشنا دەۋلەتلەرنىڭ بىر بۆلۈكلەرى كۆڭۈل خوشى بىلەن رازى بولمادىلەر. جۈملەدىن ئەنگلىيەمۇ بۇنى خاھلامادى.

بۇنىڭ سەبەبلەرىدىن بىرى: ھىندىستاندەك بۈيۈك بىر ئۆلكە بىلەن تام خوشنا بولغان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن كۈنى ھىندىستانمۇ قاراپ تۇرمايدۇر. قوشناسىدىن ئىبرەت ئالىپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقنى ئىستەيدۇر. بۇنداق بولۇشى تەبىئىي رەۋىشتە ئەنگلىيەنىڭ ھىندىستاندەكى ھۆكمرانلىقىغا قارشى ئىسيان قىلىشقا ئالىپ بارىدۇر. ئىنگلىزلار بۇنىڭغا ھەرگىز رازى ئەمەس.

رۇسلەر بولسا، شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل بىر تۈرك ھۆكۈمەتىنىڭ مەيدانغا كىلىشىنى خاھلامايدۇر. چۈنكى بۇ، ئەسىرلەردىن بىرى رۇسلەرنىڭ پۈتۈن تۈركىستاننى ئۆزىگە قارام قىلىش رىجە (پىلان) سىگە خىلاپ كىلەدۇر. ئەگەر تۈركىستاننىڭ شەرق قىسمى ئازاد بولسا، شۇ مۇھەققەق (ئىنىق) تۈركى، نەۋبەت غەرب قىسمغا كىلەدۇر، بۇنىڭدا ھىچقانداق شەك يوقتۇر. ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بولادۇر. دەمەك، شەرقىي تۈركىستاندا بىر ئىسلام ھۆكۈمەتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى روسىيە ۋە ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئىككى جاھانگىرنىڭ ئىمپىرىيالىزىملىق مەنفەئەتلەرىگە ئۇيغۇن چۈشمەيدۇر. شۇنىڭغا كۆرە، بۇ ئىككى ھەمسايە دەۋلەت بۇيەردە يىڭى قۇرۇلغان ئىسلام ھۆكۈمەتىگە چىش، تىرناقى بىلەن قارشى چىقتىلەر. يىڭى تۇغۇلغان، يىڭى

قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان دەۋلەتىنى يۆگەكىدە زەھەرلەش كويىغا چۈشتىلەر. بۇنىڭ ئۈچۈن قوللارىدىن كېلگەنلىكى ھىلە ـ نەيرەڭ، دىپلوماتىك چارەلەرنى قوللاندى. زەمانەۋى قوراللارنى، ئەسكەرلەرنى ئىشلەتتىلەر، تۈرلۈك مەئنەۋى قوراللار، پىروپاگاندا (تەشۋىقات) لارنى ئايىماي ئىشقا سالدىلەر، ئۇلار شۇنداق قىلىپ، ئۆزلەرىنىڭ رەزىل سىياسىي چەرخلەرىنى ئۇستالىق بىلەن ئايلاندۇرۇپ ـ ئايلاندۇرۇپ، ئاخىرى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنى بۆشۈكىدە بوغۇپ تاشلادىلەر.

گەرچە ئۇلار ئۆز مەنفەئەتلەرىگە ئېرىشكەندەك قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ بۇيرۇسا ھامان بىر كۈنى زەمان بۇ ئىشلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغۇچىدۇر.

تۇغار چوقۇم مەن ساڭا ۋەئدە قىلغان ئاشۇ كۈن
كىم بىلسۇن، ئۇ ئەتەدۇر ۋە يا ئاندىن يېقىندۇر

# رەئىس جۇمهۇر خوجانىياز ھاجىمنىڭ كاشغەرگە كېلىشى

ئۈشبۇ كۈنلەردە خوجانىياز ھاجىمنىڭ كاشغەرگە كېلەدۇرغانلىقى توغراسىدا خەبەرلەر تارقالدى. ھالبۇكى، بۇ كۈنلەردە خوجانىياز ھاجىم ۋە مەھمۇد سىجاڭلار ئاقسۇ ئەترافىدا قەرارگاھ قۇرۇپ تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. باش ۋەكىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەۋلەت كىشىلەرى ئۇلارنى كۈتۈۋالىش تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشتى. ئاز كۈندىن كېيىن رەمەزان ئايى كۈنلەرىنىڭ بىرىدە خوجا نىياز ھاجىم ئەۋۋەل ئاتۇشقا چۈشۈپ ئاندىن كاشغەرگە قەدەم باستى. باش ۋەكىل باشلىق ھەرقايىسى نازىرلار، مۇنەۋۋەرلەر، قۇماندانلار ئارتۇشقا بارىپ خوجا نىياز ھاجىملارنى كاتتا تەنتەنە ۋە دەبدەبەلەر بىلەن لايىقىدا قارشى ئالىپ كاشغەرگە ئالىپ كېلىپ ئورداغا چۈشۈردىلەر.

مەھمۇد سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ رەئىس جۇمهۇرنىڭ ئىزىدىن يەتىپ كېلىپ كاشغەردە توپلاندىلەر. خوجانىياز ھاجىم ۋە مەھمۇد سىجاڭ قوشۇنلارىنىڭ كاشغەرگە كېلگەنلىكىدىن پۈتۈن خەلق خۇرسەندلىككە چۆمۈپ، ئۇلارغا ئىتائەتكارلىق ئىفادەسىنى كۆرسەتتىلەر. ئوردادا تەكرار- تەكرار مەجلىسلەر بولدى. نىھايەت، ھەربىي كېڭەشتە يېڭى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش، تۇڭگانىنىڭ ئۇرۇغىنى قۇرۇتۇش قەرار قىلىندى. مەھمۇد سىجاڭ باش قۇماندانلىققا سايلاندى. قىرغىزلار، مۇھاجىر ئۆزبېكلەر، ئارتۇشلۇقلار، كاشغەردەكى مەۋجۇد كۈچلەر، خوجا نىياز ھاجىم بىلەن كېلگەن ئەسكەرلەر ۋە باشقالارنىڭ ھەربىرىنىڭ ھۇجۇم نوقتالارى بەلگىلەندى. يۇسۇفجان قۇماندانلىقىداكى ئۆزبېك ئەسكەرلەرگە بەلگىلەنگەن ھۇجۇم نوقتاسى يېڭى شەھەرگە يېقىن خىچىرچى دىگەن جاي بولدى.

بىز تەرەف باش قۇماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن سەف بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتۇق. تۇڭگانلار مۇدافەئە جەڭى قىلدىلەر. شەھەر قورشاۋغا ئالىنىپ خلى كۈچ كۆرسۈتۈلگەن بولسامۇ كۆپ ئۇنۇمى بولمادى. گاھىدا ئاتلارىغا ئوت- چۆپ يىغقالى قورغانىنىڭ سىرتىغا چىققان تۇڭگانلار تۇتۇۋالىنىپ سوراققا تارتىلسا، ئۇلار ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ راستىنى ئەيتماي، بىرنى ئون قىلىپ

كۆرسەتەر ئىدىلەر. خىلى بىر مەزگىل ئۆتكۈچە ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق دەۋام قىلدى. مانا شۇچاغلاردا كاشغەردە قۇرۇلغان خوتەن ئىدارەسىنىڭ باشلىقى، مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن بولغان سۇلتان بېك ئۇرۇشتا ياخشى كۈچ چىقاردى. ئۇ خوتەن ئىدارەسى (خوتەن ئىشلەرى باشقارماسى) قورۇسىدەكى چوڭ مەيدانغا ياغاچچىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئۇزۇن شوتالارنى ياساتىپ، توپلارنى تەييارلاتىپ ئومۇمىي ھۇجۇمگە ھازىرلىق كۆردى. باشقا قۇماندانلارمۇ ئۆز ئەھۋالىغا كۆرە، تۈرلۈك تەييارلىقلارنى قىلىپ ئۈلگۈردى. جەڭ دەۋام قىلماقتا، خەستەخانىنىڭ بىر تەرەفى ياردارلار بىلەن تولغان ئىدى. خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدىن ھىلال ئەھمەر ۋە خەستەخاناداكى خادىملارنىڭ ئايىغى يەر ئەسكىمەيتتى. ئەل-يۇرتتا ئۇمىد كۈچلۈك، بۈگۈن يا ئەتە تۇڭگانلارنىڭ ئىشى بىر تەرەف بولادۇر، دىگەن مۇستەھكەم ئىشەنچ بىلەن ھەممە ئادەم ھاياجانغا چۈمۈلگەندى. مۇھاسىرە سەفىگە يىقىن جايلار خەلق ئاممىسى بىلەن تولغان بولۇپ، خۇددى بىر سەيلەگاھقا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

# تۈڭگان كىلدى!

قىش پەسلى 2 ـ ئاي مەزگىللىرى ئىدى. ئاقسۇ تەرەپتىن تۈڭگان كىلىۋاتقۇدەكمىش، دىگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ گەپ راست بولۇپ چىقتى. كىلىۋاتقان تۈڭگانلارنى يىڭى شەھەردەكى تۈڭگانلار بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كىلەر يولىنى توسۇپ قالىش لازىم، دىپ خوجا نىياز ھاجىم باشلىق بىر بۆلۈك قۇماندانلار يولغا چىقتىلەر. خوتەن مۇجاھىدلەرىدىن ئەمىر نۇر ئەھمەدمۇ ئۇلارغا قاتىلدى. ئەمما مەھمۇد سىجاڭ ئۆز پوزىتسيەسىنى ساقلاپ شەھەرنى مۇھاسەرە قىلىپ تۇرۇۋەردى.

ئاقسۇ تەرەپتىن كىلگەن تۈڭگانلار بىلەن خوجا نىياز ھاجىم «چوكانيار» دىگەن جايدا ئۇچراشتى. ئىككى ئارادا ئۇرۇش باشلاندى. شۇ ئەسنادا تۈڭگانلارنىڭ بىر قىسمى يان تەرەپتىن كىلىپ مۇجاھىدلارنىڭ ئارقاسىدىن ئوراپ ئالدى. قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان مۇجاھىدلارنىڭ بەزىلەرى ۋەھىمگە چۈشۈپ ئارقاغا چىكىندى. بۇنى كۆرگەن باشقا مۇجاھىدلارمۇ پاراكەندە بولۇپ، «قاچ ـ قاچ» يۈز بىردى. خوجا نىياز ھاجىممۇ ئەسكەرلەرى بىلەن تەڭ مەيداندىن چىكىنىپ كاشغەرگە قايتىپ كىلدى.

خوجانىياز ھاجىم كاشغەردە ھىچ قانچە تۇرماستىن شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتىشكە تەييارلىق كۆردى ۋە باشقالارغىمۇ چىقىپ كەتىشكە بۇيرۇق بىردى. بۇ چاغدا خوتەن مۇجاھىدلەرىدىن ئەمىر ساھىب ئەسكەرلەرىنى ئالىپ يىڭى ھىسارغا كەتتى. خىلىدىن بىرى جابدۇقلارىنى تەقلەپ بارچە ئەسكەر، ئائىلەلەرىنى ئافغانىستانغا چىقىرىۋاتىش ئۈچۈن تاش قورغانغا ئۇزۇتۇپ، يىقىن يىگىتلەرى، ئەسكەرلەرى بىلەن بىر ئات، بىر قامچا بولۇپ تۇرغان يۇسۇفجاننىڭ ئادەملەرى ناماز ئەسىردىن كىيىن شەھەردىن چىقىشقا باشلادى. شۇ كۈنى شەھەر ئىچىدە ئاجايىب بىر ھالەت يۈز بىردى. دەۋلەت كىشلەرى باشلىق ھەممە ئادەم ئالاقزادەلىككە چۈشكەن، بولۇپمۇ بايلار، پۇلدار، تىجارەتچىلەردەكى قورقۇنچ، ئەندىشە ھەممەدىن زىيادە. چوڭ ـ كىچىك ئەسكەر، ئوفىتسىرلار شەھەردىن چىقىپ، ئەترافقا تاراپ كەتىشكەن. شەھەرگە كىرگەن بىر جانلىقنى كۆرگەلى بولمايتتى.

ئاخشامى باش ۋەكىل باشلىق ھەر قايسى يولداشلار ھىلال ئەھمەرگە يىغىلدۇق. ھەممەيلەن ئۆز فىكرىنى ئورتاغا قويدى. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ فىكرى رەئىس جۇمھۇرغا ئەگىشىپ شەھەردىن چىكىنىشكە مايىل ئىدى. باش ۋەكىل ماڭا قاراپ: «مۇسا ئەپەندىم، سىزنىڭچە قانداق قىلۇرمىز؟» دەدى. مەن: «مەنىڭ سۆزۈم بار، ئەمما بىز بۇ يەردە تالىشىۋاتقان مەسئەلەنى تۆپ ئەساسىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەممەمىز رەئىس جۇمھۇر بىلەن كۆرۈشكەن بولساق، تىخمۇ توغرا بولاتتى. ئەگەر ئۆزلەرى بۇنىڭغا قوشۇلغان بولسالا»، دەدىم. باش ۋەكىل سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ: «قىنى يۈرۈڭلار، خوجانىياز ھاجىمنىڭ ھۇزۇرىدا مەجلىسنى دەۋام قىلدۇرۇمىز»، دىپ يولغا چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەمىز بىرلىكتە خوجا نىياز ھاجىم تۇرۋاتقان خوتەن ئىدارەسىگە كىلدۇق. سابىت داموللام مەنى ھاجىمغا مۇستەشار (مەسلەھەتچى) لەرىمىزدىن بىرى بولادۇر، دىپ تونۇشتۇرغاندىن كيىن، ئۆزلەرىگە ئىككى كەلىمە سۆزى بار ئىكەن، دەدى. مەن سۆزلەشكە باشلادىم: غازى ئاتا! كاشغەر شەھرى بەك قيىنچىلىقتا، ئاز بولماغان قانلار تۆكۈلۈپ قولغا كىلگەنلىكى ھەممەمىزگە مەئلۇمدۇر. بۇگۈن بىزلەر دۈشمەنىمىز تۆڭگاندىن مەغلۇب بولغانىمىز يوق. پەقەت خەلقىنىڭ ۋەھمىگە چۈشۈشى ۋە بىر بۆلۈك ئەسكەرلەرنىڭ پەرىشانلىقى سەبەبلىك دەۋلەت كىشىلەرىنىڭ كاشغەردىن چىكىنىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەستۇر. پادىشاھلارنىڭ بەختى تەختىدۇر. پادىشاھلارنىڭ مەزارى تەختىدۇرلەر، بىر پادىشاھنىڭ ھەياتى تەختىدە بولغاندەك، مەماتى ھەم تەختىدەدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلەرى ئىلتىفات قىلىپ ئورداغا كىرىپ ئۆزجايلارىدا ئولتۇرسىلا ھەممە خەلق قايتادۇر. ئەسكەرى (ھەربىي) ۋە كىشۋەرى (مۇلكىي) بولسۇن ھەممە خىزمەتچىلەر، مەئمۇرلەر جاي ـ جايىغا قايتىشىدۇر. مالىييە نازىرى ئەلى ئاخۇن باي ھازىر سەفەردە بولغاچقا ئورنىدا ۋەزىيفە ئۆتەپ تۇرماقتامەن. مالىييە نەزارەتى قارماقىدەكى خەزىينەلەرنىڭ ئاچقۇسى مەندەدۇر. پۇللەر، رىگ (كىپەك) ئالتۇنلار ۋە باشقا نەرسەلەر پولات ساندۇقلاردا ساقلانماقدادۇر. بۇ خەزىنەنى تاشلاپ، ئوردانى بىكار قىلىپ، شەھەرنى بوشۇتۇپ، مەملەكەتنى دۈشمەنگە تاشلاپ بىرىپ يۈرتتىن چىقىپ كەتىشىمىزگە خالىق ھەم رازى ئەمەس، مەخلۇق ھەم رازى ئەمەس. ئىلتىپات قىلىپ بۇيرۇق بىرسەلەر، ھەممەيلەن شەھەرگە كىرسە، بۇ مەجلىستە ئولتۇرغانلار باش بولۇپ ئورداغا كىرسەك، دەدىم. ھەمدە رەئىس جۇمھۇر غازى ئاتادىن ئىجازەت ئالغاندىن كيىن مۇنداق بىر ھكايەتنى بەيان

قىلىپ ئۆتتۇم. ئۆز زەمانىدا رىم ئىمپىراتورلەرىدىن يوستىنىئانىس دۈشمەنلەرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالىپ، قۇتۇلۇپ قىلىشقا كۆزى يەتمەي، تەختىنى تاشلاپ قاچىشقا تەييارلانادۇر. بۇ چاغدا خاتۇنى تىيودور ئۇنىڭغا شۇنداق دەيدۇ: «ئەي پادىشاهىم! بىز قاچمايلى، ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغانغا قەدەر دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشايلى، بىز ئۆلگەندىن كىيىن دۈشمەن كىلىپ شەهەرنى ئالسۇن». يوستىنىئانىس خاتۇنىنىڭ بۇ گەپىنى قەبۇل قىلماي: «ئۇنداق قىلساق تۇگۇشۇرمىز، ئۆزىمىزنى هەلاكەتكە تاشلىماي قاچىپ قۇتۇلايلى» دەپتۇ. مەلىكە تىيودور ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا پەقەت سىزلا قىيافەتىڭىزنى ئۆزگەرتىپ شەهەردىن چىقىپ كەتىڭ، بۇنى هىچكىم بىلمەسۇن، تەختىنى ماڭا تاپشۇرۇڭ» دەپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا كۆنۈپ مەلىكە دىگەن دەك قىلىپتۇر. مەلىكە تىيودور ئەركەك قىيافەتىدە ياسانىپ قوشۇنغا رەهبەرلىك قىلىپ: «جەڭچىلەرىم! بالالارىم! بۇگۇن يا ئۆلۇم يا زەپەر كۇنى، قىنى غەيرەت قىلىڭلار» دىپ دۈشمەنگە قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك هۇجۇمغا ئۆتۇپتۇ. ئۆلگەن ئۆلۇپ، قالغان قالىپ، ئاخىرى دۈشمەن قوشۇنى ئۇستىدىن غالىب كىلىپ، يۇرتنى دۈشمەندىن ئازات قىلىپتۇ. بۇ خۇشخەبەرنى ئاڭلاغان يوستىنىئانىس قاچقان يەرىدىن قايتىپ كىلىپ شاهلىق تەختىگە قايتا ئولتۇرۇپتۇ. غازى ئاتا! تارىختا بۇنداق ئىشلار، ۋاقىئەلەر كۆپ ئۆتكەندۇر. هىچگەپ يوق. تىخى هەممە ئىش قوللارىدا، قايتىپ شەهەرگە كىرەيلى، قالغان ئىلتىفات ئۆزلەرىدە، دەدىم. بۇ چاغدا سابىت داموللام ياقىملىق، مۇلايىم ئاۋازى بىلەن پەقىرنىڭ سۆزلەرىنى قۇۋۋەتلەپ ئۈچ - تۆت جۈملە قىسقا سۆز قىلدى. بۇ گەپ بىلەن خوجا نىياز هاجىم باشلىق هەممەيلەن تەڭ ئورۇنلارىدىن تۇردىلەر. هەركىم ئۆز ئاتىغا مىنىپ شەهەرگە، ئورداغا قاراپ راۋان بولدى. رەئىس جۇمهۇر باش ۋەكىلگە مالىييەدەكى پۇللارنى، خەزىنەدەكى ئالتۇن، هۆججەتلەرنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. باش ۋەكىل ماڭا بۇيرۇق قىلدى. مەن شىكاپ، پولات ساندۇقلارنى ئاچىپ، ئۇلارداكى قەغەز پۇل، رىگ ئالتۇنلار ۋە هۆججەتلەرنى باش ۋەكىلگە تاپشۇردۇم. ئارىدىن بىر - ئىككى سائەت ئۆتكەندە بىر ئىش بىلەن هىلال ئەهمەرگە كىلدىم. يول ئۇستىدە مەهمۇد سىجاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلەرىنىڭ يىڭى شەهەر مۇهاسەرەسىدىن قايتىپ تىزلىكتە ئورداغا كىرىپ كەتۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. مەن بۇ چاغدا پىشنهاد (تەكلىف) بىمنىڭ قوللاشقا ئېرىشكەنلىكىدىن سۆيۇنگەن هالدا شەهەردىن چىقتىم.

مەن كەيفىم چاغ هالدا خەستەخانا ئىشلەرىنى رەتكە سالىپ، ئەرتەكى

ئىشلار ھەققىدە خادىملارغا يوليورۇق بېرىۋەتكەندىن كېيىن، مۇنەۋۋەرلەر، باش ۋەكىل، بىر بۆلۈك نازىرلار بىلەن ھىلال ئەھمەرگە توپلاندۇق. بۇ چاغدا خوجا نىياز ھاجىمنىڭ قوشۇنلارنى ئالىپ شەھەردىن چىكىنمەكچى بولغانلىقى توغراسىدا خەبەر كىلدى. بۇ سوغۇق خەبەر ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. بۇنى ئاڭلاغان باش ۋەكىل دەرھال خوجا نىياز ھاجىم بىلەن كۆرۈشكەلى ئورداغا كەتكەندىن كىيىن بىر ئاز ئۆتۈپ قايتىپ كىلدى ۋە بىزنى كۆرگەن ھامان باشنى ئويناتىپ «خوجا نىياز ھاجىم ئەگەر يۈسۈفجان باشلىق ئۆزبېك ئەسكەرلەر شەھەر ئىچىدە تۇرماسا بىزمۇ شەھەردە تۇرمايمىز، دىپ گەپنى كەستى ھەم ئەمەلىيەتتەمۇ ئوردانى تاشلاپ شەھەردىن چىقىشقا باشلادىلەر» دىپ سۆزىنى تۈگەتتى.

ئەمەلىيەتتە، دۇنيادىكى ئاغىر مۇسىبەتلەردىن بىرى قوشۇننىڭ ئىتائەتسىزلىكىدۇر. بۇ ھال باش كۆتەردىمۇ، ھەرقانداق ھۆكۈمەت مەغلۇپ بولۇشقا مەھكۇمدۇر. مەسەلەن: ناپالىيون بوناپارت، ۋىلھېلىم **II**، مۇرادخان **II**، ياۋۇز سۇلتان سەلىمخان، نىكولاي **II** ۋە باشقا پادىشاھلار سەردار، ئەسكەرلەرنىڭ ئىتائەتسىزلىكىدىن فاجىئەلىك ئاقىبەتكە يولۇققان. تارىختا ئەسكەرلەرگە ئىشانىپ ئالدانغان ۋە ھۆكمدارلىقتىن ئايرىلغان دەۋلەتلەر كۆپ بولغاندۇر. خۇسۇسەن بىزنىڭ زەمانىمىزدەك ئىشەنچسىزلىك زەمانىدا.

شۇندىن كىيىن ھىچكىم ھىچكىمنى تۇتمادى، ھەركىم ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ قالايمىقانچىلىق باشلاندى. خەلق توپ ـ توپ بولۇپ شەھەردىن چىقىپ باشى چۇشكەن تەرەفكە كەتىشمەكتە، ھەممە يەردە ۋەھىم، قورقۇنچ، دەككە ـ دۈككە ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇ چاغدا باش ۋەكىل ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلەرى ۋە باشقا كىشىلەر ھىلال ئەھمەرگە توپلاندىلەر.

باش ۋەكىل: «ھەممە باشقا ئەگىشىدۇر، ئەمدى باش كەتىپ قالغان ئىكەن، بىزمۇ ھازىرلانايلى» دەدى ۋە ماڭا قاراپ: «ئەپەندىم! ھازىرمۇسىز؟» دەدى. مەن جەۋابەن : «مەزارىمىز كاشغەردە قالادۇر دىپ ئويلاپ باشقا تۈرلۈك ھازىرلىق كۆرمەگەندىم» دەدىم. سابىت داموللام: «ئاتلەرى قەيەردە؟» دەدى. مەن: «ئاتىم يوق، قاچىشكە ھازىرلىقمۇ يوق، تەقسىر، مەن ھىلال ئەھمەردە ئاغرىقلارغا قاراپ تۇرامەن» دەدىم. سابىت داموللام: «ياق، ئەپەندىم، بۇرۇنقى چاغلار كەتتى. ئەگەر كاشغەردە قالساڭىز، دۇشمەنلەر گۆشىڭىزنى ئامبۇر بىلەن پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلاپ، تۈرلۈك ئەزابلارغا گىرىپتار قىلادۇرلەر. قىنى دەرھال ھازىر بولۇڭ، بىز سىزنى تاشلاپ كەتكەيمىز، بىزنى مۇنتەزىر

قىلماق، ۋەقت قىس» دەدى. مەن: «نىمە ئۈچۈن؟» دەدىم. سابىت داموللام: «سىياسەتكە ئارالاشقانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئەپەندىم، بۈنى شۈنچەلىك دەسەم بولار، ھىلال ئەھمەرنىڭ بوز ئاتنى سىز ئىشلەتىڭ، خادىملەرىڭىز مىنىدىغان ئاتنى خوتەن ئىدارەسى تەقلەپ بىرسۈن» دىپ بۈيرۈق بىردى. مەن ئاتلىق شەھەر ئىچىگە كىرىپ مۈھتەرەم ئانام، بالا- چاقام، ئۈرۈق - تۈققانلەرىم بىلەن خوشلۈشۈپ چىقتىم. بۈ بامداتقا ئەزان ئوقۈلغان چاغ بولۈپ شەھەرگە كىرىپ چىققۈچە بىرەر جانلىق گەۋدەنى كۆرمەدىم. ھىلال ئەھمەرگە يەتىپ كىلسەم، دەۋلەت رەھبەرلەرى ئات ئۈستىدە مەنى كۈتۈپ تۈرۈشقان ئىكەنلەر. ھەممەيلەن تەڭلا ئاتلارىمىزغا قامچا ئۈرۈشتۈق. شۈنداق قىلىپ كاشغەر شەھرىدىن ئايرىلدۈق. بۈ كۈنى خۈددى مەھشەر كۈنىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. كەڭ كەتكەن سەھرادا ھەممە ئادەم بىر خىل جىددىيلىك، ئالاقزادەلىك ئىچىدە قالغان ئىدى. ئوغۈل ئاتاغا، قىز ئاناغا باقماس ئىدى، ھەممەنىڭ بىردىنبىر ئىستەكى تىزراق كاشغەردىن ئۈزاقلاشماقتۈر. ھەرگىز ئارقاغا قارايدۈرغان ئىش يوق. خەلق شەھەردىن خىلى يىراقلاپ كەتكەن ئىدى. ئاتلىق، پىيادە ھەممە ئادەم ئۆز دەردىدە، ئۆز ھالى بىلەن ئاۋارە، بەئزى كىشلەر ئىككى - ئىككىدىن بولۈپ دەرتلەشكەچ، يوللارىغا راۋان بولۈشماقتا. شۈنىڭدەك، مەنمۇ ئۆزۈم بىلەن ئاۋارە ھالدا كەتىۋاتاتتىم. توساتتىن قۇلاقىمغا مۈڭلۈق بىر ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋاز كىلگەن تەرەفكە يىقىنلاپ كىلىپ قاراسام، بۈ ياقىملىق نەقشەنى بىر ياش يىگىت ئوقۈپ كەتىۋاتقان ئىكەن. بىز يىقىنلاشقاندىن كىيىن سالاملاشتۈق. قاراغاندا بۈ چىرايلىق يىگىت دارۈلمۈئەللىمىين ئوقۈغۈچىلەرىدىن بىرىدەك قىلاتتى. بىز بىر بىرىمىزگە مەئنالىق قاراشىپ قويدۈق. مەن بۈ يىگىتنىڭ كۆڭۈل ئاۋۈندۈرۈپ ئوقۈغان بۈ نەقشەسىگە ئافەرىنلەر ئوقۈدۈم ۋە يىگىتتىن باياقى نەقشەنى قايتا ئوقۈپ بىرىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ ئوقۈشقا باشلادى:

مەن تۈغۈلۈپ ئويناپ ئۆسكەن
ئەزىز ۋەتەن يۈرتۈم قالدى
ياپ - يىشىللىق، كۈن كۆرۈنمەس
جەننەت كەبى باغلار قالدى
بەزم ئەيلەبان مەشرەب قۈرۈپ
سازلەر چالىب داپلەر ئۈرۈپ

سىمىز ـ سىمىز قويلەر سويۇپ
ئىشرەت قىلغان باغلار قالدى

ئۇ بۇلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: «ئۆتكۈر بىر شائىرنىڭ شېئىرلەرىدىن ئىدى» دېپ قويىدى. مەن ئۇنىڭغا تەشەككۇر، تەھسىنلەر ئەيتقاندىن كېيىن، «شۇنداق بولدى، قالدى، ھەممە نەرسە قالدى» دەدىمدە نامىق كەمالنىڭ مۇنۇ مىسرائىلەرىنى پىچىرلادىم:

ۋەتەننى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ تۇرۇپ
مىللەتكە زەھەرنى ئىچۈرۈپ تۇرۇپ
نوچى ئىش قىلدۇق، دېپ يۈردۇق لاپ ئۇرۇپ
ئويلايلى چوڭقۇرراق، نىمە قىلدۇق بىز؟
ئىمانغا لايىقمۇ ئۇشبۇ ئىشىمىز؟

ھەركىم ئۆز ھالى، ئۆز فىكرى بىلەن بولۇپ، يولغا كەتىشۋاتماقتا. بىزمۇ ھەم يۈرۈپ ـ يۈرۈپ بىر يەرگە كىلگەندە توختاپ ئارام ئالماقچى بولدۇق. بۇچاغدا سابىت داموللام، خوجا نىياز ھاجىملار ھەمراھلەرى بىلەن بىزگە يېقىن يەردەكى يول تۆپىدە توپ ـ توپ بولۇپ چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن. بىزمۇ بارىپ ئۇلارنىڭ ئاراسىغا چۆكتۇق. ئورتاغا گۇلخان ياقىلىپ، ھەممەيلەن گۇلخاننى چۆرىدېپ ئولتۇرۇشتۇق. قىشلاق بەگى كىلتۈرگەن نان تەككەنگە بىر بۇرادىن تەگدى، تەگمەگەنگە يوق بولدى. شۇ ئەسنادا سابىت داموللام ماڭا قاراغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا: «داموللا ھاجىم! بۇ چاي تاتلىقمىكەن ياكى كاشغەر ئورداداكى ساماۋەردە قايناپ تۇرغان تاشكەنتچە چاي تاتلىقمىكەن؟» دەدىم. داموللام بۇ گەپىمگە جەۋابەن: «ھازىر گەپ ۋەقتى ئەمەس، قىنى ماڭايلى» دېپ يولغا چۈشتى. خوجا نىياز ھاجىم كاشغەردىن چىكىنگەندىن كېيىن ئەگەشكۈچىلەرىنى باشلاپ، ئەركەشتام تەرەفكە كەتتى. يۈسۈپ جان بولسا بىر قىشلاقتا قەرارگاھ قۇردى. سابىت داموللامنىڭ باشچىلىقىدا بىر بۆلۈك ھۆكۇمەت ئەئزالەرى، دەۋلەت كىشىلەرى، ئىستىقلال جەمئىيەتىنىڭ بىر بۆلۈك ئەئزالەرى يېڭى ھىسارغا توپلاندىلەر، قەلئە ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىندا مۇھاجىر ئۆزبېكلەردىن كەرىمجان قۇرباشى ۋە ئارىف خوجالارنىڭ ئەسكەرلەرى بىلەن يېڭى ھىساردا تۇرۇشى قەرار قىلىندى[40]. كەمىنە ئاجىز بەندە

40 ـ باش ۋەكىل باشلىق خوتەن مۇجاھىدلەرى ھەمىشە ئوزبېك مۇجاھىدلەرنى قوللاپ، ھەرقانداق ئىشتا ئۇلارغا تايىناتتى، ئىشەنچ قىلاتتى. دەۋلەت قۇرۇلۇشىدىن بۇرۇنقى ۋە كېينكى بىر قاتار ئىشلارمۇ بۇنىڭ ياخشى دەلىلىدۇر. باش ۋەكىل دائىم ئوزبېك ئەسكەرلەر بىلەن باشقا ئەسكەرلەر ئاراسىدا ئايرىمچىلىق بولماسلىقنى تەشەببۇس قىلاتتى.

بىلەن قازى ئەسكەر موللا مۇھەممەدجان ئاخۇن ئۇشىي ئىككىمىز سابىت داموللامىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاخشام نامازدىن كېيىن ئاتلىنىپ يۇسۇفجاننىڭ قەرارگاھىغا باردۇق. بىز يەتىپ بارغاندا يۇسۇفجان كەنجى مىڭباشىنى ھىلىلا ئۇ دۇنياغا يوللاپ تۇرغان ئىكەنلەر[41]. يۇسۇفجانغا سابىت داموللامىنىڭ سالامىنى يەتكۈزدۇق ۋە ئۇنىڭغا: سابىت داموللام بارلىق ئەسكەرىي كۈچنىڭ يېڭى ھىساردا توپلانىشى لازىم ئىكەنلىكى ھەمدە ھەممەيلەن ئۆم- ئىناق ھالدا مەسلەھەت - كېڭەش بىلەن ئىش كۆرۈلسە تىخمۇ فائىدەلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ تۆت قۇرباشىنى ئەسكەرلەرى بىلەن يېڭى ھىسارغا كېلىشكە تەكلىف قىلىپ، بىزلەرنى ئېبەردى، دەدۇق. يۇسۇفجان: «مەن ئەتە بارامەن، ئەمما ئارىق خوجا بىلەن كەرىمجانلار يىگىتلەرىنى ئالىپ سىزلەر بىلەن تەڭ كىچەلەپ يولغا چىقسۇن» دەدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەمىز بىرلىكتە يېڭى ھىسارغا كىلدۇق. ئەرتەسى يۇسۇفجانمۇ ئەسكەرلەرى بىلەن يەتىپ كىلدى. بۇ ئارادا تۆت تامغا چاچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەر بىر- بىرلەپ كىلىپ يېڭى ھىسارغا توپلانىشقا باشلادى. مۇشۇ كۈنلەردە يېڭى ھىسار قەلئەسى ئىچىدە بىر يىغىن ئاچىلدى. يىغىنغا ئۆزبېك، قىرغىز قۇماندانلارى، ئارتۇش، كاشغەرنىڭ تېڭجاڭلارى، خوتەن مۇجاھىدلارى ۋە باشقا ھۆكۈمەت خادىملارى قاتناشتىلەر. سابىت داموللام يىغىندا سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە كاشغەرنى بىكاردىن - بىكار تاشلاپ چىققانلىقىمىزنىڭ خاتا بولغانلىقىنى، كاشغەرگە كىرگەن تۇڭگانلارنىڭ ئاز مىقداردا ئىكەنلىكىنى، ئەمدى يەنە يېڭى باشتىن ھەممە بىرلىكتە كاشغەرگە ئوموميي ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈشىمىز كەرەكلىكىنى بەيان قىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قاتار مۇزاكەرەلەر بولغاندىن كېيىن ئاخىرى ھەممەنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەن كاشغەرگە ئومومىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشقا قەرار قىلىندى. شۇ ئاينىڭ ئاياغلارىدا كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىش مەقسەدى بىلەن دەۋلەت رەھبەرلەرى ۋە قۇماندانلار يېڭى ھىساردىن يولغا چىقىپ كاشغەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىلەر. كەمىنە بۇ چاغدا ئاغرىپ قالغانلىقىمدىن خەستەخانادا قالدىم. شۇنداقتامۇ ماڭا يەنە ۋەزىيفە يۈكلەندى. ئۇ بولسامۇ مەجدۇددىن بەگنى كۈتۈۋالىش ۋەزىيفەسى ئىدى. مەجدۇددىن بەگ كىلدى. ئافغانچە كېيىنگەن ئىدى. بىر سارايغا ئورۇنلاشتى. تۈنجى بولۇپ مەن كۆرۈشتۈم. كۆرۈشۈشتە ئۇ بىرىنچى

41- كەنجى مىڭباشى: مۇھاجىرلاردىن بولغان بۇ كىشى شۇ چاغدا يارباشىدا مىڭباشىلىق ۋەزىفەسىدە ئىدى. قانداقتۇر بىر تۇپەيىل بىلەن يۇسۇفجان ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

قىلىپ ياپونىيەگە ئەلچى ئەۋەتىلگەن، ئەۋەتىلمەگەنلىكىنى، ئاندىن كېيىن، دۆلەتىمىزنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقەلىرىنىڭ، بولۇپمۇ روسىيە، ئەنگلىيەلەرنىڭ بىزگە تۇتقان پوزىتسىيەلىرىنىڭ قانداقلىقىنى، ئافغانىستاننىڭ دۆلىتىمىزگە ياردەم بېرىش ئەھۋاللىرى ۋە باشقا ئىچكى ئىشلار توغراسىدا بىر قاتار سوئاللارنى سورادى. بۇلارغا بىلگەنلىرىم بويىچە تەفسىلىي جەۋاب بەردىم. بىز باشقا مەزمۇنلاردىمۇ خېلى كۆپ سۆھبەتلەشتۇق. ئۇنىڭ كۈتۈنۈش ئىشلىرى ئۇرۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قەلئە ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئەمىر ساھىبىنىڭ ھۇزۇرىغا بىللە كىلدۇق. زىيارەتتىن كېيىن مەجدۇدىن بەگ ئارامگاھىغا قايتتى. شۇندىن كېيىن كەچقۇرۇن پەيتلىرىدە پات - پات كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشىپ تۇرادۇرغان بولدۇق[42]. كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىنغۇچە يېڭى ھىساردىكى بوش ۋەقتتىن ياخشى فائىدەلانىش غەرەزىدە بولسا كېرەك، مەجدۇددىن بەگ خوجانىياز ھاجىم بىلەن ئۇچرۇشۇش ئارزۇسى بارلىقىنى ئەيتىپ يېڭى ھىساردىن ئايرىلدى. ئارادىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندە سابىت داموللام، زەرىيف قارى ھاجىم، ئەبدۇللاھ خانىي، مەھمۇد نەدىم بېك، يۇسۇفجان، سۇلتانبېك، زەينۇددىن كارۋان ۋە باشقا قۇماندانلار ھەمدە پاتپاراق بولۇپ كەتكەن، روھى چۈشكۈن ئەسكەرلەر بىردىن - ئىككىدىن يېڭى ھىسارغا كىلىشكە باشلادىلەر. بۇ ھالنىڭ سەبەبىنى بىلدۇقكى شەھەرگە قىلىنغان ھۇجۇم ئۇنۇم بىرمەپتۇر.

42- دوختۇر مەجدۇددىن بېك تاشكەنتلىك، ياۋرۇپادا ئوقۇغان، «ياش تۈركىستان» مەجمۇئەسىنىڭ مۇخبىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، كەسكىن، باتۇرلۇقى بىلەن ئىككىنچىسى تاپىلماس بىرىيگىت ئىدى. ھازىر ئىستانبۇلدا چىقادۇرغان «يېڭى تۈركىستان» مەجمۇئەسىنىڭ باش مۇدىرىدۇر.

# كاشغەرگە ھۇجۇم

يۇقارىدا دىيىپ ئۆتۈلگەندەك، دەۋلەت چوڭلارى، قۇماندانلار قوشۇننى باشلاپ، يىڭى ھىساردىن چىقىپ كاشغەرگە يىقىنلاپ كىلگەندىن كىيىن مۇناسىپ بىر جاينى تاللاپ قەرارگاھ قۇردىلەر. قوشۇن بۇ يەردە ھاردۇق ئالىپ، ھۇجۇمغا تەييارلىق كۆردى. ئەرتەسى سەھەر پەيتىدە پۈتكۈل قوشۇنغا كاشغەرگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى بىرىلدى. سابىت داموللام باشلىق بىر بۆلۈك دەۋلەت كىشىلەرى قەرارگاھتا تۇرۇپ جەڭ ئەھۋالىنى كۈزەتىپ، يىتەكچىلىك قىلىپ تۇردىلەر. بۇ قاتىمقى ھۇجۇمغا ئىشتىراك ئەتكەنلەرنىڭ يۈزدە توقسان پىرسەنتىنى ئۆزبېك مۇجاھىد يىگىتلەرى تەشكىل قىلغان ئىدىلەر. بامدات نامازى پەيتىدە مۇجاھىدلەر تۆت تەرەفتىن تەكبىرلا (الله اكبر) بىلەن ئۇران توۋلاغان ھالدا ئات چاپتۇرۇپ شەھەرگە كىردىلەر. ئۇلار كۆزگە كۆرۈنگەنلا تۇڭگان ئەسكەرلەرى ۋە ساقچىلەرىنى ئۆلتۈرۈپ ماڭدىلەر، ئەسىر ئالدىلەر. ئوردا قورشاۋغا ئالىندى. شەھەرنىڭ تۆت ئەترافى مۇجاھىدلارنىڭ كانتروللىقى ئاستىغا ئۆتتى. خەلقمۇ مۇجاھىدلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ چاغدا يامۇلدا قورشاۋدا قالغان تۇڭگانلار يىڭى شەھەردىن تىلفۇن ئارقالىق ياردەم سورادى. دەل شۇ پەيتتە يىڭى شەھەردىن كىلگەن تۇڭگان ئەسكەرلەرى تۆشۈك دەرۋازا تەرەفدىن كىلىپ، بىر بۆلۈكلەرى سىپىل ئۇستىدىن، يەنە بىر بۆلۈكلەرى سىپىل تاشقارىسىدىن يارباغ دەرۋازىغا قاراپ سۈرۈلدىلەر. ئۇلار كارنايلارنى چالىشىپ، بەس- بەس بىلەن مۇجاھىدلارغا ھۇجۇم قىلدىلەر. بۇنى كۆرگەن يۇسۇفجان شەھەرگە كىرىشنى توختاتىپ سىپىلنىڭ تاشقارىسىدا مۇدافەئەدە تۇردىلەر. شەھەرنىڭ ئىچىدەكى مۇجاھىدلار دۈشمەنگە يىڭى شەھەردىن ياردەم كىلگەننى بىلىپ، يامۇل ئىچىدەكى تۇڭگانلار بىلەن تاشقارىدىن كىلگەن ئىككى تۇڭگان قوشۇنى ئاراسىدا قالمايلى دىيىپ ئارقاغا چىكىنىپ يارباغ دەرۋازاسىنىڭ سىرتىغا چىقىشقا باشلادىلەر.

شۇ ئەسنادا تۆشۈك دەرۋازا تەرەفدىن كىلگەن تۇڭگانلار سىپىلنىڭ ئاستىدىن ھەم ئۇستىدىن كىلىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلادىلەر[43].

43- ماسكاۋ - ئۈرۈمچى سۆھبەتى بويىچە ئۈرۈمچى ھۆكۈمەتى تۇڭگانلارغا تاپانچا، مىلتىق، ئوق - دورا قاتارلىقلارنى ئۆكسۈتمەي يەتكۈزۈپ بىرىپ تۇرغان. نەتىجەدە خىتايلارنىڭ تۇڭگانلارنىڭ قولى بىلەن تۈركلەرنى يوقۇتۇش رەزىل پىلانى ئۇتۇقلۇق ئىشقا ئاشقان.

يارباغ دەرۋازىسىدىن سىرتقا چىكىنگەن مۇجاھىدلار تاشقارىغا چىقىپ جانلارنى قۇتقازدى. چىقالماي قالغانلار سىپىلغا يامىشىۋاتقاندا سىپىل ئۈستىدەكى تۇڭگانلارنىڭ ئوقىغا تۇتۇلدىلەر، بۇلار نائىلاج سىپىلنىڭ ئاستىدەكى يولدىن يۈرۈپ يەنە شەھەر ئىچىگە قايتىپ كىردىلەر. ئۇلار شەھەر ئىچىدەكى كاتتا بىر ھويلاغا جايلاشىپ ئالىپ تۇرۇپ تۇڭگانلارغا دەۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. تۇڭگانلارمۇ بارغانچە قىستاپ كىلىپ ئۇلار تۇرغان ھويلانى تۆت تەرەفتىن مۇھاسەرەگە ئالدىلەر. بۇ مۇجاھىدلارنىڭ ئىچىدە ئۆتكەن بۆلۈملەردە زىكرى كەچكەن ئادىل بېكمۇ بار ئىدى. ئادىل بېكنىڭ ئاتى يوغان، بويى ئىگىز بولۇپ، بىر تار كوچادىن ئۆتكۈچە ئاتنى بىر تەرەفكە بۇراپ تۇرۇپ ئۆزىنى تامغا ئالىۋالىپ ئاتنى ئۆز ھالىغا قويىۋىتىپ، ئۆزى تامىمۇ- تام ئاتلاپ يۈرۈپ، شەھەردىن مىڭ بىر ئىلاج بىلەن قاچىپ چىققان ئىدى.

مۇھاسەرەدەكى يىگىتلەر كىچەيۇ - كۈندۈز تۇڭگان بىلەن ئاتىشىپ تۇردىلەر، ئەمما شۇنداقتامۇ ئوق- دورالارنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلەتىپ ئىسراف قىلماي ساقلادىلەر. ھىلىگەر تۇڭگانلاردىن بۇلارغا ئەلچى كىلدى. ئۇلار مۇجاھىدلارنىڭ ئۆزلەرىگە ۋەكىل چىقارتىشنى تەلەب قىلدىلەر. قازى ئەسكەر موللا مۇھەممەدجان ئاخۇن ۋەكىل بولۇپ تۇڭگانلار بىلەن مۇزاكەرە ئالىپ باردىلەر. مۇزاكەرەدە ئىككى تەرەفنىڭ مۇسۇلمان تۇرۇپ ئۇرۇشقانى ياخشى بولمادى، شۇڭا سۈلھ قىلايلى، دىگەن فىكرگە كىلىندى. ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا مۇجاھىدلارنىڭ ئازۇق- ئەۋقات، ئوق- دورالارى تۈگەپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا فائىدەلىك سۈلھ بولسا ئۇلارمۇ سۈلھكە رازى ئىدىلەر. بۇ سۈلھ بويىچە مۇجاھىدلار قوراللارنى تاپشۇرسا، ئۇلارغا ئەمانلىق بىرىلەدۇرغان، بولدى. تۇڭگانلار بۇ ۋەئدەلەرىنىڭ راستلىقى ئۈچۈن قۇرئاننى سۆيۈپ تۇرۇپ قەسەملەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا تامغالەرىنى باستىلەر. بىچارە مۇجاھىدلەر تۇڭگانلارنىڭ ئىچكەن قەسەملەرىگە، تۇتقان ۋە تامغالاغان قۇرئانلارىغا ئىشانىپ تەسلىم بولدىلەر. خائىن تۇڭگانلار تەرەفدىن دەرھال **75** كىشىنىڭ قورالى تارتىپ ئالىندى. قورالى تارتىۋالىنغان بۇ كىشىلەرنى تۆتتىن - تۆتتىن قىلىپ، ئەسىرلەر سىفەتىدە خەلققە كۆرسۈتۈپ يامۇلغا ئالىپ كىرىپ بىر ئۆيگە قاماپ قويدىلەر. ئۆينىڭ تارلىقىدىن ناماز ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىرتقا چىققالى بولماغاچقا ھەممەلەرى تەيەممۇم قىلىپ بىر- بىرىسىنىڭ ئارقاسىغا سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇشتىلەر. ھەممە ئىشتا خيانەتكارلىقى ئىسباتلانىپ كىلىۋاتقان تۇڭگان

قوماندانى قازى ئەسكەرنى بوشۇتۇپ ئالىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا: «ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرامىز، سىز بارىپ سابىت داموللام بىلەن كۆرۈشۈپ فىكرىنى ئالىپ كېلىڭ»، دىپ سابىت داموللامنىڭ ئالدىغا ئېبەردى. قالغان يەتمىش بەش مۇجاھىدنى بولسا شۇ كىچەسى تۈتلەپ، بەشلەپ سوراقلا چاقىرغان بولۇپ، ھەممەسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلادى.

«بىز ئەلبەتتە اللە نىڭ ئىگىدارچىلىقىدامىز، چوقۇم اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتامىز» (بەقەرە سۈرەسى، **156** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

# كاشغەردە قەتلىئام

ئەرتەسى كاشغەر شەھرىنىڭ ئىچى ۋە تاشقاراسىدا تۇڭگانلار تەرەفىدىن قەتلىئام يۈرگۈزۈلدى. ۋەھشىي تۇڭگانلارنىڭ قولى بىلەن خەلقىنىڭ مال ـ مۈلك، ئۆي ـ ۋاق، دۇككان ـ سارايلەرى ئاغىر دەرەجەدە تالان ـ تاراج قىلىندى. بۇ تۇڭگانلار توپ ـ توپ ھالدا ئۇچۇپ كىلىپ بىر باغقا چۇشۇپ، ئۇندەكى دەرەختلەر، ئىكىنلەرنى بىر دەمدە يالماپ يۇتقان ئاچ چىكەتكەلەردەك كاشغەرنى شۇنداق خاراب قىلدىكى، كۆزگە كۆرۈنگەنلا نەرسەنى ساق قويمادى. شۇ كۈنى تۇڭگانلارنىڭ قولىدا ئۆلگەن مەزلۇم بىۋە، بىچارە، يەتىم ئوغۇل، تۇل خاتۇن ۋە باشقالار ئىككى مىڭدىن ئاشىپ كەتتى. مانا بۇ «قەتلىئام» كۈنى تارىختاكى مەرسىيە يازىلىشقا تىگىشلىك بىر كۈن بولۇپ قالدى. بۇ كۈن شۇنداق بىر كۈن بولدىكى، ھەر ئۆي شۇ ئۆي ئەھلىگە قەبرىستان بولدىلەر، ھەر ئائىلە ئەئزالەرى ئۆز ئۆيلەرىدە ئۆز قانىغا بويالدىلەر. بۇ كۈندە تۇڭگانلار قولىدا ئىشقا ئاشقان ۋەھشىيلىكتىن گۆدەكلەر قىرىپ، قارا ساقاللار ئاقىرىپ كەتتى. قەتلىئامدىن كىيىن قەيىن ئىنىم روزى ئاخۇن شەھەر ئىچىدىن چىقىشتا ئۆزىنى ئۆلۈك قىلىپ تابۇتتا ياتتى. تۆت ئادەم بۇ تىرىك ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ يارباغ دەرۋازىسىدىن چىقتىلەر. ئۇلار تابۇتنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانغا ئالىپ كىلىپ. قايتاردا بەش كىشى بولۇپ قايتتىلەر. ھىلىمۇ ياخشى قەبرىستاندا تۇڭگانلارنىڭ كانترولى يوق ئىكەن. مازاردىن چىقىپ يىڭى ھىسارغا كىلگەنلەرنىڭ بىرى ياكى بىرىنچىسى قەيىن ئىنىم روزى ئاخۇن بولدى.

# يۈسۈفجاننى قورالسىزلاندۇرۇش قەرارى

كاشغەرگە بولغان ھۇجۇم نەتىجە بىرمەگەندىن باشقا بۇ ھۇجۇم مۇجاھىدلارنى زور دەرەجەدە چىقىمدار قىلدى، خەلقى كۆپ قەھرىمان، قۇرچ يىگىتلەرىمىزدىن ئايرىلدۇق. كاشغەردىن قايتقانلار ۋە ئەترافتىن كەلگەنلەر يەنە يېڭى ھىسارغا توپلاندىلەر. قەلئە ئىچىدە سابىت داموللام باشچىلىقىدا مەخفىي بىر يىغىن چاقىرىلدى. بۇ يىغىنغا ھۆكۈمەت قاتنىغۇ (ئەئزا) لەرى، خوتەنلىك قۇماندانلار، ئىستىقلال جەمئىييەتىنىڭ قاتنىغۇلەرى ھازىر بولدىلەر. مەجلىستە تۇڭگانلارغا يەڭىلىپ قالىشنىڭ سەبەبلەرى تەكشۇرۇلدى. يىغىنغا قاتناشقان كۆپچەلىك كىشىنىڭ ئىفادەسى بويىچە، بۇ مەغلۇبىيەت يۈسۈفجاننىڭ خىيانەتىگە بارىپ تاقالدى. يۈسۈفجانغا دۆڭگەلگەن خاتالىقلار تۆۋەندەكىلەردىن ئىبارەت بولدى:

**1**. يۈسۈفجان قىپقىزىل رۇس ئەسكەرلەرىنى ئاق ئورۇس، دىپ ئويلاپ، ئون ئىككى نەفەر قىزىل دۇشمەننى ئۆز يانىدا تۇرغۇزغان.

**2**. چىنى باغدەكىلەر بىلەن ئاغىز ـ بۇرۇن يالاشىپ، جەنرال باھادىرخان ساھىبدىن قورال ساتىپ ئالغان.

**3**. يارەدەمچىسى قۇدرەتۇللاخان تۆرەمنى نۇرغۇن مال ـ مۇلك، ھەربىي ئەشيالار بىلەن ئافغانىستانغا ئىبەرگەن، ئۇلارغا ئاشلىق يەتكۇزۇپ بىرىش ئۇچۇن يېڭى ھىسارغا كىلگەن ۋە ھەر ھەپتەنىڭ بازار كۈنى ئاشلىق ساتىپ ئالىپ تاشقۇرغانغا ئىبەرىپ تۇرغان.

**4**. يېڭى شەھەرنى مۇھاسەرە قىلىپ تۇرغاندا ئۆز ـ ئۆزىچە مۇھاسەرەنى بوشۇتۇپ، خىچىرچىدەكى پوزىتسىيەدىن چىكىنگەن.

**5**. كاشغەرگە بولغان ئاخىرقى ھۇجۇم پەيتىدە شەھەر ئىچىگە ئۆزى كىرمەي پەقەت قول ئاستىدەكى قۇرباشىلەرى، ئەسكەرلەرىنى كىرگۈزۈپ قويۇپ ھۇجۇمغا سەمىمي ھالدا قاتناشماغان ۋە بۇنىڭ بىلەن يۈسۈفجاننىڭ تۇڭگانلار بىلەن ئەلاقەسى بارمىكىن، دىگەن گۇماننى پەيدا قىلغان

**6**. يۈسۈفجاننىڭ ئۆزى بىر ئات، بىر قامچا بولۇپ بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزغا بويسۇنۇۋاتقاندەك قىلسامۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەقسەدى ئافغانىستانغا چىقىپ كەتىش بولۇپ، خەلقى بۇرۇنلا ئافغانىستانغا يولغا سالىۋەتكەن بالا ـ چاقالارى

ھەمدە ماللارى ئۈزاق تاغ  يولىدەكى خەتەرلىك داۋانلاردىن سالامەت ئۆتۈپ ئافغان چېگەراسىغا يەتىپ  بارغۇچە ئۈلارنى ئارقاسىدىن قورۇقلاپ تۇرغان ۋە ئۈلارغا ئاشلىق ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسەلەرنى ئۈدۇللۇق يوللاپ تۇرغانلىقى دەلىل ـ پاكىتلەرى بىلەن ئىنىقلاندى.

يۇقارقىلارغا بىنائەن سابىت داموللام ئۆزىنىڭ ئەۋۋەلقى «قارىنداش قانى تۆكۈلمەسۇن» دىگەن  فىكرىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتەكىلەرنىڭ فىكرىگە قوشۇلۇشى ۋە باشقا سەبەبلەرگە كۆرە، يۇسۇفجاننى قورالسىزلاندۇرۇپ، مەزگىللىك قاماقتا ئالىش قەرار قىلىندى.

ئەرتەسى كەچتە يۇسۇفجان سابىت داموللام تەرەفىدىن قەلئەگە چاقىرتىلدى. يۇسۇفجان چاقىرىقتا بىنائەن خۇپتەن نامازىدىن كيىن ئون نەفەر زەربەدار يىگىتى بىلەن بىللە ھازىر بولدى. چاي ـ پاي ئىچىلىپ بولغاندىن كيىن يۇسۇفجان مۈزاكەرە قىلادۇرغان مۇھىم ئىش بار ئىكەن، دىگەن  باھانە بىلەن يىگىتلەرى بىلەن ئولتۇرغان ئۆيدىن سابىت داموللام تۇرغان ئۆيگە چاقىرىلدى. يۇسۇفجان بۇ ئۆيدىن ئۇ ئۆيگە ئۆتۈۋاتىپ ئورتالىقتاكى دەھلىز (كارىدور) گە كىلگەندە يۇسۇفجاننى تۇتۇش ئۈچۈن ئەمىر ساھىب تەرەفىدىن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان قاراقاشلىق باتۇر قۇماندان ئەمىر ئەھمەد ئاخۇن يۇسۇفجانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۆزىنى ئەمىر ئەھمەدنىڭ كۈچلۈك قوللارى ئارىسىدا كۆرگەن يۇسۇفجان ئۈلۈم قورقۇنچىدا بار ئاۋازى بىلەن بارمۇ سەن يىگىتلەر! دىپ توۋلادى. دەل شۇ پەيتتە ئۆيدە ئولتۇرغان يىگىتلەر مىلتىقلارىنى كۆتۈرگەن ھالدا يۈگۈرۈپ چىقىپ، لەببەي ئاكا، مانا بىز ھازىر، دىپ يۇسۇفجاننى تۆت تەرەفتىن ئوراۋالدى. يۇسۇفجان ياۋەرىگە بۇيرۇدى: يانىمدەكى ماۋزىر تاپانچانى ئالىپ، ماڭا تەگدۇرمەي بۇنى يان باشىدىن ئاتىپ تاشلاپ، مەنى قولىدىن بوشات، دەدى. يۇسۇفجاننىڭ ياۋەر ۋە يىگىتلەرى ئەمىر ئەھمەدنى تاپانچا، مىلتىقلار بىلەن ئۇرۇشقا باشلەدى. بۇنىڭ زەربەسىدە ئەمىر ئەھمەد يەرگە يىقىلدى. يۇسۇفجان ئەزرائىلنىڭ چاڭگالىدىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ، تاپانچاسىنى قولىغا ئالىپ ھاۋاغا بىر نەچچە پاي ئوق ئاتتى ـ دە، يىگىتلەرى بىلەن ئۆيدىن سەھنە (سەينا) گە چىقىپ، ئۇ يەردىن قوللۇشۇپ، يەلكەلەشىپ ئاتخانانىڭ تامىغا چىقتىلەر. ئۈلار شۇ بويىچە تامدىن تامغا ئاتلاپ، قەلئەنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كيىن، ھەممەسى تەگلا قەلئە ئىچىگە ئوق ياغدۇردىلەر. ئۈلار بىر پەس ئۆتكەندىن كيىن  ئوق ياغدۇرۇشنى توختاتىپ، سىپىلدىن ئاسلىپ،

سىرىلىپ چاڭ - توپىلارغا مىلەنگەن ھالدا يەرگە چۈشۈپ، سەلامەت ھالدا سىرتقا چىقىۋالدى. بۇ چاغدا ئۇلار يۇقارى ئاۋاز بىلەن ئىككى، ئۈچ جايدىن «تۇڭگان كىلدى!» دىپ يالغان توۋلاپ، رەقىبلەرنى تەشۋىشكە سالدىلەر. بۇ ئاۋازنى ئىشتكەنلەر بولۇپمۇ خوتەنلىك ئەسكەرلەر ۋە كاتتالار ئالاقزادە بولۇپ كەتتىلەر. دەمەك، شۇنداق قىلىپ ئەمىر ساھىب مەقسەدگە يەتەلمەي قالدى. ئۆزلەرىنىڭ ئىشەنچلىك قۇماندانىنى قان ئىچىدە كۆرۈپ ئەقلى لال بولغان خوتەنلىك ئەسكەرلەر ئۆز - ئۆزى بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرغان بۇ چاغدا تۇڭگان كىلدى، دىگەن بۇ ئاۋاز بارچە قەلئە ئەھلىنى ئەندىشىگە سالىپ قويدى. نەتىجەدە يۇسۇفجان قۇتۇلۇپ قالدى.

ئۇشبۇ كۈنلەردە خىزمەتىم تۈپەيلى دوختۇرخانادا ئىدىم. شۇ كۈنى كىچەسى قازاندا قورۇلغان قوغۇرماچتەك تارسىلداپ ئاتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلەرىدىن بىرەر ئىش چىققان ئوخشايدۇر، دىپ ئويلاپ ئەزان ۋەقتى بىلەن كوچاغا يۈگۈردۈم. كوچالار جىمجىت ئىدى. ساراي تەرەفگە بارسام خىزمەتداشىم روزى ئاخۇن ئۆچراپ قالدى. مەنى كۆرۈپ سۆيۈنگەنىدىن ياش ئەلەڭگەن كۆزلەرىدىن ئىككى تامچە ياش (شادلىق ياشى) سىرغىپ چۈشتى ۋە: «ئەلھەمدۇلىللاھ، سەلامەت ئىكەنسىز، كۆرۈشتۇق»، دەدى. مەن: «نىمە ئىش؟ نىمە گەپلەر بولدى؟» دەسەم، ئۇ: «ناماز خۇپتەندىن كىيىن، توساتتىن قەلئە ئىچىدىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. كىيىن «تۇڭگان كىلدى» دىگەن سۆز تارقالدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەممە ئادەم ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ، ئۆز جانلارىنى دالدىغا ئالىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ كەتتى. قاچقانلارنىڭ ھىسابىنى خۇدا بىلەدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممەسى ياركەنتكە قاراپ قاچتى. مەنمۇ ئاتلارنى توقۇپ خورجۇنلارنى ئارتىپ ماڭىشقا تەييار بولۇپ سىزنى كۈتۈپ تۇردۇم. قاچىشىۋاتقان كىشىلەر مەنى كۆرۈپ: «نىمەگە قاراپ تۇرىسەن؟ ماڭىۋەر، سۇلتانبىكمۇ كىتەدۇر، يۇر بىللە كەتەيلى! - دەدىلەر. مەن: - ئەپەندىمنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىمەن، - دىدىم. ئۇلار: - جانىڭنى قۇتقازساڭچۇ، جان كىرەك بولسا ئاتقا مىنگىن، - دىپ قويۇپ، ھىچنىمەگە قاراماي كەتىپ قالىشتى. مەن پۈتۈن بىر كىچە ئاتلارنى تۇتۇپ شۇ يەردە تۇردۇم. سەھەر ۋەقتى بولغاندا يۇسۇفجان ئاكامنىڭ يىگىتلەرى كىلدى. ئۇلار يوللارنى توسۇپ، شەھەرنىڭ كىرىش، چىقىش ئاغىزلارىنى قامال قىلىپ، قاچقانلارنى تۇتۇپ يولىدىن قايتۇردى. مەن سارايغا كىرىپ ئولتۇردۇم»، دىدى. مەن: «ئاتلار قىنى؟ - دىدىم. ئۇ: - يۇسۇفجاننىڭ يىگىتلەرىنىڭ قاشىدا، -

دىدى. مەن ئۆلارنىڭ يۈز باشنى كۆردۈم، بىز ئاتلارنى ئالىپ ئۆز سارايىمىزغا كىلدۇق. مەن ئۇ يەردىن يۈسۈفجان ئاكانىڭ قۇشخاناسىغا قاراپ چاپتىم. يولدا مەھمۇد نەدىم بەگ بىلەن ئۇچراشىپ قالدىم. ئۇنىڭغا: - قىنى، يۈرۈڭ، يۈسۈفجاندىن هال سوراپ كىلەيلى! - دىدىم. ئۇ بۇنى خاهلامادى ۋە خوتەنگە كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقنى ئەيتتى. مەن: - ئۇنداق بولسا، ئەمىر ساهىب بىلەن كۆرۈشۈڭ، - دىدىم. ئۇ بۇ گەپىمگە ئىللىققىنە بىر كۈلۈپ قويدى. بىز شۇنداق ئايرىلدۇق[44].

44 - مەھمۇد نەدىم بىك تۈركىيەدىن يىڭى كىلگەن بولۇپ «سەلىم ئەپەندى» نامىدا خوتەنگە ئىبەرىلگەن. كىيىن ياپۇنىيەگە كەتكەن.

# يۈسۈفجان بىلەن ئۇچراشىش

يۈسۈفجاننى قوشخاناسىدا زىيارەت قىلدىم. «سالامەت بولۇڭ، يۈسۈفجان ئاكا، ياخشى تۇرغانسىز؟» دىدىم مەن ئۇنىڭدىن هال سوراپ. يۈسۈفجان ماڭا شۈبهەلىك كۆزلەرىنى تىكىپ تۇرۇپ: «ئەپەندىم، كىچەسى قايدا ئىدىڭىز؟» دىدى. مەن: «دوختۇرخانادا ئىدىم»، دىدىم. ئۇ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاغاندىن كىيىن: «مەن تىنچى سىزنى خوتەنلىكلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەنمىكىن، دەپ قالغانتىم»، دەپ كۈلۈمسىرەدى. مەن: «كىملەرگە قوشۇلغان، كىملەرگە خىزمەت قىلغان بولساق، ئەلبەتتە ئۇنى ھەقىقەت ئىسباتلايدۇر. بۇلارنى ئويلاپ كەتمەڭ. يۈسۈفجان ئاكا! ئۆز سايەسىدىن قورقىدىغانلاردىن بولماڭ، ئۆمرىڭىز تۈگەمەگەن ئىكەن، قىرىق يىل قىرانگەرچىلىك بولسامۇ ئەجەلى يەتكەن ئادەم ئۆلەدۇر. سىز دۇنياغا يىڭىدىن تۆرەلدىڭىز. بۇنى «ئىئادەئى ھەيات» دەيمىز. بۇندىن كىيىن ئىھتىيات قىلىڭ، ساقلىقىڭىز قانداقراق؟ شۇنى بىلسەم»، دىدىم. يۈسۈفجان: «سىپىلدىن سىرىلىپ چۈشكۈچە دىماقلارىمغا كىرىپ كەتكەن توپا ـ چاڭلارنىڭ تەئسىرى ھىلىغىچە بار، شۇنچە غەرغەرە قىلىپ، يۈز ـ كۆزلەرىمنى يۇيۇپ باققان بولسامۇ يەنە ئوڭشىلالمەدىم»، دىدى. مەن: «سىزگە سۈيى **35** گىرادۇسلۇق ۋاننادىن بىرنى تەييارلاش لازىم. ماڭا رۇخسەت قىلساڭىز، هازىردىن باشلاپ ۋاننانى تەييارلاشقا كىرىشەي. يىرىم سائەتتىن كىيىن مەن سىزنى دوختۇرخانادا ساقلايمەن»، دەپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم. ئىشكىدىن چىققۇچە ئابدىراهمان ئاكاغا قاراپ: «سىز قازانغا شورپا سالدۇرۇپ قويۇڭ، يۈسۈفجان ئاكا هاممامدىن چىقىپ قىززىق شورپانى ئىچىپ بىر تەرلەسە دىماغىدەكى چاڭ ـ توزانلاردىن هېچ نىمە قالماي، ئوبدانلا ئەسلىگە كىلىپ قالۇر»، دىدىم ۋە قوشخانا دەرۋازىسىدىن چىقۋاتىپ، ئەبدۇرراهمان ئاكاغا: «شورپاغا بىزمۇ شىرىك، جۇمۇ، ئۇنتۇپ قالماڭ»، دەپ قويدۇم. ۋاننامۇ تەييار قىلىندى. ئون نەفەر يىگىتنى ئەگەشتۇرۇپ يۈسۈفجان ئاكامۇ يەتىپ كىلدى. ئۇ ۋانناغا چۈشۈپ چىققاندىن كىيىن مەنى شورپاغا تەكلىف قىلىپ: «ئەپەندىم، شورپانى بىرگە ئىچەمىز»، دىدى. ئۇيەنە دوختۇرخانا دەرۋازاسىدىن چىقاردا ماڭا قاراپ: «قىلىشىدىغان گەپلەرىمىز بار»، دەپ

قويدى. مەن بىر ئاز ئۆتكەندىن يۈسۈفجاننىڭ بايىقى گەپى بويىچە قۇشخاناغا كىلدىم. شورپانى ئىچتۇق. يۈسۈفجاننىڭ ئىشارەت قىلىشى بىلەن ئەبدۇراھمان ئاكا يەنە كىلىشكەن تۆت كىشى بولۇپ، يەتتەيلەن ئىچكەركى ئۆيگە توپلاندۇق. ئالدى بىلەن يۈسۈفجان سۆز ئالىپ شۇنداق دىدى: «ئەپەندىم، شۇنچە ۋەقتلەردىن بىرى ئىدارەلەردە ياخشى خىزمەت قىلىپ كىلدىڭىز، نۇرغۇن نەتىجەلەرنى ياراتتىڭىز. بۇنى ھەممەمىز بىلۇرمىز. بۇندىن كىيىن بىز بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئىشلارىمىزغا يار- يۆلەك بولساڭىز يامانى بولمايدۇر. ھەممەمىز بىر مۇھاجىرمىز. خىزمەتلەرىڭىزنى بىزمۇ قەدرلەيمىز. ئەمدى ئۆلسەك، بىر چوقۇردا. تىرىك بولساق بىر تۆپەدە بولايلى»، دىدى. ئەبدۇراھمان ئاكا يۈسۈفجاننىڭ سۆزلەرىنى قۇۋۋەتلەدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە جەۋابەن: «مەنىڭ ھازىرقى شەرائىتىم بۇنىڭغا يار بىرەدۇر. سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزغا قوشۇلۇشقا توسقۇنلۇق قىلادۇرغان ھىچقانداق نەرسە يوق. خىزمەت بولسا بۇيرۇۋەرىڭ، قىلايلىك»، دىدىم. بۇ خۇسۇسىي سۆھبەت جەرەيانىدا يۈسۈفجاننىڭ بىر قولى باشتىن ـ ئاخىرغاچە بەلىگە قىستۇرۇلغان تاپانچاسىدا تۇردى. يۈسۈفجاننىڭ بىر ئىشارەتى بىلەن باشقا يىگىتلەر ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىز ئۈچەيلەنلا قالدۇق. يۈسۈفجان تۆت ئەترافىغا بىر قاراۋەتكەندىن كىيىن: «ئەپەندىم، ئىككى دانە مەكتۇب يازامىز»، دىدى. مەن: «قەلەم، قەغەز تەييار»، دىدىم. ئۇ: «بىرىنى كاشغەردەكى ئىنگىلىز كونسۇلغا يازامىز»، دىدى. مەن: «جەنرال باھادىرخان ساھىبقامۇ؟» دىدىم. ئۇ: «ھەئە»، دىدى ۋە ماڭا بىر قاراپ قويغاندىن كىيىن: «خەتنىڭ بىرىنى يىڭى شەھەردەكى تۇڭگان زىخۇيغا يازامىز»، دىدى. مەن: «نىمە دىپ يازامىز، ئۇلاردىن كىلگەن خەت ـ خەبەر بارمۇ؟» دىدىم. «بار، تۇڭگانلاردىن چۈشكەن بىر ئەسىر بار»، دىدى ئۇ. مەن: «تۇڭگانغا خەت يازامىز، ئەسىرنى ئازات قىلىپ خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن تۇڭگانغا ئىبەرۇرمىز»، دىدىم. ئىككەيلەن بۇ گەپىمگە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ خەت يازىلىپ ئەسىرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇپ ھىچكىمگە ئۇقتۇرماستىن يولغا سالىندى. بۇ خەتلەرنىڭ كۆپىيەسى قولىمىزدا بولماغانلىقى ئۈچۈن مەزمۇنىنى تۆۋەندەكىچە بەيان قىلدۇق:

كاشغەر يىڭى شەھەردەكى مادارىن جەنابلارىغا:

مەكتۇبلەرىنى ئالىپ، كۆڭلۈم تىنچىپ قالدى. مەن بولسام ئارامىزداكى

ۋەئدەگە بىنائەن كاشغەردىن چىقىپ سىز ئېبەرگەن ئالتۇننى تاپشۇرۇپ ئالدىم. كاشغەرگە ھۇجۇم بولغان كۈنى مەن كوھنا شەھەردە تۇرمادىم. ھازىر يېڭى شەھەردە تۇرۇۋاتىمىز. يېقىندا تاشقورغانغا جۆنەش ئېھتىمالىمىز بار. چېرىكلەرىڭىزدىن بىرى بىزدە ئىدى. خەت شۇنىڭ قولىدىن ئېبەرىلدى.

ئېھترام بىلەن گارنىزون قۇماندانى يۇسۇفجان (تامغا ئورنى)

**1933** - يىل. **2** - ئاينىڭ **15** - كۈنى، يېڭى ھىسار

ئىككىنچى خەت:

بۈيۈك بىرىتانىيە دەۋلەتىنىڭ كاشغەردەكى ئەلچىسى جەنرال باھادىرخان ساھىب كىراملارىغا: «مەكتۇبلەرىنى ئالدىم، يول - يورۇق كۆرسەتكەنلەرىگە تەشەككۇر. ۋەئدەمگە ۋاپا قىلدىم. يېڭى كۆرسەتمەلەر بولسا ئاڭلاشقا تەييارمەن.

ئېھترام بىلەن گارنىزون قۇماندانى يۇسۇفجان (تامغا ئورنى)

**1933** - يىل. **2** - ئاينىڭ **15** - كۈنى، يېڭى ھىسار

ئارادىن بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندە سابىت داموللامنىڭ ياۋەرلەرىدىن بىرى بىلەن بازاردا كۆرۈشۈپ قالىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم: «ئەمىر ساھىپ بىلەن يۇسۇفجاننى ياراشتۇرسۇنلەر، ماڭا يولخەت چىقارتىپ بىرسۇنلەر، مەن ياركەنتكە كەتۇرمەن»

ئەرتەسى قەلئەدىن زەرىيف قارىھاجىم بىلەن يەنە بىر كىشى ئەلچى بولۇپ چىقتىلەر. ئۇلار ئۆز سۆزىدە: «يۇسۇفجان ئاكا، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، بولار ئىش بولدى، دۇشمەنلەرىنىڭ ئالدىدا ئۇ قاش، بۇ قاش بولۇپ يۈرمەي، ئىناق ئۆتەيلى. بىز سۈلھپەرۋەر كىشلەرمىز، شۇڭا بۈگۈن ھۇزۇرىڭىزغا سۈلھ قىلغالى چىقتۇق»، دېدىلەر. يۇسۇفجان: «كېڭەشىپ جەۋاب بىرەمىز»، دېپ ئەلچىلەرنى ئۇزاتتىلەر. بۇ ئارادا تاش قورغاندەكى قۇدرەتۇللاخان تۆرەدىن «تېزدىن ئاشلىق، ئۇن ئېبەرىلسۇن»، دېپ ئۇست - ئۇستىلەپ خەت كېلىپ تۇردى. يۇسۇفجان شۇ كېچەسى ئادەملەرى بىلەن توپلۇنۇپ، مەسلەھەت يىغىنى ئۆتكۈزىدۇر. ئۇلار ئۇزۇن مۇزاكەرەلەردىن كېيىن سابىت داموللام تەرەف بىلەن سۈلھكە كىلىش ئۈچۈن تۆۋەندەكىدەك شەرت قويۇشقا كىلىشىدۇر: «سۈلھ قىلساق بولادۇر، ئەمما ئەمىر نۇر ئەھمەد بىلەن يۇسۇفجان ئاكانىڭ ئاراسى بۇزۇلدى، پىيالەسۇندى. سۇنغان پىيالەنى قاداپ قويغان بىلەن يەنە قاداق كۆرۈنۈپ قالادۇر. ياخشىسى ئەمىر ساھىب ياركەنتكە بارسۇن. ئۇنىڭ ئورنىغا شاھ مەنسۇر يېڭى ھىسارغا

كىلىسۇن. خوتەن ھۆكۈمەتى تەرەپىدىن يۈسۈفجان ئاكاغا ياردەم سىفەتىدە ئىككى يۈز ئۆلاغ ئاشلىق بېرىلسۇن. ھۆكۈمەتتەكى ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قاراپ، كۆڭۈل خوشى بىلەن بەش يۈز سەر بىلەن مىڭ سەر ئارىلىقىدا ئالتۇن ئىلتىپات قىلسۇنلەر. ئەنە شۇ چاغدىلا ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، ھەممە ئىشتا ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، دۈشمەنگە ئورتاق تەقابۇل تۇرغالى بولىدۇر. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرنىڭ قەلئەگە بىمالال كىرىپ ـ چىقالىشى ئۈچۈن قەلئەنىڭ دەرۋازاسى ئاچىۋاتىلسۇن».

سۇلھىنىڭ بۇ شەرتلەرى سابىت داموللامغا بىلدۈرۈلدى. ئەمىر ساھىب خوتەن ھۆكۈمەتىنىڭ نامىدا بۇشەرتلەرنى قەبۇل قىلدى. لېكىن ئۇ: « شاھ مەنسۇرنىڭ تەسدىقىنى ئالىش ئۈچۈن يىگى ھىساردىن بىر ھەيئەت ياركەنتكە بارىشى كېرەك»، دىدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىفى قەبۇل بولدى. يۈسۈفجان ئاكا تەرەفىدىن تۆت كىشى، ئەمىر ساھىب تەرەفىدىن ئىككى كىشى بولۇپ، جۇغى ئالتە كىشىلىك بىر ھەيئەت خۇپتەن نامازىدىن كىيىن ياركەنتكە قاراپ يولغا چىقتىلەر. كەمىنە مۇ يۈسۈفجانغا بىلدۈرمەستىن ھەيئەتىنىڭ يولغا چىقىش ۋەقتىگە ئۈلگۈرۈپ، تەييارلانىپ، ھەيئەت بىلەن بىرگە ئاتلاندىم. ھەيئەت ئەئزالەرى ئارىف خوجا، كەمال مەخدۇم، سابىر قاراقاش ۋە باشقا كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى. بۇلار پەقىرنى ئارالارىدا كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن: «ئەپەندىم، ئۆزىڭىزمۇ بارمۇ؟»دىدى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ يوچۇن سۇئالىغا جەۋابەن: «ھەممەمىز ئوخشاش»، دىپ قويۇپ ئاتىمغا قامچا ئۇردۇم. بىز شۇ يۈرگەنچە ئاتلارىمىزنى چاپتۇرۇپ شەھەر تابىئەسىدىن ئۆزاپ كەتتۇق. پەقىرنىڭ بۇ ھەيئەت بىلەن جۆنەپ كەتكەنلىكىمنى يۈسۈفجان ئاڭلاپلا مەنى تۇتۇش ئۈچۈن ئات چاپتۇرغان بولسامۇ، بىز ئالللابۇرۇن شەھەر چىگەراسىدىن چىقىپ كەتىپ بولغان ئىدۇق. جەنابى ھەقكە سانسىز شۈكرلەر بولسۇنكى، مەن دار تەگىدىن، جەللاد قولىدىن قاچىپ قۇتۇلدۇم. چۈنكى شۇ كۈنلەردە يۈسۈفجان ھەركىمدىن گۇمانلانىپ، ئۇنى ئاتىپ، بۇنى چاپىپ تۇرغان ئىدى. ھەيئەت قىزىلغا يەتىپ بارغاندا ئارىف خوجا مەھمۇد بەگ تەرەفىدىن تۇتۇلۇپ، ئاتلارى، خورجۇنلەرى تارتىپ ئالىندى. ئۆزلەرىنى بولسا ياركەنتكە يولغا سالدى. مەن بولسام يولخەتنى كۆرسۇتۇپ خوجانىڭ يانىدا قالدىم. بىر ئاز ئۆتۈپ خوجا بىر بۆلۈك ۋاقىئەلەرنى سوراپ بىلگەندىن كىيىن ئاتىمنى بىردى. ئۆزەم تەنها هالدا يولنى دەۋاملاشتۇردۇم. بىز شۇنداق قىلىپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شاھ مەنسۇرنىڭ ھۇزۇرىغا توپلاندۇق.

شاھ مەنسۇر بولغان ئىشلارنى ئۇقتى. قالغان ئىشلار شاھ مەنسۇرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلدى. مەن رۇخسەت سوراپ شەھەرگە كىردىم ۋە بىر سارايدىن ھۇجرا تۇتۇپ دەم ئالىپ تۇردۇم. ئۆيدە قىلغان سەۋدا بازارغا توغرا كىلمەگەندەك، يىڭى ھىسارنىڭ تەلەبلەرى ياركەنتكە خوپ كۆرۈلمەدى. شاھ مەنسۇر يىڭى ھىسارغا بارىشتىن باش تارتتى. شۇنداقتامۇ ئارىپ خوجا ۋە كەمال مەخدۇملارنى شىرىن سۆز ۋە ئاز- تولا ياردەملەر بىلەن چىرايلىق ئۇزۇتۇپ قويدى. شۇندىن كىيىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۇڭگانلارنىڭ يىڭى شەھەرگە كىرگەنلىكى، يۇسۇفجاننىڭ يىڭى ھىساردىن چىقىپ تاش قورغان تەرەفكە كەتكەنلىكى، يولدا بىر كىچەسى كەمال مەخدۇمنى ئات ئۈستىدە تۇرغۇزۇپ قىلىچ بىلەن پارچە - پارچە قىلىپ چاپىپ ئۆلتۈرگەنلىكى توغراسىدەكى گەپلەر تارقالدى. ئىنىق ئۇقۇشىمىزچە يۇسۇفجان كەمال مەخدۇم ۋە باشقا بىر بۆلۈك كىشلەرنى «خوتەنچىلەر»، دىپ يامان كۆرۈپ يۈرگەن ئىكەن. يۇسۇفجان يىگىتلەرىنى ئالىپ  تاش قورغان تەرەفكە كەتكەندىن كىيىن يىڭى ھىسار قەلئەسىدە تۇرۇۋاتقان سابىت داموللام، زەرىپ قارىھاجىم ۋە ئۆلارنىڭ تەرەفدارلەرى ياركەنتكە كىلىپ ئورۇنلاشتىلەر. كاشغەردە ئىش باشىدا تۇرۇۋاتقان بەزىبىر كىشلەر پات - پات ياركەنت ئورداسىغا چىقىپ شاھ مەنسۇرنىڭ مەجلىسلەرىگە ئىشتىراك قىلىپ يۈرۈۋاتقان بولسامۇ زەمان تەقازاسىغا كۆرە، ھەركىم ئۆز ئىشى، ئۆز دەردى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

# تۇڭگانلارنىڭ يېڭى ھىسارنى ئىشغال قىلىشى

بۇ كۈنلەردە تۇڭگانلار كاشغەرنىڭ يېڭى شەھرى ۋە كوھنا شەھرىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى. ئۇلار يەنە يېڭى ھىسارنىمۇ ئىشغال قىلىش ئۈچۈن خوتەن ھۆكۈمەت كىشلەرى بىلەن مۇزاكەرەگە ئولتۇردىلەر. خوتەن ھۆكۈمەتى ئۇلارنىڭ تەلەبلەرىنى رەد قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن ياۋۇزلاشقان تۇڭگانلار يېڭى ھىسارغا ئەسكەر تۆكتى. ئۇرۇش پارتلادى. مۇجاھىدلاردىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. مۇجاھىدلار نىڭ كۈچى بارغانچە ئاجىزلاشتى. تۇڭگانلار قەلئەنى قورشاۋغا ئالدى. ئەمىر نۇر ئەھمەد قەلئە ئىچىدە تۇرۇپ مۇدافەئە جەڭى قىلدى. بۇ چاغدا شاھ مەنسۇر ياركەنتتىن ياردەم بىرگەلى كىلدى. قەلئەنىڭ ئىچىدىن ئەمىر ساھىب، تاشقارىدىن شاھ مەنسۇر قارشىلىق كۆرسۈتۈپ، دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسامۇ تۇڭگانلار قوشۇنىنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئىنتىزام جىھەتتە كۈچلۈكلىكى ئۇلارغا چوڭ توسقۇن بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جەڭدە خوتەن قوشۇنى مەغلۇب بولدى. ئەمىر ساھىب بىلەن شاھ مەنسۇرمۇ مانا شۇجەڭدە شەھىد بولدىلەر.

شاھ مەنسۇر ھەم ئەمىر ساھىب ئىدى ئىككى قانات
يېڭى ھىسارنىڭ جەڭدە بولدى شەھىد شاھزادەمىز

قەلئە ئەترافىدا ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەسەتلەرىدىن يولچىلار يىقىن ئۆتەلمەيدۇرغان دەرەجەدە سېسىق پۇراق تارايتتى. بىرەر ئاي ئۆتكىچەمۇ بۇ پۇراقلار يوقالماغان ئىدى. (تۇڭگانلارنىڭ يۇرت سوراشتىكى ناچارلىقىنى مانا شۇنىڭدىن كۆرۈۋالغالى بولۇدۇر)

بۇ چاغدا خوجا نىياز ھاجىم، مەھمۇد سىجاڭلار ئەركەشتامدا رۇسلار بىلەن ئالىپ بارىلغان ئۈچرۈشۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ قوشۇنلارىنى ئالىپ ياركەنتكە كىلدى. سابىت داموللام باشلىق بىر ھەيئەت رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئالدىغا كۈتۈۋالغالى چىقتى. خوجا نىياز ھاجىمنىڭ قولىدا تۇتقۇن قىلىنىدىغان ئون بىر نەفەر ئادەمنىڭ رويخەتى بار ئىدى. بۇلاردىن سابىت داموللام، زەرىف

قارى، سۇلتانبەگلەر قولغا ئالىندى. قالغان ئەبدۇللاھ خانىي، مۇسا ئەپەندى، سوفىيزادە، مۇھەممەد رىزاخان، موللا مۇھەممەدجان ئاخۇن، ساتىپ ئالدىجان، يۇسۇپ مۇزەپپەر ۋە باشقىلارنى تاپقان يەردە قولغا ئالىشقا بۇيرۇق بىرىلدى. بۇ خەبەر شۇ هامان يايىلىپ، ھەركىم ئۆزىنى دالداغا ئالىشنىڭ كويىغا چۈشتى. خوجا نىياز هاجىم قۇماندان، ئاتامانلارى بىلەن ياركەنت ئورداسىغا كىلىپ چۈشتى. سۇلتان بەگ ئوردادىن قاچقان بولسامۇ، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كيىن يەنە تۇتۇلۇپ قالدى. سابىت داموللام ۋە باشقىلار خوجا نىياز هاجىمغا تۇتقۇن بولدى. بۇ چاغدا كۆپلەگەن كىشىلەر جانلارىنى ساقلاپ قالىش ئۈچۈن خوتەنگە كەتتى. بىر بۆلۈك هۆكۈمەت خادىملەرى خىزمەتتىن قول تارتتى. ئەمدى ھەممە ئىش خوجا نىياز هاجىمنىڭ بۇيرۇقىغا قارايدىغان بولدى. ياركەنت ئۇنىڭ هۆكمرانلىقىغا ئۆتتى. قورال - ياراق ئامبارلارىغا باشقا هىچكىمنى ئىگە قىلمادى. رەجەب ئاخۇن ساقلاۋاتقان قورال ئامبارىنى تاقاپ، هىچكىم ئاچماسۇن، دىپ ئۇقتۇرۇش چاپلادى (ئامباردا خىلى كۆپ قورال - ياراق بار ئىدى).

خوجا نىياز هاجىم خوتەن مۇجاهىدلەرىنىڭ مەئاشلەرىنى ئۆستۇردى. بىر چوماقچى ئەسكەر بۇرۇن بەش سەر مەئاش ئالۇر ئىدى. يىگى مەئاش يەتتە سەرگە چىقتى. بىر قىلىچ تۇتقان ئەسكەر ئىلگىرى يەتتە سەر مەئاش ئالسا، ئەمدى توققۇز سەر مەئاش ئالادۇرغان بولدى. باشقا ئەسكەرلەرنىڭ مەئاشلەرىمۇ ئۆز دەرەجەلەرى بويىچە ئۆستۇرۇلدى.

خوجا نىياز هاجىم ياركەنتنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان بۇ كۇنلەردە تۇڭگانلار يىڭى شەهەرنى ئىشغال قىلىپ بولۇپ ياركەنتكە كۆز تىكمەكتە ئىدى. بۇنى خوجا نىياز هاجىم تۇيغانمۇ ياكى ئەركەشتامدىن ئالغان يولىيورۇق بويىچە ئىش كۆردىمۇ ئەيتاۋۇر ياركەنتتە ئۇزۇن تۇرمادى. بۇ چاغدا تۇڭگانلار كورئابات (كۆك رابات)قا كەپتۇ، دىگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ گەپ تارقالغان كۇنى كىچەسى خوجا نىياز هاجىم ئەسكەرلەرىنى ئالىپ مارالباشى ئارقالىق ئاقسۇغا كەتتى. ياركەنت پۈتۈنلەي بوشاپ قالدى. خوجا نىياز هاجىم تۇتقۇنلارنىمۇ بىرگە ئالىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلاردىن سۇلتان بەگ مەكىت - دولان ئەترافىغا بارغاندا قاچىپ قوتۇلدى.

خوجا نىياز هاجىم ئاقسۇغا بارىپ گىنرال بىكتىۋ بىلەن ئۇچراشتى[45].

45 - خوجا نىياز هاجىمنىڭ ئاقسۇدىن قاچىپ كاشغەرگە كىلگەنى، كيىن ئۇيەرنى تاشلاپ ئەركەشتامغا بارغانى، ئۇيەردە روسلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كيىن ياركەنتكە كىلگەنى، ئۇيەردە كاشغەر هۆكۈمەتىگە

ياركەنت شەھرى بوشاپ قالغان كۈنىنىڭ ئەرتەسى ياركەنتتەكى ئىنگىلىز رەئىيىيەتلەرىنىڭ ئاقساقالى (ئەبدۇلھەمىدخان) ياركەنتنىڭ يۇرت چوڭلىرىنى ئالىپ تۇڭگانلارنى كۈتۈۋالىش ئۇچۇن كور ئاباتقىچە بارىپ «خوش كەلدىڭىز»، «مەرھەبا»لار بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالدى ھەمدە ئۇلارغا شەھەرنىڭ بوش قالغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ياركەنتتە دۈشمەندىن ئەسەر قالماغانلىقىغا ئىشەندۇردىلەر. تۇڭگانلار ئۇلارنىڭ ھەھراھلىقىدا شەھەرگە كىردىلەر. ماسكاۋ - ئۈرۈمچى كىلىشىمىدەكى تۈپ مەقسەدكە كۆرە، تۇڭگانلارنىڭ قولى بىلەن كاشغەر، خوتەن ۋە باشقا جايلاردىكى مۇجاھىدلار مەغلۇب قىلىنىدىلەر. ئەمدى مەيداندا پەقەت تۇڭگانلا قالغان ئىدى. تۇڭگانلار ياركەنتنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كىيىن قارغالىق، پوسكاملارنىمۇ ئىشغال قىلدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەننىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمەتى ۋە ئۇنداكى مۇستەقىل ھەيات كۈنسىرى داۋالغۇشقا باشلادى.

ئەمدى نەۋبەت تۇڭگانلارغا كىلگەن ئىدى. ئالتە شەھەرگە تولغان قىزىل ئەسكەرلەر، قىزىل رەھبەرلەر، قىزىل كۈچلەرنىڭ ئەمدىكى نىشانى تۇڭگان بولۇپ قالغان ئىدى. تۇڭگانلارغا يەردىن ھاۋادىن تەڭ ھۇجۇم باشلاندى. تۇڭگانلار ئاقسۇدا بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كىيىن تىرىپىرەن بولغان ھالدا ھارۋا - ھارۋىلاپ ياركەنتكە كىلدىلەر. ئۇلار ياركەنتتەمۇ تۇرالماي ئۇدۇل خوتەنگە راۋان بولدىلەر. ئۇلار بارىپ خوتەننى ئىشغال قىلدى. شۇنداق قىلىپ خوتەن ۋىلايەتى تۇڭگانلارنىڭ ۋەقتلىق پاناھگاھى بولۇپ قالدى.

---

چاتىشلىق كىشلەرنى تۇتقانلىقى، كىيىن ياركەنتنى بوشاتىپ ئاقسۇغا - ئۈرۈمچىگە بارىپ گىنرال بىكتىبۇنىڭ ئالدام خالتاسىغا چۈشكەنى ۋە باشقا بىر قاتار ھەرەكەتلەرنى سادىر قىلغانلارنىنىڭ ھەممەسى ئۇنىڭ روسلار بىلەن ئىتتىفاق تۈزگەنلىكىدىن كىلىپ چىققان.

# قىزىل ئۈرۈمچى قۇتراماقتا

ئۈرۈمچى ـ ماسكاۋ ئىتتىپاقىدىن كېيىن ماسكاۋ تەرەپنىڭ كۆپلەپ ياردەمگە ئېرىشكەن تۇڭگانلار تۈركلەرنى مەغلۇب قىلدى. ئۇندىن كېيىن تۇڭگانلار قىزىل كۈچلەر تەرەپىدىن مەغلۇب قىلىندى. ئۈرۈمچى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركەزى بولۇپ قالدى. قىزىل كۈچلەرنىڭ بۇ مەركەزدە تۇرۇپ كۈچ كۆرسۈتۈشى بىلەن ھەر قايسى ۋىلايەتلەردەكى تۇڭگانلار چېكىنىپ خوتەنگە توپلاندىلەر. ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈك قۇماندانلەرى ماسكاۋغا ساغىندىلەر. ماسكاۋ ئۆز ئادەتى بويىچە خەنزۇلارنى ياغلاپ، تۇڭگانلارنى داغلادى. خۇددى خوجا نىياز ھاجىمنى باشتا ياغلاغان بولسامۇ، ئاخىرىغا كېلىپ داغلاغان، پۈت، قولىنى باغلاغاندەك.

مەركەزدەكى باش رەھبەرلەردىن گېنرال بېكتېۋنىڭ نامىدىن ياركەنتكە 2 ئورۇس كېلدى. ئۇلار ئۈچىسىغا ئۇزۇن كۆيلەك، باشلارىغا قالپاق، پۈتلارىغا چورۇق كەيۋىلىشقان، يەلكەسىدە مىلتىق، كۆكرەكىدە ئوق، يانلارىغا تاپانچا ئاسىشقان ئىدى. بىرىنىڭ ئىسمى شاكىر ئاخۇن، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى زاكىر ئاخۇن ئىدى. رۇسچەدىن باشقا تىلنى بىلمەيتتى. تەققى ـ تۇرقىدىن قەتئىنەزەر بۇلارنىڭ قىزىل ئەسكەرلەر ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى. ئەمما ئۇلار كۆرۈنۈشتە گېنراللەرگە مال يەتكۈزۈپ بىرەدىغان سەۋدا ۋەكىلى قىيافەتىگە كىرىۋالىشقانىدى. بۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ پولات تېڭجاڭ ئەسكەرلەرىنى باشلاپ، ياركەنتكە كېلىپ قىشلە (ئوردا) گە ئورۇنلاشتىلەر. يەنە بىر تەرەپتىن قازاق شەرىپقانمۇ ياركەنتكە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

خۇلاسە كەلام: ئۈرۈمچى نامىدىن كېلگەن، يۇقارىدا تىلغا ئالىنغان زاتلار ھەرتەرەپنى ئىشغال قىلىپ، يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشلەرىنى قولغا ئالدىلەر. باي ئاخۇن دېگەن ئادەمنى ھاكىملىققا سايلادى. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىن بېكتېۋنىڭ نامىدا ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ئۇقتۇرۇش، بۇيرۇقلار كېلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بىرىدە: «ئەتە ياركەنتكە ئايرۇپىلان بارادۇر»، دەيىلگەن ئىدى. دېگەن دەك ئەرتەسى بىر ئايرۇپىلان كېلىپ ياركەنت ئاسمانىنى ئايلانىپ قايتىپ كەتتى. كەينىدىن مۇنداق بۇيرۇق كېلدى: «ياركەنتتە تېزدىن بىر

ئايرۇپىلان مەيدانى ياسالسۇن». بۇنىڭ بىلەن تىزلىكتە بىر ئايرۇپىلان مەيدانى ياساپ پۈتكۈزۈلدى.

كاشغەر ئەترافىدەكى يەرلىك مۇجاھىدلار تۇڭگانلارنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن پۈت تىرەپ تۇرالمادى. بۇ مۇجاھىدلار ئارتۇقچىلىق بىر بۆلۈك فىدائىيلار بىلەن بىرلەشكەن بولسىمۇ كاشغەردەكى مىللىي ھۆكۈمەت يىقىلغاندىن كېيىن قايتا باش كۆتۈرەلمەدى.

يەكۈن: ئامەت كەتتى. ھەركىم غەمكىن ـ پەرىشان ھالدا ئۆز جانىنى قۇتقۇزۇشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇ تەرەپتىن ئۈرۈمچىدە قىزىل ھۆكۈمەت باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، سىياسىي ئورگانلار ـ ساقچى ئىدارەلەرى جىددىي ئىشلەشكە باشلاپ، نۇرغۇنلىغان ئىلغار كىشىلەر تۈرمەگە تاشلاندى. ئىنقىلابقا قاتناشقانلار، سىياسەتكە، ئەسكەرلىككە ئارىلاشىپ قالغانلار قامالدى. قاماقخانىلار مەھبۇسلار بىلەن تولدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى ئۈرۈمچىمۇ بىلمەگۈدەك دەرەجىدە كۆپ بولدى. ئاياللارغا ئاتاپ مەخسۇس تۈرمەلەر سالىندى. ئۈرۈمچى نامىدىن ئىجرا قىلىنىۋاتقان بۇ سىياسەت شۇنچەلىك شىددەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە شۇ قەدەر سۈرئەت بىلەن دەۋام قىلماقتا ئىدىكى، ئوكرائىنادا، قازاندا، قىرىمدا، كاۋكازدا، فەرغانەدە، سىردەريادا، سەمەرقەنتتە، يەتتە سۇ ۋىلايەتلەرىدە يىگىرمە يىلدا ئىشقا ئاشۇرۇلغان قىزىل تۈزۈم شەرقىي تۈركىستاندا يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۈن ئىچىدەلا ئىشقا ئاشتى. تۆۋەندە بۇنىڭ سەبەبلەرى توغراسىدا توختالىمىز:

**1917** ـ يىلى روسىيەدە ئىنقىلاب بولدى. تەجرىبەسىز، ئىبتىدائىي ھالەتتە تۇرغان بۇ ئىنقىلابچىلار بارا ـ بار كۈچەيدى. بۇنىڭ بىلەن جاي ـ جايلاردا كامۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتلەرى كۆپەيدى. شەرق ئۇنۇۋېرستى ۋە ئىشچىلەر پاكۇلتەسى ھەمدە ئۇيغۇرلار سىكسىيە (ئىتتىفاقى) سىدە تەربىيەلەنىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار، ھەرخىل ئۇسۇل ـ چارەلەر، پارتىيەنىڭ تۈرلۈك دىرىكتىپ (كۆرسەتمە، نىزامنامە) لەرىنىڭ كۈنسىرى كۆپەيىشى بىلەن كامۇنىستلارنىڭ قانۇن، تۈزۈملەرى بىر قاتىملىق ئەمەلىيلەشىش ۋە سىناق باسقۇچىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. رۇسىيەدە ئىنقىلاپ غەلەبە قىلغاندىن كېيىن كامۇنىستلار ۋەيرانە خارابىگە ئىگە بولغان بولۇپ، ھەر جىھەتتىن تولمۇ ئاجىز ھالەتتە ئىدى. ئۇنىڭغا ھەر تەرەپتىن دۈشمەن بار ئىدى. بارا ـ بارا مىللەتنىڭ مال ـ مۈلك، زاۋۇد ـ فابرىكالەرى كامۇنىستلار قولىغا ئۆتۈپ، پۈتۈن خەلق ئىلاجسىز ئۇلارغا بوي سۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. قىزىل كۈچلەر ئەنە

شۇنداق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا باسىپ كىرىپ **20** يىلدا توپلىغان تەجرىبەلىرىنى **20** كۈندە ئىشقا ئاشۇردىلەر. قىزىللارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئات ۋە ئەرەبەلىرى، توپ ۋە توپخانا (توپ ياسايدىغان قۇرۇلما) لىرى، مىتىراليوز (ئوق ساچار- پىلىموت)، تانكا، ئايروپىلانلىرى، تۈرلۈك ساھەلەر بويىچە مۇتەخەسسىس، تېخنىك، پروفېسسورلىرىدىن تارتىپ نۇرغۇن نەرسىلىرىنى ئېلىپ كىلىشى خۇددى ماسكاۋنى ئۆرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كىلگەندەك ئىش بولغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل يوللار بىلەن خەلقنى ئەزىش، ئۈرۈغىنى قۇرۇتۇش سىياسەتى، كامۇنىستلاردىن باشقىلارنىڭ ياشاش ھەققى يوق، دىگەن شىئار، ھەيات پەقەت كامۇنىستلارنىڭ ھەياتىدۇر، دىگەن ئىدىيەنىڭ ئەڭ جانلىق ئىسپاتى سىفەتىدە زۇلمىنىڭ ئەڭ گەۋدەلىك ئىپادەسى شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا چىققان ئىدى. ھۆكۈمەتمۇ بارلىق كۈچ ۋە رولىنى ئىشقا سېلىپ زورلۇق - زوراۋانلىقنى كۈچەيتتى.

# ھىندستان يوللاردا

كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ فەلاكەت كەينىدىن فەلاكەت كىلىۋەردى. ئىنقىلابىنىڭ دەستلەبىدە خىتاي ۋە تۇڭگانلارغا غالىب كىلگەن بولساقمۇ، كىيىن ساناقلىق تۇڭگانىنىڭ قولى بىلەن قىزىل رۇسلەر ھەممەنى مەغلۇب قىلدى. جاھان قىزىل رۇسقا قالغان مانا شۇ خەتەرلىك چاغدا بەختىمىزگە قانخور يۇسۇفجاندىن قۇتۇلغاندىن كىيىن، ئورۇسلارغا تۇتۇپ بىرگەلى بىزنى ئىزدەپ يۈرگەن خوجانىياز ھاجىمدىنمۇ قۇتۇلدۇق.

ئەمدىكى نەۋبەت قىزىل يەئجۇجلەر، كامۇنىزىم مەئجۇجلەرىگە قالدى. بۇ بالا ئۆتكەنكى بالالارنىڭ ھەر قانداقىدىن دەھشەتلىك ئىدى. الله ئۆزى ساقلاماسا بۇ بالادىن ساقلانىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى بىزگە ھىمالايا تاغلارىدىن ئاشىپ جاننى چەتكە ئالىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بەدەخشان يولىنىڭ قاچاقچىلەرى بىلەن پۈتۈشەلمەي، ھەر تەرەفكە باش ئۇرۇپ باقتۇق. نىھايەت، ھىندىستان كارۋانباشلەرىدىن بولغان ئەسلى ئافغان مۇھەممەد ئۆمەرخان باي بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن كەشمىرگە بارادۇرغانلىقىمىزنى، بىزنى بىر ئىلاج قىلىپ ئائىلەمىز بىلەن باش كارۋانغا قوشۇپ يولغا سالىۋاتىشنى ئۆتۈندۇق. بۇ باي بىزنىڭ دەۋلەت خىزمەتىنى قىلىۋاتقان ئادەملەر ئىكەنلىكىمىزنى بىلەتتى. ئۇ: «ئەپەندىم، سەفەر چىقىمىغا خىلى پۇل لازىم» دىدى. مەن ئەفسۇسلانغان ھالدا، قولۇمدا بىر ئات ۋە بىر خىچىردىن باشقا ھىچقانداق سەفەر تەييارلىقى يوقلىقىنى ئەيتتىم. شۇنداقتامۇ ئۇنىڭدىن قولىمىزدا ئىككى دانە تاپانچا بارلىقىنى يوشۇرماي: «سوفىي بىك ھاجىنىڭ قولى بىلەن سىزگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتتىن باشقا يەنە لوندون ماركالىق، **31950** نومۇرلۇق بىر ئالتۇن تاپانچا ھازىر يانىمدا، - دىدىم مەن. ئۆمەر باي بۇنى ئاڭلاپ: - بۇ قوراللارنى نىمە قىلىسىز؟ ئەپەندىم؟ - دىدى. مەن : - چۆيۈن تاپانچانى خەرىدار بولسا ساتامەن، بولماسا تاشلاپ كەتۈرمەن. ئەمما ئالتۇن تاپانچانى **35** دانە ئالتۇن ئوقى بىلەن ساقلاپ، ئىنگلىز ھۇدۇدىغا بارغاندا ئوقلارىنى كۆمۈپ تاشلاپ، تاپانچىنى سۇندۇرۇپ ئالتۇنىنى چىقارىپ، زەرگەرگە ساتىپ يول چىقىمى قىلىمەن، - دىدىم.

مۇھەممەد ئۆمەرباي: - دەۋلەتكە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغانلار

شۇنداق قۇرۇق قول چىقىدۇر، - دىگەن ئىدى، شۇ هامان زىيا پاشانىڭ بۇ مىسرالەرى ئەسىمگە يەتتى:

دەردە ئوغرار كىم ساداقەت ئەتسە ئەلبەت دەۋلەتە،
ئىستىقامەت مەهزى جەننەتتۇر بۇ مۈلكۈ - مىللەتە

تەرجەمەسى:

كىم دەۋلەتكە سادىق بولۇر دەرت تاپقۇسى ئۆزىگە
پۇقەرالىقتا ياشىماق كىرمەك جەننەت ئۆيىگە

ئۇ شۇنداق دىگەندىن كىيىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ئەپەندىم! ئالتۇن تاپانچانى ماڭا كىرا هەققى ئورنىدا بىرسۇنلەر، ئاتچىلەرىم سىزنى كەشمىرگە يەتكۈزۈپ قويسۇنلەر. بىر هەپتە ئىچىدە، ئاۋغۇست ئايىنىڭ باشلارىدا جۇرە باي كارۋانباشى بولۇپ 46 ئات يۈك بىلەن قارغەلىقتىن يولغا چىقادۇر. ئوزلەرى شۇلار بىلەن بىرگە ماڭىشقا هازىرلانسۇنلەر، - دىدى. مۇهەممەد ئۆمەر بايدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوشلىقىمدىن قۇلاقلەرىمگە ئىشەنگۈم كىلمەي قالدى. «خان ساهىب! مەن مۇشۇ دەقىقەدە هازىرمەن، ئالتۇن تاپانچا جانابلارىغا مۇبارەك بولسۇن، بۇنداق ئۇلۇغ سەفەر بىزگە مۇبارەك بولسۇن»دىدىم مەن. بىز شۇنداق قىلىپ يولغا چىقتۇق. شەهەردىن چىققۇچە قەلئە دەرۋازابەندلەرى توسقان ئىدى، يول خەتنى كۆرسۇتۇپ ئۆتتۇق. دەريا بويىغا بارغاندا چىگەرا ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر: «بۇ يەردىن قۇش ئۇچۇپ، ئادەم ماڭىپ ئۆتەلمەيدۇر» دىپ بىزنى قايتۇرۇۋەتتى. بۇ چاغدا ئەسىمگە شاكىر ئاخۇننىڭ يازىپ بىرگەن تەۋسىيە خەتى كىلىپ، دەرهال ئات چاپتۇرۇپ پولات تىڭجاڭنىڭ قاشىغا بارىپ، ئۇنىڭغا تەۋسىيەنى كۆرسەتتىم. ئۇ كاتىبىغا بۇيرۇق قىلىپ بىزگە يول خەتى قىلدۇرۇپ، بادامچە تامغاسىنى باسىپ بىردى. بىز دەريا بويىغا كىلدۇق. قىزىل ساقچىلەر تامغاگە سالام بىرىپ، بىزگە ئىجازەت بىرىشتى. دەريانىڭ ئۇ قاتىغا قايىق بىلەن ئۆتتۇق. قىرغاقتا چىقىپ تۇرۇشىمىزغا تۇڭگانلارغا تۇتۇلۇپ قالدۇق. ئۇلار بىزنى قارغەلىقدەكى باش قوماندانلارىنىڭ ئالدىغا ئالىپ باردىلەر. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ: «كىم سىلەر؟ نىمە ئۇچۇن كىلدىڭلار؟ نەگە بارۇرسىلەر؟» دىپ سوراشتى. مەن بىزنىڭ سەۋداگەر ئىكەنلىكىمىزنى، باينىڭ ئاتچىلارى بىلەن هەجگە كەتىۋاتقانلىقىمىزنى ئەيتتىم. ئۇلار گەپىمگە ئىشەنمەي كارۋان

باشىنى چاقىرتىپ كىلدى، جورە مەنىڭ سۆزلەرىمنى تەستىقلىغاندىن كىيىن بىزگە ئىشەندى. ئۇلار بىزگە: «بۇ ئادەملەر سەۋداگەرلەر، ئات ۋە ماللارىغا، خورجۇنلارىغا دەخل قىلىنماسۇن، بەيتۇللاھقا بارادۇر» دىپ يولخەتى يازىپ بىرىپ بىزنى جورە بايگە تاپشۇردى. بىر - ئىككى كۇن سەفەر تەييارلىقى قىلىپ يىپەك، كىگىز ۋە باشقا تۈرلى ماللار يۈكلەنگەن 46 ئات بىلەن يولغا چىقىپ، قارغالىقتىن ئايرىلدۇق. ئايلاردىن بىرى ئارزۇ قىلغان، جەنابى ھەقتىن ھەمىشە نالە ۋە زار بىلەن تىلەگەن مۇبارەك سەفەرگە ئاتلاندۇق.

1933 - يىلى، 8 - ئاينىڭ 8 - كۇنى قارغەلىقتىن يولغا چىقىپ كارۋان بىلەن تەڭ بەئزى داۋانلارنى قوتاز بىلەن، بەئزىلەرىنى خىچىر بىلەن باستۇق. ھىمالايا تاغلارى كەبى دۇنيانىڭ ئەڭ ئىگىز تاغلارىنى ئات بىلەن باستۇق. گاھ قار تەكتىدە قالدۇق. گاھ سۇسىز قالدۇق. دىپسىن داۋاندا ھاۋانىڭ يوقلىقىدىن بەرەنج (گۈرۈنچ) پىشماي غىزاسىز قالدۇق. سەسى داۋاندا يولنى مۇز قاپلاپ كەتكەچكە ماڭالماي، بىر - ئىككى كۇن يول ئاچىلىشىنى كۈتتۇق. بىز ئاخىرى مىڭ بىر مەشەققەت بىلەن «پاناموغ» دىگەن بىر جايغا كىلدۇق. بىز بۇ يەردە اللہ نىڭ نىئمەتىگە نائىل بولدۇق. ئۇ بولساموبۇ يەردە بىر تەبىئي ئىسسىق بۇلاق بولۇپ بىز بۇلاقنىڭ سۇيىدە باش - ئاياقلارىمىزنى چايقاپ، پاكىزەلەنۋالدۇق. اللہ قا ئالقىشلار ئەيتىمىزكى، شۇنداق راھەتلەندۇق. بىز يەنە يولىمىزغا راۋان بولدۇق. يەتتەدەك ئات يول ئۇستىدە ئۆلۈپ كەتتى. يۈكلەرىمىز چۆلدە قالدى. نىھايەت 66 كۇن بولغاندا كەشمىرگە يەتىپ كىلدۇق. قولىمىزدا بىرلا ئات قالغان ئىكەن، ئۇ ئاتنى 35 رۇپىيەگە ساتىپ خەرجلەدۇق. بىزدىن بۇرۇن كەشمىرگە كىلگەن، ئۆز دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئاكتىپ ھەرەكەت قىلغان ملەتچىلەر، مۇنەۋۋەرلەردىن بىرقىسمىنى ئۇلار كەشمىرگە كىلىپ ھىچ قانچە ۋەقت ئۆتمەستە ھىندىستان ھۆكۇمەتى تۇتۇپ ئۈرۈمچى ھۆكۇمەتىگە تاپشۇرۇپ بىرىپتۇر. شۇ جۇملەدىن ساتىپ ئالدى جاننى گىلگىتتىن قايتۇرۇپ كاشغەرگە يولغا سالىپتۇر. ئۈرۈمچى ھۆكۇمەتى (لىۇبىڭ سىلىڭ) ساتىپ ئالدىجاننى كاشغەر يىڭى شەھەردە ئاشكارا ئاتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ سوغۇق خەبەرنىڭ ئاۋازى كەشمىرگەمۇ كىلدى. بۇنى ئىشتكەن ھامان ھىلىغاچە كەشمىردە تۇرۇۋاتقان سۇلتانبىك ئۇزى يالغۇز بىر كىچىدەلا كەشمىردىن غائىب بولدى. ئاڭلاساق، بومباي يولى بىلەن ھىجازگە كەتىپتۇر. بۇ ئېچىنىشلىق ۋاقىئەلەر ھەممەنى ھۈركۈتۈپ، بىر چوقۇپ ئۇن قارايدۇرغان قىلىپ قويدى. بىزلەرمۇ ئىشمىزنى

ياراتقاننىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇپ شۇ زەھمەتلىك، مەشەققەتلىك سەفەرنى قايتا كۆزگە كۆرسەتمەگىل يارەب دەپ يىغا ـ زار قىلىپ، تەقدىرنىڭ ياخشى كۈنلەرنى كۈتۈپ كەشمىردە ئىجارەگە ئۆي ئالىپ تۇردۇق.

# شەرقي تۆركستان ئىنقىلابىنىڭ ئاقىبەتى

نەۋبەتتە، شەرقىي تۆركستاندا بىر تۈرلۈك مۇختارىيەت (ئاپتونومىيە) شەكلىنى ئالغان، ئىچكى ئىشلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئەركىن بولغان بىلەن تاشقى ئىشلار بىلەن ئەلاقەسى يوق ئۆمرى قىسقا قورچاق ھۆكۈمەت دەۋرى باشلاندى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ نامى خىتاي ھۆكۈمەتى، ئەمما ماھىييەتتە رۇس ھۆكۈمەتى ئىدى. رەھبەرلەر رۇسلاردىن، تېخنىك، ئىنجىنىرلار روس، ئەسكەرلەر، قۇماندانلار، گىنراللار روس، مۇئەللىملەر روس، بارچە ھەربىي ۋە غەيرى ھەربىي كۈچلەر روسلارنىڭ قولىدا بولۇپ، بىر خىتاي ئۆرۈمچىدە خۇددى قورچاقنىڭ ئورنىدا رەئىس بولۇپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ چۇلۋۇرى رۇسلارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇ چاغداكى ئۆرۈمچى ۋە ئۇنىڭ رەئىسىنىڭ پوتو كوفىيەسى (ئەينى ھالەتى) شائىرنىڭ تۆۋەندە ئەيتقانلەرىگە تولامۇ ماس كىلەر ئىدى:

بادىلى گۇفتەمكى ئەي دىل ئەھۋالىتۇ چىست؟
بىچارە، بەخۇن تەپىد ۋە بىسيار گىرىست
گۇفتاكى چەگۇنە باشەد ئەھۋالى كسى؟
كورا بەمۇرادى دىگەران بايەد زىست

تەرجەمەسى:

مەن دىلدىن سورىدىم ھالىڭ قانداق؟ دەپ
بىچارە، قان يىغلاپ قالدى ئۇمچەرەپ
ئاخىرى ئەيتتىكى، قانداق بولماقچى؟
ياشىغان مەندەكلەر ئۆزگەلەرنى دەپ

# خوجا نىياز غازى ئاتانىڭ خىتايلار بىلەن ئىتتىفاق تۈزۈشى

مۇسۇلمانلار بىر- بىرلەرى بىلەن ئىتتىفاق بولغان چاغلاردا ھەرقاچان الله نىڭ ياردەمى ۋە نۇسرەتىگە نائىل بولۇپ، بىرلىك كۈچى، ئىمان كۈچى بىلەن غەلەبەدىن غەلەبەگە ئېرىشىپ، خىتايلارنى ئۇسال ھالغا چۈشۈردىلەر. كىيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاراسىغا ئىختىلاپ چۈشتى. بۇنىڭدىن فائىدەلانغان خىتايلار دەمىنى ئالىشقا باشلادى ـ دە رۇسلارغا يان بىرىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىفاق تۈزدى. خىتايلار بۇ ئىتتىفاقتىن كىيىن رۇسلاردىن ئالغان ياردەملەر تۈرتكەسىدە تىخىمۇ كۈچەيدى. رۇسلارنىڭ ئۇلارنى ماددىي ۋە مەئنەۋىي جەھەتلەردىن قوللاپ، قوۋۋەتلەشى ۋە يول كۆرسۈتۈشى ئارقاسىدا خىتايلار تۇڭگانلار بىلەن تۈركلەرنىڭ ئاراسىنى بۇزۇشقا مۇۋەففەق بولدى. مانا شۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ئاراسى بۇزۇلدى. ئۇلار يارىشىۋالىشى مۇمكىن بولمايدۇرغان دەرەجەدەكى دۈشمەنلەرگە ئايلانىپ كەتتى. بىر- ئىككى قاتىملىق ئۇرۇش مەيدانىدا تۇڭگانلار غالىب، خوجانىياز ھاجىم مەغلۇب بولۇپ خىللا ھالىدىن كەتتى. شۇنداق بىر فۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان خىتايلار خوجا نىياز ھاجىم بىلەن دوستلۇق ئەلاقەسى ئورناتىشقا باشلادىلەر. زەماننىڭ تەقازاسىچە مۇزاكەرەلەر نەتىجەسىدە خىتايلار بىلەن غازى ئاتا بىر كىلىشىمگە ئىمزا قويدىلەر. بۇ كىلىشىمنىڭ تىكىستى تۆۋەندەكىچە:

خىتايلار تەرەفىدىن غازى ئاتاغا بىرىلەدۇرغان ياردەملەر:

**1**.مىڭ دانە مىلتىق ۋە ئۇنىڭغا كەتەرلىك ئوق

**2**.بىر مىليۇن سەر پۇل، بۇنىڭ**%35** نەخ، قالغان قىسمى تۇڭگانلارنىڭ سەردارى ماجۇڭيىڭنى شەرقىي تۈركىستاندىن قوغلاپ چىقارغاندىن كىيىن تاپشۇرۇلادۇر.

**3**. خوجا نىياز ھاجى چىن ھۆكۈمەتىنىڭ جەنۇبىي رايۇن قۇماندانلىق سىفەتى بىلەن قۇمۇل، تۇرپان، ئالتە شەھەر ۋىلايەتلەرىنى، جۈملەدىن خىتاينىڭ جەنۇب، غەربىي شىمال قىسمىنى باشقۇرادۇر.

**4**. خىتايلار بىلەن تۇڭگانلار ئاراسىدا جەڭ بولۇپ قالسا، خوجا نىياز

ھاجىم خىتايلارغا ئەسكەرىي ياردەم قىلادۇر ياكى بىتەرەپ قالادۇر.

بۇ كىلىشمگە خوجانىياز ھاجىمنىڭ يېقىنلەرىدىن بەئزىلەر قوشۇلمايدۇر. ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنلەرمۇ بولادۇر. (يولبارسبەگ ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر)

خوجا نىياز ھاجى تۇڭگانلارنى شەرقىي تۈركستاندىن سۈرۈپ چىقارىشقا مۇۋەففەق بولالمايدۇر. بۇنى كۆرگەن خىتايلار ياردەمنىڭ يېپىنى تارتىشقا باشلادى. ئارادا تۈزۈلگەن ئاتالمىش كىلىشىممۇ ئەمدى قۇرۇق قەغەزگە ئايلانىپ قالغان ئىدى.

# فۇكاڭ بىتىمى

قاچاندۇر خوجا نىياز ھاجىم بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ئاراسىغا ئىختىلاپ چۈشتى، شۇندىن باشلاپ خوجا نىياز ھاجىمنىڭ بىر دۈشمەنى ئىككى بولدى. ئۇنى بىر تەرەفدىن خىتاي يەنە بىر تەرەفدىن تۇڭگان گويا ئىككى تەرەفتىن قادالغان خەنجەر بولۇپ ئاراغا ئالغان ئىدى.

خوجا نىياز ھاجى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەئزى مۇشاۋىرلەرىنىڭ مەسلەھەت بىرىشى بىلەن روسىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. خوجا نىياز غازى ئاتانىڭ ساۋېتلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى قاراماققا ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلرەكىنى تاللاشتەك بىلىنسەمۇ بۇ ئىشنىڭ نەتىجەسى ئاقىبەتتە ئايرىم ئەيتقاندا ئىستىقلالچىلارنى، بىر پۈتۈن ئەيتقاندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى فەلاكەتكە ئازگالىغا سۆرەدى.

**1932** ـ يىلى ئاپرىل ئايىدا فۇكاڭ دىگەن جايىدا خوجا نىياز ھاجى بىلەن ساۋېتلەر ئاراسىدا مۇئاھەدە (بىتىم) ئىمزالاندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ بىتىم «فۇكاڭ بىتىمى» دىيىپ ئاتالدى. بىتىمنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندەكىچە:

**1** ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ چەتئەللەر بىلەن ئالىپ بارادۇرغان سەۋدا ۋە سانائەت ئەلاقەلەرى فەقەت ساۋېتلەر روسىيەسى ئارقالىق بولۇدۇر.

**2** ـ خوجا نىياز ھاجىنىڭ سىياسىي مۇناسەبەتلەرى پەقەت ساۋېتلەر بىلەنلا بولادۇر، باشقا دەۋلەتلەر بىلەن سىياسىي ئەلاقە قىلمايدۇر.

**3** ـ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەربىي تەئلىم ـ تەربىيە، پەن ـ تېخنىكا ئىشلارىغا كېرەكلىك مۇئەللىملەر، قوماندان ـ يىتەكچىلەر، مەئارىف ۋە ئاقارتىش ئىشلەرىنى ئالىپ بارىشقا يىتەكچىلىك قىلادۇرغانلار، دوختۇرلار، مىتال ئايرىش، كان ئاچىش ئىشلەرىدەكى تېخنىك ـ مۇتەخەسسىسلەر ۋە شۇلارغا ئوخشاغان بارلىق ئىشلاردىكى ئىلمىي يىتەكچىلەر پەقەت ساۋېتلەردىن بولادۇر. بۇلارنى باشقا دۆلەتلەردىن تەلەب قىلىشقا بولمايدۇر. خوجا نىياز ھاجىنىڭ ھەرقانداق تەلەبى ساۋېتلەر تەرەفدىن قاندۇرۇلادۇر.

يۇقارقى شەرتلەر ئاستىدا ساۋېتلەر خوجا نىياز ھاجىمغا ئېھتىياجلىق قوراللارنى بىرەدۇر، ماددىي ۋە مەئنەۋىي جەھەتلەردىن ياردەم قىلادۇر. خوجا

نىياز ھاجىمنىڭ دوستىغا دوست، دۈشمەنىگە دۈشمەن بولۇپ، ھەر قانداق ئىشتا زىچ ھەمكارلاشادۇر. كېرەك بولغان چاغدا ھەربىي ياردەملەرنى ئايامايدۇر. بۇ بىتىم بويىچە ساۋېتلەردىن بىرىلەدۇرغان بىرىنچى ياردەم مىڭ **(1000)** دانەدىن ئارتۇق مىلتىق ۋە ئوق، نەچچە مىڭ تال قول بومباسى، بىر نەچچە يۈز تال تاپانچا.

بۇ قوراللارنىڭ ھەممەسى ساۋېت ماركالىق، كېۋ قورال زاۋۇدىدىن چىققان قوراللار ئىدى.

# ئەركەشتام زىيارەتى

خوجا نىياز ھاجىم كاشغەردىن چىكىنكەندىن كىيىن ئۇدۇل ئەركەشتامغا بارادۇر. ئۇ بۇ يەردە رۇسلار بىلەن تۈزۈشكەن يۇقارقى بىتىمگە كۆرە، ئۇلاردىن ياردەم تەلەب قىلادۇر. رۇسلار خوجا نىياز ھاجىمغا بىرىلگەن ۋە بىرەدۇرغان قورالار بەدەلىگە ئالتۇن ئاقچا تەلەب قىلادۇر. خوجا نىياز ھاجىم خەزىنەچىسىنىڭ قولىداكى ھەمدە كاشغەر مالىيەسىدىن ئالغان ئالتۇنلارنى، خوتەن مۇجاھىدلەرىدىن ياركەنتتە ئالغان نەچچە مىڭ سەر ئالتۇننىڭ ھەممەسىنى ئەركەشتامدا روسلارغا تاپشۇرادۇر (بىر سەر ئالتۇن ئۈچ يارىم دانە ماسكاۋ ئالتۇنغا تەڭ كىلەتتى). روسلەر ئالتۇنلارنى تاپشۇرۇپ ئالىپ بولۇپ، خوجا نىياز ھاجىمغا قورالار ماسكاۋدىن كىلگۈچە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئەيتادۇر، بۇ چاغدا خوجا نىياز: «ئالتۇنلارنى تاپشۇرۇپ بولساقمۇ قورالارنى نىمشقا بىرمەيسلەر؟» دەيدۇر، رۇسلار ئۇنىڭغا: «سىزلەر فۇكاڭ بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، كاشغەردە ئىستىقلال ھۆكۈمەتىنى قۇردۇڭلار» دەيدۇر. خوجا نىياز ھاجى: «ئۇنى مەن قۇرمادىم، ئۇلار ئۆزلەرى قۇردى» دەيدۇر. روسلار: «ئۇنداق بولسا، ئىستىقلالچى ۋە مىللەتچىلەرنى، خوتەن ھۆكۈمەت كىشلەرىنى يوقۇتۇش بىتىم مەزمۇنى بويىچە سىزنىڭ ۋەزىيفەڭىز» دىپ ئۇنىڭغا قولغا ئالىنىشى كىرەك بولغان ئون بىر (11) نەفەر ئادەمنىڭ رويخەتىنى تاپشۇرادۇر. ئەركەشتام زىيارەتى مانا شۇنداق ئاياغلاشادۇر.

نەتىجە شۇ بولدىكى، فۇكاڭ بىتىمگە كۆرە، قورال ئۈچۈن روسلارغا بىرىلگەن ئالتۇنلار ئۇدۇل ماسكاۋغا ئىبەرىلدى. بۇ ئالتۇنلار بەدەلىگە خوجانىياز ھاجىغا بىرىلەدۇرغان قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورالار ماسكاۋدىن كىلەدۇرغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن خوجا نىياز ھاجىمنىڭ ئۇمىدى سۇغا چىلاشتى. ئالتۇنلار ماسكاۋ خەزىنەسىگە چۈشۈپ كەتتى. ئالتۇنگە ئائىد يەنە بىر ۋاقىئە ـ مىللىي مۇختارىيەت دەۋرىدە كاشغەردە مەھمۇد سىجاڭ تەرەفىدىن بىر مۇنچە زىخ ئالتۇن توپلاندى. بۇ ئالتۇنلار تۆت ئەسكەرنىڭ ھمايەسىدە ئەھمەد پاختا ۋە قاسىم ئاخۇنلارنىڭ قولى بىلەن تاشكەنتكە ئىبەرىلدى. بۇلار ئالتۇننى ئالىپ ئەركەشتام، ئوش، ئەندىجان يولى بىلەن تاشكەنتكە باردىلەر. ئۇلار شۇ

يەردەكى ساۋېت ۋاكالەتخاناسىغا ئالتۇنلارنى تاپشۇردىلەر. روسلەر ئالتۇنلارنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلارغا ھۆججەت يازىپ بىردى. ئەھمەد پاختا ۋە قاسىم ئاخۇنلار ۋەزىيفەنى ئۇتۇقلۇق ئەدا قىلغان بولۇپ كاشغەرگە قايتتىلەر. ئەمما ھىلقى ئالتۇنلارنىڭ ئورنىغا ھىلغا قەدەر كاشغەرگە قورال ۋە يا باشقا ئەسكەرىي لازىمەتلىكلەردىن ھىچ قانداق نەرسە كىلگەنى يوق. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي ۋارىسلەرى بىر كۈن بولماسا بىركۈن قايتا مەيدانغا چىقسا، ئۆزلەرىنىڭ ئەنە شۇ سوراقسىز قالغان تەبىئىي ھەق (ئالتۇن) لەرىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۇنى ئۆز قوللارىغا قايتۇرۇپ ئالادۇر. ھازىرچە تارىخقا يازىش بىلەن چەكلەنەمىز، خالاس.

ئەمەلىييەتتە، روسلارنىڭ بۇ خىلدەكى ئويۇنلەرى ئۇلارنىڭ تارىخىدا بولۇپ كىلىۋاتقان ئىشلاردىندۇر. مىسالغا ئالساق، **1935** ـ **1937** ـ يىللەرى ئىسپانىيەدەكى ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە جۇمھۇرىيەتچىلەر ماسكاۋغا بەش يۇز مىليۇن **500**،**000000** ئامېرىكا دوللارى قىيمەتىدەكى ئالتۇننى ئەمانەت قويغان (خۇددى مۇشۇككە جىگەر ئەمانەت قويغاندەك). ماسكاۋ دەۋلەت كىشلەرى زور خۇشھاللىق بىلەن بۇ ئالتۇنلارنى قەبۇل قىلغان، كېيىن ئىسپانىيەدە ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشىپ، ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسپانىيە ھۆكۈمەتى روسلاردىن ئامانەت ئالتۇنلارنى قايتۇرۇشنى تەلەب قىلغان، بىراق روسلار كۈتمەگەن يەردىن چىقىپ، ئالتۇنلارنى قايتۇرۇپ بىرىشكە ئۇناماغان. يىقىنقى بىر مەزگىلگە كىلگەندە ئىسپانىيە ماسكاۋدىن ھىلقى ئالتۇنلارنى يەنە تەلەب قىلغان. يەنە بۇ قاتىمۇ روسيە مىڭ بىر باھانەلەرنى كۆرسەتىپ ئالتۇنلارنى بىرمەگەن. روسلار ھەر ماكان ۋە ھەر زەماندا ئەشۇنداق ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ كىلگەن.

ئەي تۈركىستانلىقلار!ئەي مۇسۇلمانلار! كۆزۈڭنى ئاچ! روسلارنىڭ ئويۇنلارىدىن ئاگاھ بول! ئالدانما!

خوجا نىياز ھاجىم ئەركەشتامدىن قايتقاندىن كېيىن ئۇدۇل ياركەنتكە كىلدى. ئۇ ياركەنتكە كىلىپ خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان كاشغەر ئىستىقلال ھۆكۈمەتىگە مەنسۇب كىشلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلادى. تۇتۇلغان كىشلەرنى ئۇدۇللۇق ئۆرۈمچى ھۆكۈمەتىگە تاپشۇردى. ئۆرۈمچى ئۇنى بۇ تۆھفەلەرى بەدەلىگە باشتا بىر ئاز باقتى، كېيىن ياقتى.

خوجا نىياز ھاجىم خىتايلار بىلەن تۈزگەن بىتىمدەكى تەلەب بويىچە تۇڭگانلارنى يەكەلمەگەندىن كېيىن بۇ بىتىم كۈچتىن قالدى. يەتىم ھالەتتە قالغان خوجا نىياز ھاجىم روسلار بىلەن ئىتتىفاق تۈزدى. روسلارنىڭ دوستى بولغان جىڭ شۈرىنىنىڭ ئوبدان خەبەرى بار، پۈختا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ئىتتىفاق نەتىجەسىدە خوجا نىياز ھاجىم پۈتۈنلەي چەمبەر ئىچىگە ئېلىندى.

مانا شۇنداق ۋەزىيەتتە، بىر تەرەپتىن روسلارنىڭ ھەربىي ۋە تېخنىكا كۈچىنىڭ قىزىقتۇرۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايلار تەرەپتىن كىلىۋاتقان كۈچلۈك خىرىس تۇڭگانلارنىڭ مەشھۇر قوماندانى گاسىلىڭ (ماجۇڭيىڭ) نى روسىيەگە جەلب قىلدى. گاسىلىڭ دەرھال ھاۋا يولى بىلەن تاشكەنتكە چۈشتى. گاسىلىڭنىڭ ئىنىسى ماخۇسەن بولسا، خوتەننى ئىشغال قىلدى. ئۇ خوتەننى ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدا ئىككى يىلچە سورادى. ئۈرۈمچى بولسا، ئاھەستە - ئاھەستە ۋالىلارنى كامۇنىستلاردىن سايلادى. مۇھىم ئىش نوقتالارىغا كامۇنىستلار كىلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن روسلارنىڭ ئىستىلاچىلىق غەرەزى ئاشكارا مەيدانغا چىقتى. بۇ چاغقا كىلگەندە تۇڭگانلار ئۈزلەرى پەيدا قىلغان ۋولقانغا ئۈزلەرى ياقىلغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ جانجان ۋەتەنىمىز شەرقىي تۈركىستان روسلەرنىڭ قولى ۋە كۈچى بىلەن يەنە خىتايلارنىڭ تۈمۈر تاپانى ئاستىدا قالدى.

بۇ يىڭى ھاكىمىيەتنىڭ ھەرخىل يوللار بىلەن تۈيدۈرماي زەربە بىرىشى ئارقاسىدا مەھمۇد سىجاڭنىڭ كاشغەردەكى قورچاق مۇختارىيەت ھۆكۈمەتىنىڭ ئۈمرىمۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارالمادى. مىللەتچى كۈچلەر، ئىنقىلابچىلار، ھۆررىيەتچىلەر ھەرخىل زىيافەت ۋە يىغىنغا چاقىرىش باھانەلەرى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كىلىنىپ ھەممەسى جاندىن جۇدا قىلىندى. ئۇنداق بولماي قالغاندامۇ سۈرگۈن قىلىندى. مەيدان يەنە خىتايگە قالدى. گەرچە يۇرتنى سوراۋاتقانى خىتايلار بولسامۇ ئۇلارنى پەردە ئارقاسىدا باشقۇرۇۋاتقانلار روسلار ئىدى. بارا - بارا پەردە كۆتۈرۈلدى. روسلار ئۆز مەقسەدلەرىنىڭ ئوبدانلا ئىشقا ئاشۇۋاتقانىنى كۆرۈپ، بىر ئاز جانلانىپ تىخىمۇ ئاشكارا ھەرەكەت قىلىشقا باشلادى[46]. ئەمدى شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا قارشى تۇڭگانمۇ قالماغان،

46 - 1937 - 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كاشغەر تۈرمەسىدەكىلەرنىڭ ھەممەسىنى ئوققا تۇتۇپ ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەدلەرىنى ياغ ساچىپ كۆيدۈردى. شۇ قاتىم ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە ئۇكام

مىللەتچىلەرمۇ قالماغان، خوجا نىياز ھاجىممۇ قالماغان ئىدى. ئۇلار ھەممە يەرنى ئۆز ئىتلەرى بىلەن ئوۋلاپ، لىمۇنلەرنى سىقىپ سۈيىنى ئالدى، پۇچاقلەرنى ئاتتى، پەقەت ئاندا - ساندا پىشبىن (يىراقنى كۆرەر) بولغانلار ئۆزىنى سىرتقا ئالالادى. دوختۇر مەجدۇددىن بېك، مەھمۇد سىجاڭلەر ئەنە شۇنداق قىلغانلاردىندۇر. **1937** - يىلى مەھمۇد سىجاڭ ھىجازغا كەتتى.

شەرقىي تۈركىستان تۈركلەرىنىڭ ئويغۇنىشى بىلەن **1931** - يىلى مەيدانغا كىلگەن ئىنقىلابىنىڭ مۇەسى سىفەتىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەتىنىڭ دەۋلەت كىشلەرى ئۆزلەرى ئىگەلەپ تۇرغان ماددىي ۋە مەئنەۋى كۈچنى لايىقىدا ئىشلەتەلمەدىلەر ياكى ئىشلەتىشنى بىلمەدىلەر. خەلق بولسا مالى بىلەن، قانى بىلەن فىداكار بولۇپ، مەيدانغا چۈشتى. يولباشچىلارىغا جانلەرنى، قانلەرنى فىدا قىلدى. ئەمما يولباشچىلار ئۆزلەرىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىنمۇ ياكى دۈشمەنلەرىنىڭ ھەر جىھەتتە كۈچلۈك كىلىپ قالغانلىقىدىنمۇ ۋە ياكى باشقا سەبەبلەردىنمۇ ئەيتاۋۇر الله يولىدا، ۋەتەن ئۈچۈن ئۆلسەك شەھىد، ئۆلتۈرسەك غازى دىپ بايراق كۆتەرگەن مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن، قانىدىن لايىقىدا فائىدەلانالمادى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تىز پارلىغان بۇ يۇلتۇز يەنە تىز ئۆچتى. ھاكىملەر ئەسىر بولدى، ئەسىرلەر ھاكىم بولدى. نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى، دەسەڭىز، الله نىڭ ئىرادەسى شۇ ئىكەن، شۇنداق بولدى.

سىياسەت ئويۇنلارىنىڭ خىلى شاھمات ئويۇنىدىنمۇ كۆپ بولادۇر. بۇ ئويۇندا بىر ئويۇنچى يەنە بىر ئويۇنچىنىڭ نىمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالادۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ماسكاۋ - ئۈرۈمچى ئورتاسىدەكى كىلمات بىراقلا ئۆزگۈرۈپ، ماسكاۋ خىتايغا بىرىپ كىلىۋاتقان ياردەمنى توختاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ كۈچى ئاجىزلادى - دە، دەرھال ئىچكى سىياسەتنى بوشاتتى. ئالتە شەھەرنى ئالتەگە تەقسىملەپ، ھەممەسىنى ئىچكى مۇستەقىللىققا ئىگە قىلىپ، ئۆزى خاھلاغانچە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئىمتىيازىنى بىردى. مۇنداقچە ئەيتقاندا مۇختارىيەت بىردى. بۇ يىڭى ۋەزئىيەتتەكى مەئمۇرىي تەقسىمات تۆبەندەكىچە بولدى:

---

مۇھەممەد سىددىقمۇ بار ئىدىلەر. يۇرت كىشلەرى ئۇلارنىڭ جەسەد قالدۇقلەرىنىڭ ھەممەسىنى يىغىپ يارباغ دەرۋازاسىنىڭ سىرتىداكى بىر جايغا دەفن قىلغان. بۇ جاي ئەل ئاغزىدا «شەھىدلەر مەزارى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئىش بولغاندىن كىيىن ئانام مەرھۇم ئۇكامنىڭ دەردىدە ئەقل - ھۇشىدىن قالدى. شۇ قاتىقمى ۋاقىئەدە شەھىد بولغان بارلىق كىشلەرگە ۋە ئۇكام مۇھەممەد سىددىيققا الـلـه رەھمەت قىلسۇن.

**1**.خوتەننىڭ ۋالىلىقىغا ماخوسەن بەلگىلەندى. چىن (خىتاي)، تىبەت چېگەرالارىغاچە بولغان زېمىن ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرەسىدە بولدى

**2**.ياركەنت ۋىلايەتىگە پولات تېڭجاڭ ۋالى بولدى، يېڭى ھىسارغا غافىر تېڭجاڭ ھاكىم بولدى

**3**.ئاقسۇ، قارا شەھەر ۋىلايەتلەرىگە سالىھ لۆيجاڭ بەلگىلەندى.

**4**.قۇمۇلغا يولبارسبەگ بەلگىلەندى،

**5**.كاشغەر، تاشقورغان، روسىيە چېگەراسىغاچە بولغان زېمىننى ئىدارە قىلىش ھوقوقى مەھمۇد سىجاڭغا بېرىلدى.

**6**. ئالتايغا قازاقلاردىن شەرىفخان بەلگىلەندى.

خوجا نىياز ھاجىم بولسا، ئۆرۈمچىدەكى خىتاي رەئىس (شېڭ شىسەي)گە مۇئاۋىن رەئىسلىك تەختىگە ئولتۇردى. ئەمدى گاھ خوجا نىياز ھاجىم نامىدىن، گاھ خىتاي رەئىس نامىدىن پەرمانلار چىقىپ تۇرادۇرغان بولدى.

خۇلاسە قىلىپ ئەيتقاندا، مۇختارىيەت ھوقۇقى بېرىلگەن ھەر قايسى ۋىلايەتلەر بولۇپمۇ كاشغەر ۋىلايەتى ئىچكى ئىشلاردا خىلى ئەركىن ھەرەكەت قىلدى. ئۆرۈمچىدەكى خىتايلار بۇلارنى ئۆز يولىغا قويۇپ غەفلەتتە قالدۇرۇش سىياسەتى بىلەن ئىدارە قىلىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال خىلى بىر مەزگىل شۇنداق دەۋام قىلدى. تۆۋەندە ئەنە شۇ مۇختارىيەت دەۋرىدە كاشغەر مەتبۇئاتلارىدا باسىلغان «شېئىر دۇئىلى»دىن ئۇقۇرمەندلەرگە نەمۇنەلەرنى كۆرسەتۇمىز:

تاشكەنت ئەدەبىياتىدىن

يار ئىشكىڭدە كىم بار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمەدىڭمۇ؟
چىرتار ئىشىك ۋاپادار بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
ۋەسلىڭ تىلەپ تۇرار يار بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ
خىزمەت قىلىشقا تەييار بىلدىڭمۇ بىلمىدىڭمۇئ

يار ئىشكتە مۇئەتتەل تۇر دىلبەرىم خەبەر ئال
ئاشقىنىڭ ئىئتىقادۇ- ئىخلاسىگە نەزەر سال
سوغا قىلىپ كىتۇرمىش باشىڭگە شاھى رويمال
ئال ئىلكىدىن، ئوراپ ئال بۇ ساڭا بەختۇ- ئىقبال
ئەيتىشكە كىلدى «يار-يار» بىلدىڭمۇ؟ بىلمەدىڭمۇ؟

خالىڭنى نۇقتە قىلغىل ئىشقىم رىسالەسىگە
ئەھدىڭنىڭ دەفتەرىن ئاچ ھۆسنۇڭنىڭ ۋالەسىگە[47]
بۇلبۇلگە نەقشە ئۇرگەت ھىچ قويما نالەسىگە
كاشغەر شەرابىدىن قۇي چۇستى(چىڭ) پىيالەسىگە
بولدۇم بۇ مەيگە خۇممار بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟

كاشغەر مەتبۇئاتىدا يازىلغان ياندۇرما:
تۇرما ئىشكتە ئەي مار! بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
سەن بىزگە خەۋفلى ئەغيار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
سۇرتۇنمە بىزگە خۇنخۇار، بىلدىڭمۇ؟بىلمىدىڭمۇ؟
چىرتىپ(چىكىپ) ئىشىك، نىمەڭ بار،بىلدىڭمۇ؟بىلمىدىڭمۇ؟
ۋەسلى ساڭا نەدەركار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
كۆكسىڭگە داغ سالغان گىتلىر شتاب(ھۇجۇم) دىن ئويلا
زۇلمىڭدا ئارقاداشىم تارتقان ئازابىن ئويلا
چىقماققا يوق ئىلاجى، باغرى كەبابىن ئويلا
بەند ئولسە قەيسى جانلىق ھالى خەرابىن ئويلا
قەيدىڭگە كىم گىرىپتار بىلدىڭمۇ؟ بىلمەدىڭمۇ؟

47 - ۋالە: غەمكىن، سولغۇن

سالمە نەزەر بەدىڭنى بۇ تۈرك ئۆلكەسىغە
باقمەيدى ئىمدى ھېچكىم ماسكاۋ رىسالەسىگە
قونماقچىسەنمۇ شۇم زاغ باغىمنىڭ لالەسىگە
تولسۇن ئەجەل شارابى ئۆمرۈڭ پىيالەسىگە
ئىچ، قايتا بولما خۇممار، بىلدىڭمۇ؟ بىلمەدىڭمۇ؟
باقمەيدى ئىمدى خەلقىم ئاغزىڭنى شالەسىگە
تىكمە كۆزۈڭنى ھاسىد ساقىنى كاسەسىگە
زەھرىڭنى ساچمە ئىمدى ئۆلكەمنى لالەسىگە
كاشغەر شەرابى يوقتۇر چۇستى پىيالەسىگە
يوق بىزدە سەنگە بازار بىلدىڭمۇ؟ بىلمەدىڭمۇ؟
ئەي كۆز بوياۋچى مەككار بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟
مەكرىڭ ھەمىشە بىكار
سەندىن ھەمىشە بىزار
سەن بىزگە ئەسكى ئەغيار
بىلدىڭمۇ؟ بىلمىدىڭمۇ؟

# ماسكاۋ - ئۈرۈمچى ئىتتىفاقى

ئۈرۈمچى ماسكاۋ بىلەن تۈزۈشكەن بىتىمدە روسلار ئۈلاردىن تەلەب قىلغان ئىمتىياز، شەرتلەرنى تولۇق قەبۇل قىلدى. روسلار كۈتكەنلەرىگە ئېرىشكەندىن كىيىن يىڭى كىلىشىم بويىچە ئالتە شەھەرگە تەرەف - تەرەفتىن ئەسكەر تۆكتى. ھەر تەرەف روسلارنىڭ ئاق ئەسكەرلەرى، قىزىل ئەسكەرلەرى بىلەن تولدى. ئۈرۈمچى ھۆكۈمەتى بۇ ئەسكەرلەرنى قولچوماق قىلىپ ئىشقا سالىپ خوتەن ۋە باشقا يۇرتلارنى تۈڭگاندىن تازالادى. كاشغەردىن مەھمۇد سىجاڭنى سىقىپ چىقاردى. قۇمۇلداكى يولبارس بەگ قۇمۇلنى تاشلاپ قاچتى. باشقالار بولسا ئەنە شۇ قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ شامالىغا ئۈچۈپ تۈگەدى. ئۈرۈمچى ھۆكۈمەتى بۈرۈنقى ۋالىلارنىڭ، ھاكىملارنىڭ، قۇماندانلارنىڭ ئورنىغا كامۇنىست ختايلارنى قويدى. نەتىجەدە روسلارنىڭ كۈچى بىلەن چىن(ختاي) كامۇنىستلەرى ئىش باشىغا كىلدى. يەنە بىر تەرەفتىن كەڭ كۆلەمدە تازالاش باشلاندى. ئەڭ باشتا خوجا نىياز ھاجىم كۆزدىن يوقاتىلدى. ئۈنىڭ ئەگەشكۈچىلەرىنىمۇ بىر - بىرلەپ نابۇد قىلدى. ھەر بىر ئىش ۋە ھەر ئىدارەدە كۆزگە چىلىقادۇرغانى ختاي بولسامۇ ئەمما پەردە ئارقاسىدا ئۈلارنى باشقۇرادۇرغانى يەنەلا روسلار بولار ئىدى.

# يۈسۈفجاننىڭ ئاقىبەتى

ئۆز ۋەقتىدە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن كاشغەرگە بىللە كىلگەن توختى لۈيجاڭگە يۈسۈفجان بىر ئىشتا ياردەم قىلغان ئىدى. يۈسۈفجان سىقىلغان چاغلارىدا توختى لۈيجاڭ بىر كۈنى: «يۈسۈفجان ئاكا، سىز ماڭا بىر چاغدا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇمادىم. سىزگە قىلادۇرغان ياخشىلىقىم شۇكى ئۆزىڭىزنى دالداغا ئالىڭ» دەيدۇر. ئەمەلىيەتتە يۈسۈفجان باشتالا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان بولۇپ، قۇدرەتۇللاخان تۆرەنىڭ نەزارەتىدە ئاتلىق ئەسكەرلەرى ۋە ئاغىر ئەشيالەرىنى تاشقورغانغا يولغا سالغان ئىدى. ئەمدى ئۇ توختى لۈيجاڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بىلەن ئالدى ـ ئارقاغا قاراماي، يىڭى ھىساردىن چىقىپ، تاشمىلىققا كىلدى. ئەسكەرلەر ۋە ئاغىر يۈكلەر بىلەن قۇدرەتۇللاخان تۆرە كاشغەردىن جۆنەگەنچە ئۇدۇل تاشقورغانگە كىلدىلەر. تاشقورغاندىن ئۆتكەندە بۇ جايداكى يەرلىك تاجىكلار ئۇلارنىڭ يوللارىنى توستىلەر. يول توسقان تاجىكلار ئۇلاردىن قورال تاپشۇرۇشنى تەلەب قىلغان بولسامۇ، بۇلار قورال تاپشۇرۇشقا ئۇنامادى. ئۇلار ھىچ ئىش بولماغاندەك ئۆزلەرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ھاردۇقلارىنى ئالىشىپ سىكىن ـ سىكىن ئافغانىستانغا قاراپ سۈرۈلدىلەر. يول بويى پات ـ پات تاجىكلار ھۇجۇم قىلىپ كىلسە قورالغا قورال بىلەن جەۋاب قايتۇرۇپ ساق ـ سەلامەت چىگەرادىن ئۆتۈپ ئافغانىستان تۇپراقىغا قەدەم باستىلەر. شۇ كۈنلەردە يۈسۈفجان تاشمىلىققا كىلىپ، ئۇيەردىن جەڭگەۋار يىگىتلەرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل تاشقورغانغا كىلدى. كۆردىكى ھەممە ئافغانىستانغا كەتىپ بولغان. ئۇ ھاردۇقنى ئالىپ، ئۆزىنى تۈزەپ ئافغانىستانغا كەتىۋاتقاندا تاجىكلار (بىر رىۋايەتتە باشقالار) يۈسۈفجانغا يول بىرمەي ئۇلارنى تاغ تۆپەسىدىن ئوققا تۇتادۇر. يۈسۈفجان مۇدافەئەدىن ئاجىز كىلىپ ئەسكەرلەرى بىلەن ئارقاغا چىكىنەدۇر. ئۇ شۇ ماڭغانچە تەكرار تاشمىلىققا كىلىپ لەنگەر تاشلايدۇر. توختى لۈيجاڭ يۈسۈفجاننى تەكرار قاچىشقا ئۈندەيدۇر. يۈسۈفجان ئۇنىڭغا چىگەرادىن ئۆتەلمەي قايتىپ كىلگەنلىكىنى، تاشقورغان تاجىكلەرىنىڭ ئورۇس تەرەفدارى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، تۇڭگانلارنىڭمۇ ئورۇسلاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باشلىقى گاسىلىڭنىڭ ماسكاۋدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خوجانىياز ھاجىمنىڭ

روسلارغا ئالدانغانلىقىنى، ھەممە تەرەپنى روس قاپلاپ كەتكەن بۇنداق چاغدا نەگە قاچىشنى بىلمەي قالغانلىقىنى ئەيتادۇر. توختى لۇيجاڭ ئۇنىڭغا: «ئانداق بولسا، ئېھتىيات بىلەن تۇرۇڭ ئاكا» دىيىپ قويادۇر. يۇسۇفجان بۇ چاغدا نىمە قىلارىنى بىلمەي قالادۇر. بۇ، كاشغەردە تۇڭگانلار ھاكىمىيەتى يىقىلىپ يىڭى مۇختارىيەت ھۆكۈمەتى قۇرۇلغان چاغ ئىدى. يۇسۇفجانىنىڭ ئەھۋالىدىن خەبەر تاپقان ھۆكۈمەت كىشىلەرى يۇسۇفجانگە ئەلچى ئىبەرىپ بىر مۇنچە ۋەئدەلەرنى قىلادۇر. ئەزەلدىن سۇلھ دەسە خوشى يوق يۇسۇفجان سۇلھكە كۆنۈپ ئەسكەرلەرىنى ئالىپ كاشغەرگە كىرەدۇر. ئۇ كاشغەردە مۇختارىيەت ھۆكۈمەتىنىڭ رەھبەرلەرى تەرەفىدىن قىزغىن قارشى ئالىنادۇر. يۇسۇفجان سارايىدا ئۈچ-تۆرت ھەپتەلەپ ئىسىل تاماقلارنى يەپ، قىزىق ئويۇنلارنى كۆرۈپ، جەمشىتچە بەزمەلەرنى قۇرۇپ كۆڭۈل ئاچادۇر. بىر كۈنى ھۆكۈمەتتىن يۇسۇفجانىنىڭ ئاقسۇگە بارىشى توغرالىق پەرمان چىقادۇر. يۇسۇفجان پەرمانغا كۆرە، ئەسكەرلەرىنى ئالىپ ئاقسۇغا بارادۇر. يۇسۇفجان بۇ يەردە قوشۇننى رەتكە سالىش، مەشق قىلدۇرۇش بىلەن بولادۇر.. ھەربىي مەشقتە ئۇنىڭ قوشۇنىغا يىتەكچىلىك قىلغۇچىلار ئۆز دەۋرىدە يۇسۇفجان كاشغەردە گارنىزون قۇماندانى بولۇپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا ئەسكەر بولغان ھىلىقى ئاق ئورۇسلارنىڭ ئۆزى ئىدى. يۇسۇفجان بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا نادانلىق قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتىپ، ئۇلارغا چاپان ياپقان قىلمىشىغا قاتتىق ئۆكۈنەدۇر. بىراق، ئەمدى بۇنىڭ فائىدەسى يوق ئىدى. بىر كۈنى يۇسۇفجان كۇندەلىك ئادەتى بويىچە ئەسكەرلەرىنى مەشقلەندۇرۇپ تۇرغاندا ئۇلار تۇرۇۋاتقان مەيداننىڭ ئەترافىنى قورالالارنى بەتلەشكەن ئاق ئورۇسلارنىڭ قورشاپ ئالغانلىقىنى كۆرەدۇر. يۇسۇفجان بۇ چاغدا چاققانلىق بىلەن ئىككى قولىغا ئىككى يانىدەكى تاپانچىنى ئالىپ، ئۇلار بىلەن ئاتىشار-ئاتىشار مۇھاسەرەنى بۆسۈپ چىقىپ يىقىن يەردەكى بىر دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ قۇتۇلۇپ قالادۇر. ئۇ بۇ قاتىم قۇتۇلۇپ قالغان بولسامۇ قىشلاقتا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن يەرىدىن يەنە تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈۋاتىلادۇر. موللا ئەبدۇرراھمان، مۇراد ئەلى، ئاستانەلىك مۇھەممەدجان ۋە باشقا كىشىلەرمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ تىرىك كۆمۈلۈپ، ئۇستىگە ھاك تۆكۈپ ئۆلتۈرۈۋاتىلادۇر. بۇلارنىڭ ئاراسىدىن نەيچى ئەبدۇلفەتتاھ بىر باھانەلەر بىلەن قاچىپ قۇتۇلادۇر.

يەنە بىر خەبەرگە قاراغاندا يۇسۇفجان مۇختارىيەت ھۆكۈمەتى بىلەن ياراشقاندىن كىيىن يارباغ ئەترافىدەكى بىر سارايغا ئورۇنلاشادۇر. يۇسۇفجانىنىڭ

رەقىبى ئوسمان ئەلى قىرغىزمۇ تاپقان، تۇتقان قىزغىزلەرنى توپلاپ كاشغەر مۇختارىيەت ھۆكۈمەتى بىلەن پۇتۇشۇپ ئەسكەرلەرى بىلەن يۇسۇپجان تۇرغان سارايىنىڭ ئەترافىدا ئۆز سارايىنى قۇرادۇر (بۇ ئىشنىڭ ئىچ يۈزىنى ئۆرۈمچى بىلەدۇر).

يۇسۇفجان بۇ سارايدا خۇددى قىزىل مۇختارىيەتنىڭ قىزىل جەننەتىگە كىرگەندەك، ئۆز باشچە، ئۆز ھالىچە ئىككى ئاي ئەيش ـ ئىشرەت، راھەت ـ فەراغەت ئىچىدە ياشايدۇر. بىر كۈنى مەھمۇد سىجاڭ نامىدىن رەھبەر باگداساروۋ: «ئۆرۈمچىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يۇسۇفجان مارالباشىغا بارسۇن، ئەتەلا يولغا چىقسۇن»، دىگەن بۇيرۇقنى چىقارادۇر. يۇسۇفجان بۇيرۇق بويىچە مارالباشىغا قاراپ يولغا چىقادۇر. ئۇلار سارىقبۇياغا كىلگەندە يۇسۇفجان ئادەملەرى ئىچىدىن 22 ئادەم بىلەن بىللە نەرسە ـ كېرەك ئالىۋالىش باھانەسى بىلەن توپتىن ئايرىلىۋالادۇر. ئادەملەرىدىن ئەبدۇراھمان ئاكا، مۇئمىن قارى قۇرباشى ۋە باشقالار مارالباشىغا يەتىپ بارادۇر. بۇ يەردە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان روس گىنرالى يۇسۇفجاننىڭ سارىقبۇيادا قالىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كيىن دەرھال روس ئەسكەرلەرنى باشلاپ كىچەلەپ يول يۈرۈپ سارىقبۇياغا يەتىپ كىلەدۇر. ئۇلار يۇسۇفجان تۇرغان جاينى تۆت تەرەفتىن قورشاپ ئالادۇر. ئىككى ئارادا جەڭ باشلانىپ، بىر كىچە ـ كۈندۈز ئاتىشبازلىق، جانبازلىق بولغاندىن كيىن يۇسۇفجان يىگىتلەرىگە شۇنداق دەيدۇر: «ھالىمىز يا ھەيات، يا مەمات، سىلەردىن خاھلاغانلارغا دەيدىغىنىم، مەن بىلەن قالادۇرغانلار ھازىر بولسۇنلەر، ئات ۋە قورالّلارنى بىرىنچى خىلىدىن تاللاپ ئالسۇنلەر». بۇ چاغدا ياخشى ئات ۋە ياخشى قورال بىلەن جابدۇنغان 7 يىگىت يۇسۇفجانغا فىدائىي بولۇپ چىقادۇر. يۇسۇفجان بۇ 7 ئادەم بىلەن روس ئەسكەرلەرىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ كەتەدۇر[48]. بۇ يەتتە ئادەم قايانغا ماڭىشنى بىلمەي كۆرگەنلا ئادەمدىن يول سوراپ يۈرۈپ ھىندىستان يولىنى بىلگەندىن كيىن شۇ ياققا قاراپ يول ئالادۇر.

48 ـ مارالباشىدا يۇسۇفجاننىڭ ئەبدۇراھمان ئاكا، مۇئمىن جان، مۇراد ئەلى باشلىق بارلىق يىگىتلەرى بىر كىچەدە ئوققا تۇتۇلغان.

يۈسۈفجان ئادەملەرنى ئالىپ يۈرەر- يۈرەر بىر يەرگە كىلگەندە يەنە ئۇلارغا ئۆزى بىللە بىللە ماڭىش - ماڭماسلىق توغرىسىدا ئىختىيار تاشلايدۇر. بۇچاغدا يۈسۈفجاندىن زىرىككەن بىر بۆلۈك يىگىتلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتەدۇر. يۈسۈفجاننىڭ قاشىدا پەقەت ئۇنىڭ بىلەن تاغا - جىيەن تۇغقانچىلىقى بار ئىككى يىگىتلا قالادۇر. ئەمدى ئۇلار ئۇچەيلەن بولۇپ يولنى دەۋاملاشتۇرادۇر. يول بويى نە ئاتچى ۋە نە يولباشچى يوق، فەلاكەت ئۈستىگە فەلاكەت تەييار تۇرادۇرغان بۇ قىيىن سەفەردىن يۈسۈفجاننىڭ ھىلىقى ئىككى ھەمراھى قاتتىق زىرىكىدۇ - دە، ئويلاماغان يەردىن ئۇلارنىڭ نىيەتى بۇزۇلادۇر. ئۇلار گەپنى بىر قىلىپ يۈسۈفجاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكنى تاغ ئىچىگە ئەكىرىپ كۆمۈپ تاشلاغاندىن كىيىن يۈسۈفجاننىڭ يانىدەكى ئالتۇنلارنى ئالىپ ئۇدۇل خوتەنگە قايتىپ كىلەدۇر. ئۇلار خوتەندە يەرلەشىپ بىر مەزگىل بايبەچچەلەردەك تۇرمۇش كەچۈرەدۇر. كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشگە ئەگىشىپ ئۇلارغا كىشلەرنىڭ گۇمان نەزەرى تىكىلەدۇر. بۇلار ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالىپ، دەرھال بىر ئاتچىغا يول باشلاتقۇزۇپ ھىندىستانغا بارماقچى بولۇپ يولغا چىقادۇر. يولدا بۇلارغا يول باشلاپ ماڭغان ئاتچى بۇلاردىن گۇمانلانىپ قالادۇر. ئۇلار يۈرۈپ يۈسۈفجان ئۆلتۈرۈلگەن تاغ ئاراسىغا كىلگەندە ئاتچىلار بۇ ئىككەيلەننى تۇتۇپ، باغلاپ، پىچاقلارنى چىقارىپ بۇلارنى راستىنى ئەيتىشقا قىستايدۇر. ئۇلار ئاخىرى قىلغانلارىغا ئىقرار قىلادۇر. ئاتچىلار ئۇلارنىڭ ئىقرارىنى ئاڭلاغاندىن كىيىن، ئۇلارنىڭ يانىدەكى ئالماس، ئالتۇنلارغا ئىرىشىش ئىستەكىدىنمۇ ياكى يۈسۈفجاننىڭ قىساسى ئۇچۇنمۇ ئەيتاۋۇر بۇ ئىككەيلەننى يۈسۈفجاننىڭ ئىككى يانىغا بىردىن ياتقۇزۇپ تىرىك كۆمۈپ تاشلايدۇر (بۇلار توقا ھاجىم ئاغزىدىن ئاڭلاغان ھىكايەت). مانا بۇنىڭ بىلەن ھەزرەت ئىيسانىڭ: «قىلىچ ئۇرغان قىلىچ بىلەن ئۇرۇلادۇر»، دىگەن سۆزى ئەمەلىي ئىسپاتلاندى. يۈسۈفجاننى باشقىلارنىڭ قانى تارتىپ كەتتى. خۇلاسە قىلىپ ئەيتقاندا يۈسۈفجان مەيلى كىمنىڭ قولىدا، قايەردە ئۆلتۈرۈلگەن بولماسۇن بەرىبىر ئىنتىقام ئالىندى. مەزلۇملارنىڭ ئاھى، ناھەق ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قانى بىرلەشىپ يۈسۈفجاننى تۇتتى. گەرچە يۈسۈفجان نۇرغۇن قاتىم تىگشىلىك ئۆلۈملەردىن ساقلانىپ قالغان، كەنجى مىلىك باشنىڭ قىساسىغا كىتكەلى تاس قالىپ قۇتۇلۇپ قالغان، كەمال مەخدۇم ئۇچۇن بىر قاتىم قىلىچ يەپ، يەنە ئۆلمەي قالغان، ئومومەن ئۆزى ئۆلتۈرگەن ھەر بىر ئادەم ئۇچۇن بىر قاتىمدىن ئۆلۈم قىسمەتىگە دۇچ كىلگەندە تەكرار قۇتۇلۇپ قالىپ،

يۈز ئۆلۈپ، يۈز تىرىلگەن بولسامۇ ئاخىرى اللە نىڭ ھىكمەتى بىلەن ھەممە مەرھۇملارنىڭ قىساسى بىراقلا ئالىنغان تەرزدە قانغا قان بىردى.

بۇ چاغدا مادوتەي «قىلمىش، قىدىرمىش» دىگەندەك، قىزىللار تەرەفدىن قويۇلغان پىستىرمانىڭ ھۇجۇمىدا ئۆلدى. مۇنداقچە ئەيتقاندا، ئۆزى قازغان ئوراغا ئۆزى چۈشتى. ئىبراھىم لوزۇڭ بولسا، يىقىنلەرىدىن ئۈچ نەفەر ئادەم بىلەن بىرگە تۇتۇلۇپ ئۆرۈمچىگە ئېبەرتىپ بىرىلىپ، قىزىل جەللادلار قولىدا جانىدىن جۇدا قىلىندى.

# ئۆزبېك مۇھاجىرلەرى شەرقىي تۈركىستاندا

روسلارنىڭ جەۋر- زۇلۇملەرىدىن بىزار بولۇپ، ۋەتەنلەرىنى تاشلاپ، باشپاناھ ئىزلەپ يولغا چىقىپ، مىڭ تۈرلۈك مەشەققەتلەرنى چەكىپ كاشغەرگە كىلگەن فەرغانەلىكلەر كاشغەرنىڭ گۈل- گۈلىستانلەرىنى، باغۇ- بوستانلەرىنى، قارىنداش مىللەتنىڭ قۇچاق ئاچىپ قارشى ئالىشقانلارىنى كۆرۈپ شادلاندىلەر، ئۇلار كاشغەرنىڭ سۇ- هاۋاسىنى خويمۇ ياقتۇرۇپ قالىشتىلەر.

كاشغەرلىكلەر بولسا، هەر قاچان مۇھاجىر قارىنداشلارىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ، ئۆزلەرى بەهرەمەند بولۇۋاتقان بارلىق خۇشھاللىقلارغا، خىلمۇ خىل نىئمەتلەرگە، ماددىي ۋە مەئنەۋىي لەززەتلەرگە ئۇلارنى شەرىك قىلىپ، هىچ ئىشتا ئۇلارنى يات كۆرمەدىلەر. ئاتا بىر ئانا بىر بۇ ئىككى قارىنداش ئاراسىداكى دوستلۇق ئۇنتۇلماس تارىخىي خاتىرە بولۇپ قالدى. فەرغانە مۇھاجىرلەرى كاشغەرگە كىلگەندىن كىيىن باشقا ئىسلام يۇرتلارىغا هىجرەت قىلغان قارىنداشلارىغا ئوخشاش يەرلىك شەرائىت، ئۆرف- ئادەت، بولۇپمۇ تىل جەهەتتە هىچقانداق قىيىنچىلىق تارتمادىلەر. فۇرسەت- زەمانى كىلىپ يۇرت خەلقى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق دەئۋاسى بىلەن مەيدانغا چۇشتى. مۇھاجىر قارىنداشلار بۇ گۈزەل فۇرسەتتىن فائىدەلانىپ، «ئادەملەردىن مىننەتدار بولماغان ئادەم خۇدادىنمۇ مىننەتدار بولالمايدۇر» دىگەن هەقىقەتكە سادىق هالدا مەيدانغا چۇشۇپ قارىنداشلارىنىڭ سەفلەرىگە قوشۇلۇپ، قان مەيداندا ئۇلار بىلەن يانمۇ- يان تۇردىلەر. ئەزىز ۋەتەنلەرىنى قوغداش يولىدا جان بىردى، مال بىردىلەر. ئۆزى ئىگە بولغان بارچە ئىمكان- قۇدرەتنى ئىشقا سالدىلەر. ئۆز ئارالارىدىن چىققان بىئەدەب، ئوسال ئادەملەرنىڭ تەگشىلىك دەككەسىنى بىردىلەر (ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئادەملەر هەرقانداق مىللەتتە بولادۇر، ئۇنداقلارنى تىلغا ئالىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ هاجەتى يوقتۇر). بولۇپمۇ، كاشغەردە هۆكۈمەت قۇرۇلغان چاغدا مۇھاجىرلار كۆرسەتكەن فىداكارلىقلار ۋە تۆھفەلەرگە كۆز يۇمۇپ بولمايدۇر. بۇنى قارىنداشلارىمىزنىڭ نۇرغۇنى، جۇملەدىن ئەهلى قەلەملەر، مۇنەۋۋەر (زىيالى) لەر، ئۆزىنى بىلگەن، دۇنيا كۆرگەن كىشىلەر ئىئتىراف قىلادۇر ۋە ئاپەرىنلەر ئەيتادۇر. لىكىن بىر بۆلۈك بىلىمى كەمچىل،

سەفاسىز ئادەملەرنىڭ دەللىسىز، پاكىتسىز ھالدا مۇھاجىرلارغا تەئنە قىلىشى، ئۇلارغا تۈرلۈك لەقەبلەرنى تاپىپ، ئۆزبېكلەر مانداق، ئۆزبېكلەر ئانداق، دېيىپ ئىككى قارىنداش ئاراسىغا سوغۇقچىلىق سالىشلىرى كىشىلىك ئەدەب ـ ئەخلاققا ئۇيغۇن ئەمەستۇر. بىز بۇ يەردە شۇ مۇھاجىرلارنى ئۇلارغا ئارتىلغان ھەرقانداق يالا ـ بوھتاندىن خالى، دەيەلەيمىز. ئەمما روس ئىشغالىيەتچىلىكى دەۋرىدە روسلار تەرەفىدىن ئىشقا سالىنغان ئادەملەر توغراسىدا دەيدىغان گەپىمىز يوق. ئۇنداقلارنى مۇھاجىر دىگەلى بولمايدۇر. بۇ يەردە ئەشۇ قەدىردان مۇھاجىرلارنىڭ سەداقەت ـ سەمىمىيەتى توغراسىدا بىر ـ ئىككى ۋاقىئەنى كىلتۈرۈپ ئۆتۈش فائىدەلىك كۆرۈلدى. باشقالارنىڭ قانداقلىقى ئەنە شۇنگە قاراپ بىلىنۋالىنغاي.

# دوختۇر مەجدۇددىن بەگ

كىتابىمىزنىڭ ئۆتكەن بىر بۆلۈمىدە دوختۇر مەجدۇددىن بەگنىڭ ئانا يۇرتىدا قوزغالان چىققانلىقىنى، ئىمپىرىيالىزىمغا قارشى ئىنقىلاب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەل ـ ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش فۇرسەتى كىلىپتۇر، دىپ ياۋرۇپادىن ئافغانىستان ئارقالىق بىر ئافغان قىيافەتىدە يىڭى ھىسارغا كىلگەنلىكىنى، كىيىن خوجا نىياز ھاجىم بىلەن كۆرۈشكەلى كەتكەنلىكىنى تىلغا ئالىپ ئۆتكەن ئىدۇق. كىيىنكى كۈنلەردە سىياسەت ئۆزگەرىپ مىللىي ھۆكۈمەت كۈنسارى مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتتى. مانا شۇ چاغلاردا مەجدۇددىن بەگ مەئارىپ نەزارەتىدە نەزارەت قارماقىدەكى ھەرقايىسى مەكتەبلەرنى تەرتىبكە سالىش، يىڭىچە مەئارىپنى يولغا قويۇش خىزمەتلەرى بىلەن شۇغۇللانادۇر. مەھمۇد سىجاڭ دەۋرىگە كىلگەندە بىر قاتار ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ زور ئۇتۇقلارغا ئىرىشەدۇر. نۇرغۇن ئىشلەرى خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىرىشىپ، ھۆرمەت ـ ئىناۋەتى كۆتۈرۈلەدۇر.

كاشغەر خەلقىگە، ۋەتەنگە خىزمەت قىلغان سادىق كىشىلەر ئەگەر تۆت كىشى بولسا، ئۇلارنىڭ بىرى چوقۇم مەجدۇددىن بەگ، ئىككى بولسا، بىرى شۇ، ئەگەر بىر كىشى بولغاندا شۇ كىشى دەل ئۆزى شۇدۇر. ياركەنتتە ئۇنىڭ بىر مەكتۇبىنى ئالدىم. مەكتۇب مۇنداق باشلانادۇر:

بۇلبۇلا مۇژدەئى بەھار بىيار،
خەبەرى بەدى بەبومى شۇمى گۇزار.

تەرجەمەسى:

ئەي بۇلبۇل! بىزلەرگە يەتكۈز شۇ باھاردىن خۇشخەبەر،
شۇمخەبەر ھۇۋقۇش بىلەن تەڭ ئارادىن كەتسۇن بەدەر.

بۇ ئالىيجەناب دوختۇر يىگىت كاشغەردە ئۈچ ـ تۆت يىلچە خىزمەت قىلدى. ئۇ بۇ يەردە مەئارىپ ساھەسىدە قانداقلا بىر قالاقلىق بولسا، تۈزۈتۈپ، تۈرلۈك يىڭىلىقلارنى يولغا قويدى. ھالبۇكى ئۆرۈمچىنىڭ يەرلىكلەرگە بىرگەن ھوقوقى چەكلىك بولاتتى. پەقەت ئىچكى ئىشلاردالا ئازراق ئەركىنلىك بىرىلگەن بولسامۇ يەنەلا ھىسابلىق ئىدى. مانا شۇنداق نازۇك بىر زەماندا مەجدۇددىن بەگ مىللەتكە ئىلمدىن ئابى ھەيات ئىچۈرۈش، يىڭى ئاڭ ئىچۈرۈش يولىدا

فىداكارانە كۈرەشكەن كىشىمىزدۇر، ئۈزبېكتۇر. مەھمۇد سىجاڭنىڭ مەكتەبدە ئوقۇيدىغان بىر كىچىك بالاسى بار ئىدى. بۇ بالانىڭ سومكاسى قۇلفلىق بولۇپ بۇ قۇلفنىڭ بىر ئاچقۇچى مەجدۇددىن بەگدە، يەنە بىر ئاچقۇچى مەھمۇد سىجاڭدا تۇراتتى. قاچانلا مەھمۇد سىجاڭغا يەتكۈزۈلىدىغان مەئلۇمات، خەت ـ خەبەر بولۇپ قالسا، مەجدۇددىن بەگ ئۇنى بالانىڭ سومكاسىغا سالىپ قۇلفلەپ قوياتتى. بالا ئۆيگە كىلگەندىن كيىن داداسى سومكانى ئاچىپ ئىچىدەكى ئېبەرتىلگەن نەرسەلەرنى ئالىپ قالادۇر ۋە ئەرتەسى بالا مەكتەبكە ماڭار چاغدا داداسى ئاللاقانداق بىر شىفىرلار يازىلغان قەغەزنى سومكاغا سالىپ سومكانى قۇلفلەپ قويادۇر. بالا سومكانى يۈدۈپ مەكتەبكە كىلگەن ھامان مەجدۇددىن بەگ سومكانى ئاچىپ شىفىرلىك قەغەزلەرنى ئالادۇر. بالا دەرستىن چۇشكەچە سومكا ئاغزى ئوچۇق ھالدا بالانىڭ يانىدا تۇرادۇر. دەرستىن چۇشكەندە سومكاغا يەنە يىڭى ئەخباراتلار سالىنىپ قۇلفلەپ قويۇلادۇر. ئۆيگە بارغاندىن كيىن داداسى ئاچىپ، نەرسەلەرنى ئالۋالادۇر. مانا شۇ يول بىلەن مەھمۇد سىجاڭ بىلەن مەجدۇددىن بەگ ئاراسىدا نۇرغۇن قاتىم مەخفىي ئەلاقەلەر بولۇدۇر. سىجاڭنىڭ سىرتتەكى كىشىلەر بىلەن شۇ دەرەجەدە سىرلىق ئەلاقە قىلىشىنىڭ سەبەبى ئۇنىڭ ئادەملەرى ئىچىدە ئەلى روزى خوتەنىيدىن باشقالار دىگۇدەك ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق قىلىپ قويۇلغان كىشىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەھمۇد سىجاڭنىڭ يانىدا ئۆرۈمچىدىن كىلگەن روس رەھبەرلەر بار ئىدى. ئۇلارمۇ سىجاڭنىڭ ھەر بىر ئىشىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. مەجدۇددىن بەگنىڭ تۆھفەلەرىنى ئۇنى كۆرگەن باشقا كىشىلەرمۇ يازغان بولىشى كىرەك، شۇنداقلا مەجدۇددىن بەگنىڭ ئۆزىمۇ بىر ۋاقىئەشۇناس بولغانلىقى ئۇچۇن بەلكىم ئۆزى توغراسىدا قەلەم تەبرەتىپ يازغان خاتىرەلەرى بولۇشى مۇمكىن. بىز شۇنداق خاتىرەلەرنى ساقلاۋاتقان كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ شۇ خاتىرەلەرنى يورۇقلۇققا چىقارىشىنى ئۇمىد قىلامىز.

# يەنە بىر ھېكايە

فەرغانەدىن كېلگەن مۇھاجىرلار ئىچىدە ئەسغەرجان ئىسىملىك بىرەيلەن بار بولۇپ. قەسسابلىك ھۈنەرى بار ئىدى. خوتەن ئىنقىلابىدە ئەسغەرجان فىدائىي بولۇپ ئەسكەرلىككە يازىلادۇر. ئۇ ئەسكەرلىكنىڭ ھۆددەسىدىن ياخشى چىقىپ بارا ـ بارا يۈز باشلىق دەرەجەسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئەللىك ـ ئاتمىش ئەسكەرگە قۇماندان بولۇپ قالادۇر. ئۇنىڭ ھەرقايىسى جەڭ مەيدانلارىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلارى خوتەن ھۆكۇمەتى تەرەفىدىن ئالقىشلانىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر قۇماندانلاردىن بىرىگە ئايلانادۇر. كېيىن نىمە سەبەبتىندۇر بىر كۈنى خوتەن ھۆكۇمەت كىشىلەرى ئەسغەرجاننى قورالسىزلاندۇرماقچى بولۇشادۇر. ئەمما بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەسغەرجانغا قول سالالىغۇدەك يۈرەكلىك، كۈچلۈك بىرەرسىنى تاپالماي ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتەدۇر. ئارالىقتا بۇ ئىش ئەسغەرجاننىڭ قۇلاقىغا يەتەدۇر. بىر كۈنى كۈتمەگەن يەردىن ئەسغەرجان ئاتمىش نەفەر قورالىق زەبەردەست يىگىتلەرىنى ئەگەشتۈرۈپ خوتەن ھۆكۇمەت كىشىلەرىنىڭ ئالدىغا كىرەدۇر. ھەممە ھەيران بولۇپ نىمە دەيىشنى بىلمەي قالىشادۇر. ئەسغەرجان رەھبەرلەرگە تۆۋەنچىلىك بىلەن سەلام بىرگەندىن كېيىن ئۇلارغا: «قورقماڭلار! ئۈچ ـ تۆت ئاغىز ئەرزىم بار، شۇنى دەۋالغالى كىردىم». دەيدۇر. ئولتۇرغانلار ھاڭ ـ تاڭ قالغان ھالدا : «قىنى سۆزلەڭ، ئاڭلايلى» دەيىشەدۇر. ئەسغەرجان شۇنداق دەيدۇر: «تەقسىرلەر، ھەر بىرلەرىگە مەئلۇمدۇركى، كەمىنە بىر مۇھاجىر قەسساب ئىدىم. ئىسلام ئاچىلدى. خۇدا يولىدا فىدائىي بولۇپ ئەسكەرلىككە يازىلدىم. خىزمەتىم ياراپ ئون باشى بولدۇم. كېيىن يۈز باشى بولدۇم. ھازىر مانا ئىسلام ھۆكۇمەتىگە ئىتائەت قىلىپ تۇرۇپتىمەن. يىقىندىن بىرى: « ئۆزبېك ئەسكەرلەرىنىڭ قورالّلارى تارتىپ ئالىنارمىش، ئەسغەرجان يۈز باشلىقتىن قالدۇرۇلارمىش، ئۇ ئىمىش، بۇ ئىمىش» دىگەندەك شۇىر ـ شۇىر، ۋىسىر ـ ۋىسىر گەپلەر قۇلاقىمغا كىرىپ قالدى. بۇنداق گەپلەرنىڭ تارقالغانى تازا ياخشى ئىش بولمادى. بۇ ئىش بىز مۇھاجىرلارنىڭ ئىززەت نەفسىمىزگە تەگدى. مەن ھەر بىرلەرىنىڭ ئالدىغا بۇندىن ياخشىراق، ئىجراسى ئاسانراق ئىش بىلەن كېلدىم. ئەرزىمنى قەبۇل قىلىشسالار، ئىككى تەرەف رازى بولغان ھالدا ۋەزىيفەدىن

ئايرىلسام»، دېدى ـ دە، يانىدىكى ئاتمىش يىگىتكە: «قوراللىرىڭلارنى چىقىرىپ، ئۆلۈغلىرىمىزغا تاپشۇرۇڭلار، بۈگۈن ۋەزىپەمىز تۈگەدى» دېدى. ئۇ باشلامچىلىق بىلەن ئۆزىدىكى ھەممە قورالنى چىقىرىپ ئورتاغا تاشلادى. ئۇنىڭ ئاتمىش يىگىتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوراللىرىنى تاشلاشتى. يۇسۇفجان ئۇلارغا يەنە شۇنداق دېدى: «مانا ئەمەل ـ رۇتبەلىرىڭلار، مانا قوراللىرىڭلار، بىزگە رۇخسەت قىلساڭلار، يىگىتلىرىم بىلەن بىللە ئۆز تىرىكچىلىكىمنى قىلسام».

بۇنى ئاڭلىغان خوتەن دەۋلەت كىشىلىرى ھەيرانۇ ـ ھەس بولغان ھالدا، بىر ـ بىرىگە قاراپ قالىشادۇ. كىم نىمە دەيىشنى بىلەلمەي بىر ھازا سۈكۈت ھۆكۈم سۈرگەندىن كىيىن بۇ قىيىن ۋەزىيىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خوتەن دەۋلەت كىشىلىرى ئەسغەرجانغا شۇنداق دەيدۇ: «ئەسغەرجان ئۇكا! بىز سىلەرنىڭ بۇنچە سەداقەتلىك، مەرد يىگىتلەردىن ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەگەن ئىكەنمىز. بولار ئىش بولدى. كېرەك يوق. گەرچە سىزدىن بۇرۇنراق قوراللارنى ئالىۋالىشنى ئويلاغان بولساقمۇ، ئەمدى ئۇلارنى ئالمايمىز. بۇ قوراللار سىزنىڭ ۋە مۇشۇ قارا كۆز يىگىتلەرنىڭدۇر. سىز ئەسلى بۇندىن يۇقارىراق مەرتەبەگە لايىق ئىكەنسىز. يىگىتلىرىڭىزگە بۇيرۇڭ. قوراللىرىنى ئالسۇنلەر. ھەممەلىرىڭىز يەنە بۇرۇنقىدەك ئىسلام ھۆكۈمەتىنىڭ ئەمرى ئاستىدا ۋەزىپەدارلىق قىلغايسىزلەر»، دىپ ئۆزلىرىنى ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرادۇر.

ئاخىردا قوشۇمچە قىلادۇرغانىم، ئۆزبېك مۇھاجىرلارنىڭ دەۋرىدە ئۇلاردىن خوتەن ئاھالەسىگە ياكى باشقىلارغا بىرەر زىيان يەتكەنلىكىنى بىلگەن ئادەم يوق. ئەمما خوتەن ۋىلايەتى روسلارنىڭ كانتروللۇقىغا ئۆتكەن دەۋر باشقا دەۋردۇر. روسلار ۋە ئۇلارغا ئىشلەگەنلەر مەيلى فەرغانەدىن بولسۇن، مەيلى ئالتە شەھەردىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ دەستىدىن زىيان كۆرمەگەن نە كاشغەر، نە يارکەنت ۋە نە باشقا يۇرت قالدى دەيسىز؟ كىيىن يۈز بىرگەن فاجىئەلەردىن ئۇ مۇھاجىرلار يىراقتىن - يىراقتۇر.

كەمىنەنىڭ كۆرگەن، بىلگەنلەرى شۇنچەلىك ئىكەن. شۇ بويىچە بەيان قىلدىم.

قىل سەخاۋەت پۇلۇ ـ مالىڭنى، بالاڭغا توپلاماي،
گەر دەسەڭ، گۆرۈڭ ئارا جانىڭغا تۇترۇق بولماغاي.

# فەرغانە مۇھاجىرلەرىدىن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئىشلىگەن كىشىلەرنىڭ رويخەتى:

| ئىسمى ۋە داڭقى | تۇغۇلغان يۇرتى | ئۆتەگەن ۋەزىيفەسى |
|---|---|---|
| دوختۇر مەجدۇددىن بەگ | تاشكەنت | مەئارىپ نەزارەتىدە رەھبەر |
| زەرىيف قارىھاجى | | ئەدلىيە نازىرى |
| ئەبدۇللاھ خانىي | | سەھىيە نازىرى |
| تۇرغۇن ھەكىم | مەرغىلان | ھىلال ئەھمەردە دوختۇر |
| مۇھىيددىن مەخدۇم | تاشكەنت | تەبىب |
| ساتىب ئالدىجان | مەرغىلان | باشتا ھەربىي نەزارەتىنىڭ نازىرى، كىيىن تىجارەت نەزارەتىنىڭ نازىرى بولغان. |
| سۇلتانبېك بەختىيار زادە | تاشكەنت | ھەربىي نەزارەتتە لاۋازىمات مۇدىرى، ئىستىقلال مەھكىمەسىنىڭ رەئىسى. |
| غۇلامجان | | ئىستىقلال مەھكىمەسىدە باش كاتىب |
| تۇرغۇن بايبەچچە رەھمىي(توغرۇل)، كىينكى تەخەللۇسى تۇلۇئىي | مەرغىلان | دارۇلمۇئەللىمىننىڭ مۇدىرى. |
| مۇھەممەد ئەمىن قارى سوفىيزادە | نەمەنگان | ئىستىقال جەمئىيەتىدە ئاكتىپ خىزمەتچى، «ئىستىقلال» مەجمۇئەسىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئەۋقاف نازىرىنىڭ مۇئاۋىنى |
| مۇسا ئەپەندى | ئەندىجان | ھىلال ئەھمەر ۋە خەستەخانانى قۇرغۇچىلاردىن، باش ۋەكىلگە مەسلەھەتچى، مالىيە نازىرىگە ئورۇنباسار |
| مۇسا داموللام | شەھرىخان | باش ۋەكالەتتە سەرمۇنشى (باش كاتىب) |
| مۇھەممەد رىزاخان | نەمەنگان | xxxئىشلار مۇدىرى |
| موللا مۇھەممەد جان ئاخۇن | ئوش | ئومۇمىي تەشۋىقاتچى، كىيىن ھەربىي سوتچى بولغان |
| موللا مۇھەممەد ئىبراھىم | نەمەنگان | قوشۇن تەشۋىقاتچىسى |
| يۇسۇفجان مىڭباشى | شەھرىخان | گارنىزون قۇماندانى،ئەسكەرلەرنىڭ ھەممەسى ئۆزبېك مۇھاجىرلەرىدىن، سانى 1500گە يەتەدۇر، ئاتلىق، قوراللىق. |
| قۇدرەتۇللاخان تۆرە | ئەسەكە (ئەندىجان) | مۇئاۋىن گارنىزون قۇماندانى |
| موللا ئەبدۇرراھمان | خان ئاباد | پانسەد، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممەسى ئۆزبېك |
| ئارىپ ئىشان | نەمەنگان | پانسەد |

| | | |
|---|---|---|
| كەرىيمجان | فەرغانە | پانسەد |
| ئەسغەرجان | تاشكەنت | خوتەن هۆكۇمەتى تەركىبدە يۈز باشى بولغان،يىگىتلەرى ئۆزبېك |
| ئىسمايىلجان قۇربان | ئەندىجان | دوتەي يامۇلدا مۇشاۋىر |
| سوفىي بېك هاجى | | مۇشاۋىر |

## ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن تۈركىستانلىقلار تىلىدىن

ئۇستاز مىرسالىھ مەخدۇم ئوشىي

ئاتىب دەستى قەزا ھەريانە بىزنى ئول ۋىلايەتتىن،
تاراتتى ئانچۇنانكىم بىر نىشان يوق ئول جەمائەتتىن.
قەدر بادى خەزانى توكتى بەرگۇ- بارىمىز ئاخىر،
ساچىلدىك ھەر تەرەفكە دىل پۇر ئەز يەئىسى - مەلالەتتىن.
فىغانكىم فۇرقەتىڭدىن ئەي ۋەتەن دىللەر تولە ھەسرەت،
ۋە لىكىن شەرمسارىز ھەققىڭە قىلغان قەباھەتتىن.
كىچىردىك دەۋرى دەۋرانلارنى چەندان ئەي ۋەتەن سەندە،
ۋەلى قەدرىڭ بىلىپ كوز ئاچمادۇك بىر لەھزە غەفلەتتىن.
نە خوش كۈنلەر ئىدىكىم ئول زەمانلەر بىز قۇچاغىڭدە،
ياشاردىك ئىززەتۇ - راھەتتە مەمنۇن ئەيشى - ئىشرەتتىن.
مۇقەددەس يەرلەر ئىستىسنادە دۇنيا جەننەتى ئىردىڭ،
بابامىزدىك چىقاردىڭ بىلمەدىك قاي بىر جىنايەتتىن.
ۋەتەن فەخرۇ- شەرەف ھەر يەردە ھەر مىللەتنى قاشىدە،
كى سەندىن ئايرىلىپ ئالەمدە تۈشدىك قەدرۇ- قىيمەتتىن.
كىپرەككىم يىغلاسۇن كوز، دىل ئىزىلسۇن ئىمدى ھەجرىڭدە،
نىچۇنكىم غاپىل ئولدىك دائىما بىز شۈكر نىئمەتتىن.
بار ئىردى بىزدە ھەم ھەر نەۋئ ئەسبابى تەرەققىيلەر،
دەرىغا ئىستىفادە قىلمادۇك ئەييامى فۇرسەتتىن.
دىيارى غۇربەتە تۈشدىك پەرىشان روزىگار ئولدىك،
يىتەر ھەر يەردە بىزغە تەئنۇ دەشنام ئوزگە مىللەتتىن.
ياشاپ راھەتتە ئەغيار ئەي ۋەتەن ئەۋلادىڭ ئولسۇن خار،
ئانالىك مىھرى شولمى؟ بىر ئەسەر يوق مىھر- شەفەقەتتىن.
جاھاندا سەرۋەتۇ- قۇۋۋەتكە مالىك قەۋم ئىدىك بىز ھەم،
چىقارمىشدىك جاھانگىر، قەھرىمانلەر بۇ ئەشىرەتتىن.

كىلىپ ئالەمغە بىزدىن ھەم رىجالۇ دىنى ـ دۇنيالەر،
جاھاندا كىم ئىمەسدىك فەخر ئىتارلى شانۇ ـ شەۋكەتتىن.
بىروۋدىڭ مەردلىك تەربىيەسىن ئەي خاكى تۈركىستان،
بۈگۈن مەھرۇم بىزلەر، ھەيفكىم ئىرسى شەجائەتتىن.
قاچانكىم قىسمەتىمىز بولدى بۇ بەختى قارالىكلەر،
جاھاندا قالمادى بىز كورمەگەن نەھسۇ ـ فەلاكەتتىن.
بەس ئەمدى ئەلۋەداڭ ئەي جەھل ـ غەفلەت سىزلەرە رۇخسەت،
دۇ بارە كىلماغىل زىنھار ئۇزاق ئولغىل بۇ مىللەتتىن.
تۈتۈپ دامانى تەسلىيمۇ ـ رىزا خامۇش بول سالىھ،
بۇ ھۆكمى مالىكۇلمۇلك، سۇد يوق بۇيلە ھەسرەتتىن.

# ئەسلەتمە

بۇ خاتىرەلەرنى يازىشتىن مەقسەد، ئۇلۇغ تۈركستاندا بولغان قانلىق فاجىئەلەرنى تارىخقا قالدۇرۇش، تارىخىي دۈشمەنىمىز بولغان ئورۇسلەر ۋە چىنلەرنىڭ ئۇلۇغ تۈركستان مۇسۇلمانلارىغا قىلغان زۇلم - زورلۇقلارىنى دەلىل - پاكىتلەرى بىلەن مەيدانغا چىقارىشتۇر. ئەگەر شۇنغا ياراشار ئىش قىلالاغان بولساق، مەقسەدگە يەتكەن بولۇرمىز. بۇن بىلەن ھەممەمىز بەختىيارمىز. مەبادا غايەمىزگە يىقىنلاشالماغان بولساق، بۇ بىزنىڭ كەمچىلىكىمىزدۇر.

ناقىسىھايى خىيش مىدانەم
بەجەمئى ئۇيۇبى ئىقرارەم

تەرجەمەسى:

ئۆز كەمچىلىكىم ئۆزۈمگە ئەئيان
نۇقسانلارىمغا ئىقرارمەن ھامان

ئادەم بالاسى قولىدىن كىلگەنچە تىرىشىشقا بۇيرۇلغان. قولىدىن كىلمەگەن ۋە خاتالاشقان ئىشلاردا كەچۈرۈشكە تىگىشلىكتۇر. شۇڭا بەشەر - شاھى شەر (خاتالىق شاھى)، دەيدۇر ئەمەسمۇ؟ خاتاسىزلىق پەقەت الله قا خاستۇر

ھىچ خەتتى نىيست خالى ئەز غەلەت
خەتتى تەقدىرەست خالى ئەز غەلەت

تەرجەمەسى:

ئىنسانىنىڭ يازغانى غەلەتسىز بولماس،
تەقدىرگە يازمىشتىن غەلەت تاپىلماس

بۇ ئەسەرنى يازىپ پۈتتۈرەلىگەنلىكىم جەنابى ھەقنىڭ ماڭا قىلغان زور ئىلتىفات - ئىھسانى، ماڭا ئەتا قىلغان كاتتا نىئمەتىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن الله دىن ھەرقانچە شۈكر گۇزار( مىننەتدار) بولسام يەنە ئازلىق قىلادۇر. ئەمەلىيەتتە، بەندەلەر الله قا تىگىشلىك بولغان مىننەتدارلىقنى لايىقىدا ئادا قىلىشتىن

ئاجىزدۇر. شۇنىڭدەك، بۇ ناتىۋان بەندىنىڭمۇ ئۆزى ئېرىشكەن نىئمەتكە لايىقىدا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتىن تىلى ئاجىزدۇر.

ئەي ئۇلۇغ ئىگەم! ئۆزۈڭ ھازىر، ئۆزۈڭ نازىر (كۆرۈپ تۇرغۇچى)، ھەممە ئىشقا ئۆزۈڭ قادىرسەن.

ئەي ﷲ! مۇئەللىفنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، بىزنىڭ ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەيسەن.

# ئىلاۋە

ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى ناملىق بۇ كىتابنىڭ 1 ـ بۆلۈم ۋە 2 ـ بۆلۈملەرىدەكى ھەر قايسى مەۋزۇئلار، مەزمۇنلارغا مۇناسەبەتلىك رەسىملەر قولىمىزدا تەل بولماغانلىقى ئۈچۈن كىتابقا باسىلماي قالدى.

ئۇزۇن زەمانلاردىن بىرى ئەزىز يۇرتداشلەرىمىزگە، مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەرىمىزگە تەقدىم ئەتىش نىيەتىدە ساقلاپ كىلگەن تارىخىي رەسىملەرنى كىتابقا جايى ـ جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن بولماغانلىقى ئۈچۈن ئەفسۇسلانۇرمىز. شۇنداق بولسامۇ باسىلماي قالغان رەسىملەرنىڭ ئىسمى، رويخەتلەرىنى كۆرسەتىپ ئۆتۈش بىلەن ئۇسۇزلۇقنى باسماقچىمىز.

فەرغانە قۇرباشىلارىنىڭ رەسىملەرى

فەرغانە مۇجاھىدلەرىنىڭ رەسىملەرى، مەرھۇم مۇنەۋۋەر قارى ۋە باشقا مۇنەۋۋەرلەرنىڭ رەسىملەرى.

خوقەندە قۇرۇلغان مۇختارىيەت ھۆكۈمەتى ئەئزالەرىنىڭ رەسىملەرى

ئەنۋەر پاشانىڭ شەرقىي بۇخارادا فەئالىيەت ئېلىپ بارغان چاغدەكى ھەربىي فورمادا چۈشكەن رەسىمى

ئەجداد قىيافەتىدىن نەمۇنە سفەتىدە بادەۋلەتنىڭ باشىدا سەللە، قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا تۇرغان رەسىمى

شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلەرىنىڭ قوراللىق توپ ھالەتدەكى رەسىمى

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتى قۇرۇلغان كۈنى تارتىلغان كابىنە ئەئزالەرىنىڭ رەسىملەرى

جۇمھۇرىيەت رەئىسى خوجا نىياز ھاجىنىڭ رەسىمى

بۇخارادا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ كابىنە ئەئزالەرىنىڭ رەسىملەرى

مۇھتەرەم ئوقۇغۇچىلاردىن ئۈمىدىمىز شۇكى، ئەسەرنىڭ خاتالارىنى تۈزەپ ئوقۇسەلەر مىننەتدار بولۇرمىز.

ئەسىل ئادەم ئەيب كۆرسە يوشۇرغاي
رەزىل ئادەم ئەيب كۆرۈنسە ئاچقاي

ياشمنى ياشاپ، ئاشمنى ئاشاپ، ياغى تۇگەپ قالغان چىراغقا ئوخشاش ئۆمرۈم تۈگەپ، ھەرتەرەفتىن زەئىفلىك كۆرۈلۈپ، ئۆلۈم پەرىشتەسىنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ، خۇداغا ئۈچرۇشۇشىنىڭ تەييارلىقىدا كەتىۋاتقان بۇ ياشىمدا، تىلىمىزدىن بىر كەلىمە بىلمەگەن مەتبەئە ئىشچىلەرىدىن تارتقان مىڭ بىر تۈرلۈك باش ئاغرىقلارىغا بەرداشلىق بىرىپ، خۇداغا قىلغان دۇئالارىم ئىجابەت بولۇپ، جەنابى ھەقنىڭ ياردەمى بىلەن ئاخىرى بۇ كىتابنى باسىپ چىقارىشقا مۇۋەففەق بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ الله قا ساناقسىز مەدھىيەلەر بولسۇن!

شۇ مۇناسەبەت بىلەن ئۇلۇغ تۈركىستانلىق يۇرتداشلارىمغا شۇنى ئەيتماقچىمەنكى، ئالتاي تاغلارى، ئالتۇن تاغلارى بىزنىڭكى ئەمەسمىدى؟ ئالتۇن ئوردا بىزنىڭكى ئەمەسمىدى؟ ئىۋانلارنى ئۈۋىسىغا كىرگۈزۈۋەتكەن، ماسكاۋغا ئۈچ يۈز يىل ھاكىم بولغان ئەمىر تۆمۈر بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئەمەسمىدى؟

**1225** ـ يىلى پىكىن (بېيجىڭ) نى ئىشغال قىلغان قوماندان چىڭگىزخان تۈركىستانلىق ئەمەسمىدى؟ ياراسلاۋ باشلىق روس كىنەزلەرى، مىخايىللار، دانىيال رومانوۋىچلار، ئىۋانلار ۋە باشقالار قاراقورۇم (موڭغۇل خاندانلىقىنىڭ مەركەزى)دىن يول ـ يورۇق سوراماغۇچە ئىش قىلالماس ئىدى ئەمەسمۇ؟ ئۇ كىنەزلەر ئالتۇن ئورداغا بارىپ تۈرك خانلارى ئالدىدا يەر سۆيمەدىمۇ؟ ئۆز ۋەقتىدە تىمۇچىن ئالدىدا قىلىپ قويغان بىر خاتا ئىشى ئۈچۈن كىنەز ياراسلاۋ قاراقورۇمگە چاقىرتىلىپ سوت ـ سوراققا تارتىلمادىمۇ؟ مانا بۇلار تارىختىن ئۆچمەيدۇرغان ھەقىقەتلەردىندۇر

ئەي تۈرك ئوغلى! ئەي بۇرادەرلەر! بىزنىڭ دۇشمەنىمىز ئەگەر فىرئەۋن بولغان تەقدىردەمۇ، بىزنىڭ قولىمىزدا الله نىڭ كەلامى بار.

خەسمىمىز فىرئەۋن ئىسە ئىنكارە يوق نامىق مەجال
بىز قۇلىمىز، فەيزى بارىدۇر كەلامى پاكىمىز

ئەي نامىق! ئەگەر بىزنىڭ دۇشمەنىمىز پىرئەۋن بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ھىچ ۋەقەسى يوق. چۈنكى بىز بولساق خۇدانىڭ قۇلى، قولىمىزدا ئۇنىڭ مۇقەددەس كەلامى بار ئەمەسمۇ؟

ئەي قەھرىمان ئاتالەرىمىزنىڭ ئوغلانلەرى! پەھلىۋان بابالەرىمىزنىڭ ئەۋلادى!

بۇ يەردە سىزلەرگە ئىبرەت ئامىز (ئىبرەت بولارلىق)، ھەيرەت ئەنگىز (ھەيران قالارلىق) بىر سىياسىي خىتاب (نوتا) نى ئەسلەتىپ ئۆتۈش

فائىدەلىك كۆرۈلدى. ئۇ بولسىمۇ ئۆز زەمانىدا خۇددى گىتلىرگە ئوخشاش جاھانغا پاتماي كەتكەن ماسكاۋ كىنەزى ۋاسىلىگە خاقان ئەمىر تۆمۈرنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن بىرى ئىدىگو تەرەفىدىن يازىلغان سىياسىي خىتابدۇر. بۇ خىتاب «ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى» كىتابىنىڭ **1** - بۆلۈم **70**، **71**، **72** - بەتلىرىدە بەيان قىلىنىپ بولغاندۇر. بۇ خىتابنى ئوقۇرمەنلەر ئوقۇپ، مۇلاھەزە قىلسا، ئۇنىڭدەكى بۈگۈنكى كۈنىنىڭ سىياسەتدان - داھىلەرى ئاڭلاسامۇ ھەيران قالادۇرغان جۈملەلەر، خىتابۇ- پەرمانلارغا مەپتۇن بولۇپ قالادۇر. بىز بۇ خىتابتىن ئابا ۋە ئەجدادلەرىمىزنىڭ دۈشمەنلەرگە قانچەلىك كەسكىن مۇئامەلەدە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مىللەتىمىز بۇ خىتابتىن ئويغۇنۇپ، كۆزىنى ئاچسا، ئەسلىمىز ۋە نەسلىمىز ھەمدە تارىخىمىزنى چۈشەنسە، بۇنىڭ تۈرتكەسىدە ئالتاي تاغلارىنىڭ ئالتۇن تەختىگە قايتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن غەيرەت ۋە ھىممەت كۆرسەتەر، دىپ ئويلايمەن.

تەئرىخە باق بىلۇرسەن شەئنى قەدىيمىڭ ئەي جان
قاچ كەررە ئەمرىمىزدە رۇس ۋە خىتا مۇسەخخەر

تەرجەمەسى:

تارىخقا باق، بىلۇرسەن شۇ شانلىق ئۆتمۇشۈڭنى
رۇس ۋە خىتاي بىزلەرگە قارام بولغان قانچەلەپ

بۇرادەرلەر! الله قا مەدھىيەلەر بولسۇنكى، ئىسلام دىنىندەمىز. ئىسلام ئەھكامى بويىچە بىز ئالدى بىلەن چىن دىلدىن تەۋبە قىلايلى! ئىككىنچىسى، شەرىئەتىمىزنىڭ بۇيرۇقلەرىگە ئەمەل قىلايلى! نامازنى ۋەقتىدە ئوقۇيلى! زاكاتلەرىمىزنى تولۇق ئايرىپ پەقىرلەرگە بىرەيلى! ئىشچى، مەردىكارلەرنىڭ ئىش ھەقلەرىنى پىشانە تەرى قۇرۇماستا ئادا قىلايلى! ھەقدار بولغانلارىمىز ئۈستىمىزدەكى ماددىي ۋە مەئنەۋىي ھەقلەرنى تاپشۇرايلى! يەتىملەرنىڭ ھەققىدىن قاچايلى! پۇلدارلەرنىڭ ھەققىدىن ساقلانايلى! رىيادىن، ئۆسۈمدىن، زىنادىن خۇددى يىلاندىن قاچقاندەك قاچايلى!

يەكۈن سۆز: ئىلاھىي قانۇن بولغان قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلايلى! سۈننەتكە ئۇيغۇن ئىش قىلايلى! ھەر ھال ۋە ھەر ئىشتا ئادىل بولايلى! بىز شۇنداق قىلالاساقلا، الله نىڭ ياردەمى ۋە شەپەقەتى بىلەن ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي

ئەھۋالىمىز تۈزۈلۈپ، ئىلگىرىكىدەك تىنچلىق ۋە راھەتتە ياشاش نەسىب بولسا ئەجەب ئەمەس. بۇ ئىشلەر خۇداغا ئاساندۇر. بارلىق كۈچ - قۇدرەت ۋە بايلىق ئۇنىڭ ئىلكىدە، ئۇ تۈگەل سەبەبلەرنىڭ باش سەبەبكارىدۇر.

بىلەرمەند، دانىشمەندلەرنىڭ ئۇشبۇ سۆزى ئەيتىپ ئۆتەرلىك گۈزەل ئۈگۈتتۇر: جەڭ - كۆرەش ئۈچۈن ئۈن نەرسە لازىم، ئۇنىڭ بىرى ئەسكەر، توققۇزى مىللەتسۆيەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر.

تۈغار چوقۇم مەن ساڭا ۋەئدە قىلغان ئاشۇ كۈن
كىم بىلسۇن، ئۇ ئەتەدۇر ۋە يا ئاندىن يىقىندۇر

ھادىسەلەردىن ئاغىر ئاياقتۇر زەمان
بىلمەيسەن ئاندىن نىمە كۆرەدۇر جاھان

ئەزىز بۇرادەرلەر!

ئۇلۇغ الله نىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتى ۋە يارقىن ھىكمەتى، تەدبىرى، تەقدىرى ئالدىدا روس، خىتاي، يەھۇد، مەجۇس كافىرلارنىڭ نىمە قىيمەتى، قانچىلىك كۈچى بولسۇن؟ بۇيۈك دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمدە شۇنداق كىلەدۇر: «(پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلادۇرغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى بىزنىڭ ئازابىمىزنىڭ ئۇلارغا كىچەسى (غەفلەتتە) ئۇخلاۋاتقانلارىدا كىلىشىدىن قورقمامدۇر؟» (ئەئراف سۈرەسى، **96** - ئايەت)

**1905** - يىلدەكى روسيە - ياپۇنيە ئۇرۇشى مۇھتەرەم ئوقۇرمەندلەرنىڭ خاتىرەسىدە بولسا كىرەك. بۇ ئۇرۇشتا روسيەنىڭ پورت - ئارتور سىپىلىنى قولدىن بىرىپ قويغانلىقى روسيە ئۈچۈن چىداغۇسىز ئەھانەت بولغان ئىدى. **2** - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلارىدا ياپونيە ساۋىت مانجۇرىيەسى (شەن كۇفەن) نى باسۋالغاندا روسيە ئۇلارغا تەڭ كىلەلمەي ئۇۋاسىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى.

**2** - دۇنيا ئۇرۇشىدا گىتلىر تەرەفىدىن ماسكاۋغا ياغدۇرۇلغان بىرلىن بومبالەرى روسلەرنىڭ كۆزلەرىنى ئاچۇرماي، «ۋاي دات!» دىگۈزۈۋۈپ، لىنىنىنىڭ موميا بىلەن قاتۇرۇلغان جەسەدىنى قىزىل مەيداندىن كۆچۈرۈپ روسلەرنىڭ ئانا شەھەرى ساماراگە كۆچۈرۈشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. يەنە قانداق، قانچەلىك

ئىشلار بولغانىنى كۆرگەنلەر، بىلگەنلەر سۆزلەسۇنلەر. مانا شۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەنلەردىن ھاجى تەخەللۇسلۇق بىر مۇھاجىرنىڭ قەسىدەسىدە مۇنداق مىسرالارنى ئۇچراتۇرمىز:

تەرەفدار ئەيلەدى بىزلەرگە شول سائەتتە ئالمانىنى
جاھانگىرلىككە لايىق ئەيلەدىڭمۇ شاھى گىرمانىنى؟
يازىپ ھاجى ئادا قىلدى كۆڭۈللەر ئىچرە ئارمانىنى
مۇسەللەت ئەيلەدى روسلەر باشىگە بىر قەۋىي دىشۋار
كۆزۈڭ ئاچ، «يوق» دىپ ئىردىڭ، مەن ئىرۇرمەن ۋاھىدۇلقەھھار
دۇئا ئەيلەڭ بۇرادەرلەر، يوقالسۇن بالشىۋىك كۇففار

ئەي مۇسۇلمانلەر! ئەي ئاغالەر! ئىنىلەر!

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن گىتلىر دەھشەتى، گىرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ قاتار ھۇجۇملەرى، كىچە بولسۇن، كۇندۇز بولسۇن يەردىن، كۆكتىن، سۇدىن بولۇپ تۆت تەرەفتىن ماسكاۋ ۋە باشقا شەھەرلەرگە ياغدۇرۇلغان ئوق يامغۇرلەرى كىمنىڭ خەيالىدە، كىمنىڭ چۈشىدە بار ئىدى؟ بۇ ئەزاب، بۇ بەلا پەقەت ھەق تەرەفدىن مەخسۇس ئىبەرتىلگەن، كۆكتىن چۈشكەن ئافەت، يەردىن كىلگەن فەلاكەتتۇر.

مۇھتەرەم ئوقۇرمەندلەر!

ئەقلىمىز، فىكرىمىزنى يىغىپ الله نىڭ قۇدرەتىگە، ھىكمەتىگە دىققەت بىلەن نەزەر تاشلايلى، ئىلگىركى ۋە يېقىنقى تارىخ بەتلەرىگە كۆز تاشلايلى. قارۇننى يەر يۇتتى، پىرئەۋنلەر سۇغا غەرق بولدى، نەمرۇد مەردۇد بولۇپ كەتتى، ناتسىپستلارنىڭ كۇلى كۆككە سورۇلدى. الله ھەر بىر قەۋم ۋە ھەر مىللەتكە ھەر خىل بەلا، ئافەتلەرنى بۇيرۇپ قويىدى. الله قا مۇناجات قىلايلى، يىلىنايلى، يالۋۇرايلى، يىغلايلى، تەۋبە قىلايلى: كىم بىلسۇن، الله بالشىۋىكلەر، كامۇنىستلەرگەمۇ كۆز كۆرمەگەن، قۇلاق ئاڭلاماغان، تارىختا كۆرۈلمەگەن زەمانەۋىي، يىڭىچە فەلاكەت ۋە ھەلاكەتلەرنى ئىبەرسە ئەجەب ئەمەس. جاھاننىڭ ئىگەسى ئۆزىدۇر، كۈچ - قۇدرەت ئۆزىدەدۇر. ئۆزۈڭ قادىر سەن يارەب، ئۆزۈڭ ھازىر سەن يارەب.

مۈلكىندە ھەق تەسەررۇف ئىدەر كەيفە يەشائۇ
ئىستەرسە كەۋنى ۋار ئىدەر ئىستەرسە يوق ئىدەر

**تەرجەمەسى:**

الله ئۆز مۈلكى بولغان بۇ جاھاننى خاھلەگەنچە باشقۇرادۇر. ئۇ خاھلاسا پۈتكۈل دۇنيانى بار قىلادۇر، خاھلاسا يوق قىلىپ تاشلايدۇر.

ئەزىز ئوقۇرمەندلەر دىققەتىگە شۇنى ئەسكەرتمەكچىمەنكى، «ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى» ناملىق بۇ كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى باسىپ تارقاتىلىشى بىلەن سەئۇدىي ئەرەبىستان باشلىق يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرەفىدىن كىلگەن تەشەككۇر، تەبرىكلەر، خەيرلىك دۇئالەرنى مەزمۇن قىلغان مەكتۇبلەرنى كۆپلەپ تاپشۇرۇۋالدۇق. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممەسىنى بەيان قىلىشتىن ئاجىزمىز. شۇنداق بولسامۇ كەمىنەنىڭ بۇ ئەرزىمەس ئەسەرىنى ئالقىشلاپ يازىقچە ۋە ئاغىزچە بىلدۈرۈلگەن تەھسىنلەر ئۈچۈن ئايرىم - ئايرىم رەھمەت - تەشەككۇرۇمنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇلار ئىچىدىن تۆۋەندەكى مەۋلەۋىي ساھىب ھەزرەتنىڭ تەشەككۇر مەكتۇبىنى نەمۇنە سىفەتىدە ئۆز ئەينى بىلەن كىلتۈرمەكچىمەن. بۇ مەكتۇبدىن يىڭى نەسىللەر، ئۆسمۈر ياشلار بەلگەلىك فائىدەگە ئېرىشكۇسى.

# تەھسىننامە

ئىنسانغا بۈيۈك نىئمەتلەرنى ئەتا قىلىش بىلەن ئۇنى باشقا بارلىق جاندارلاردىن ئۈلۈغ قىلغان فەيىيازى مۇتلەق (تەڭداشسىز ساخاۋەت ئىگىسى) بولغان اللە قا چەكسىز ھەمدۇ - سەنالار بولسۇن. ئۇ ئۇستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئالەمدەكى كاتتا جىسىملارنى ئىنسانغا بوي سۇندۇرۇپ بىردى. مۇسۇلمان ۋە مۇئمىنلەرنى باشقا بارلىق گۇمراھ ئىنسانلاردىن ئىسلام ۋە ئىمان بىلەن ئۇستۈن قىلدى. ئۇممەتى مۇھەممەدىيەنى باشقا مۇسۇلمان ئۇممەتلەردىن ئارتۇق قىلدى.

دۇنيا خەلقلەرىنىڭ يېتەكچىسى، ئىنسانلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەختى ئۈچۈن جىھاد ۋە تەبلىغ ئارقالىق ئۇلارغا جەننەتنىڭ يولى بولغان سىراتۇلمۇستەقىيم - توغرا يولنى ئوچۇق كۆرسۈتۈپ بىرگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سانسىز دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن.

اللە قا ھەمدۇ - سەنا، پەيغەمبەرىمىزگە دۇرۇد - سالات يوللاپ بولغاندىن كىيىن مۇھتەرەم قارىنداشىمىز، مۇجاھىد ۋەتەنداشىمىز مۇسا ئەپەندىمگە ئۇنىڭغا بولغان قايىللىقىمدىن قايناپ چىققان ئەدەبىسىز تەشەككۇر ۋە رەھمەتلەرىمنى تەقدىم قىلغاندىن كىيىن سۆزۈمنى باشلايمەن:

ماڭا ھەدىيە قىلىنغان ئۈلۈغ تۈركىستان فاجىئەسى كىتابىنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىقتىم. ئەسەرنى ئوقۇش جەرەيانىدا شۇ ئەيان بولدىكى، مۇئەللىف بۇنداق بىر ئەسەرنى بارلىققا كىلتۇرگۇچە بولغان جەرەياندا ئاز بولماغان جەفا - مەشەققەتلەرنى چەكىپ، زور دەرەجەدە تىرىشقان. ھەر قانداق بىر تىرىشىش ھىممەتكە قاراپ بولادۇر. دەمەك، مۇئەللىفنىڭ ھىممەتى ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن ئۇستۇن كىلگەن. ھىممەت توغراسىدا ھىندىستان - پاكىستان مۇسۇلمانلەرىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار:

ھىممەتى مەردان مەدەدى خۇدا

دۇئائى دەرۋىشان رەھمەتى خۇدا

تەرجەمەسى:

كىلسە ھىممەت مەرد قولىدىن، بىل، ئۇ، خۇدا مەدەدى

مەردلەر ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ، ياغار خۇدا رەھمەتى

مۇئەللىق قولىدا ئىشقا ئاشقان بۇ كاتتا خىزمەتنى يۈتۈنسۈرۈك الله نىڭ مەدەدى دىگەن تۈزۈك. مۇئەللىفنىڭ بۇ ئەمگەكىنىڭ مۇھىم رولى شۇ يەردەدۇركى، ئۇ كىلگۈسى تۈرك ئەۋلادلەرىنى كۆرەشكە چاقىرغۇچى بۈيۈك چاقىرىق ۋە ئۈنىڭغا قوزغاتقۇچى كۈچلۈك قوزغاتقۇدۇر. چۈنكى ئەسەرنى ياخشى چۈشۈنۈپ، بىرىلىپ ئوقۇغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋىجدانى قايناپ تاشادۇر، دۈشمەنگە بولغان ئەداۋەت ۋە غەزەب ئوتى كۈچۈيۈپ بىرى يۈز بولادۇر.

خاقان ئەمىير تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك قۇماندانلەرى بارلىققا كىلگەن تۈركىستان تۇپراقىدىن كىلگۈسى ئەسرلەردە يەنە شۇنداق بۈيۈك غازىلەرنىڭ مەيدانغا كىلىشى خۇدانىڭ قۇدرەتىدىن يىراق ئەمەستۇر. كامۇنىست ئورۇسقا قارشى جىھاد ـ كۆرەش ھەرەكەتىنى مەيدانغا كىلتۈرۈپ زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بىر چوڭ دەۋلەتنى سۈلھكە مەجبۇر قىلغان مۇجاھىدلەر باشلىقى شەھىيد مۇھەممەد ئەمىن بېك غازى( مۇشۇ ئەسەرنىڭ 1 ـ بۆلۈمدە تىلغا ئالىنغان، غەربىي تۈركىستاننىڭ مەرغىلان ئەترافلەرىدە روس قىزىل باسقۇنچى كۈچلەرىگە قارشى كۆرەشكەن مۇجاھىد بابالارىمىزنىڭ بىرى )مۇ ئەنە شۇ ئەمىير تۆمۈردىن تۆت ـ بەش يۈز يىل كيىن ئۇلۇغ تۈركىستان تۇپراقىدا بارلىققا كىلگەندۇر. غازى مۇھەممەد ئەمىن بېكنىڭ شەھىيد بولغانىغا تىخى ئۇزۇن بولغانى يوق، مانا بۇ زاتنىڭ ھەيات كەچمىشلەرى يىڭى ئەۋلادلەرىمىزگە ئىبرەت دەرسىدۇر.

دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالىشكە فۇرسەت كىلگەندە ياشلەرىمىز، يىگىتلەرىمىزنىڭ ھەر بىرى بىر ئارسلان كەبى غەزەب ئوتى بىلەن دۈشمەن قارشىسىدا ھۆركۈرەگەن شىر بولۇپ، دۈشمەننىڭ تەختىنى ۋەيران قىلىب، كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇر، ان شاءُ الله. ئەنە شۇ چاغدالا، بۇ دۇنيادىن غەزەب ئوتىنى يۇتۇپ، ئاچچىق بىلەن كەتكەنلەرنىڭ روھى شادلانادۇر. مۇجاھىدلەر باشى مۇھەممەد ئەمىن بېكدەك بۈتۈن تۈركىستان ۋە تۈركىستان ئەھلىنىڭ سەئادەتى ئۈچۈن شىرىن جاننى ۋە قيىمەتلىك ئۆمرىنى قۇربان قىلغان بىر مۇجاھىدى ئەزىيمنىڭ شەھادەتى ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق مەرد مۇسۇلماننىڭ دىلىغا ھەسرەت سالادۇر. بىراق تەقدىرگە ئىمان كىلتۈرۈش بىلەن بۇ ھەسرەتتىن قۇتۇلۇش ئۇ مۇسۇلماننىڭ سەئادەتىدۇر. ئۇلۇغلار شۇنداق دىگەن ئىكەن: تەقدىرگە ئىشەنگەن ھەسرەتتىن ئىبسەن بۇ ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسىنىڭ كامۇنىست ئورۇسلارنىڭ زۇلم ـ زورلۇقلارى توغراسىداكى مەزمۇنلارىنى باشقا تىللارغا تەرجەمە قىلىپ مۇمكىن بولغان دەۋلەتلەرگە

تارقاتىلسا بەكمۇ ياخشى بولۇر ئىدى.

**1401** - يىلى سەفەر ئاينىڭ **9** - كۈنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە تۈرۈشلۇق ھەقىير دوستىڭىز مەۋلەۋىي ئەبدۇررەھىيم ياركەندىي

# تۈركىستان مۇھاجىرلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنەلەر

بارچە تۈركىستان ئىلى مەزلۇم، مۇسۇلمان ممىللەتىم
ئاۋچى دۈشمەنلەر ئارا يۇرتى بۆلۈنگەن ممىللەتىم
ئويلاغىل باباڭلىرىڭ خۇسراۋ ھۇجۇمىنى توسۇپ
ئەسكەرى ئىرانىنى چۆلدە سەرخۇن ئەتكەن ممىللەتىم
سەۋتى ئىسلام نەئرەسىگە ئەتتى لەببەيك ئول زەمان
مىڭچە مىڭلەر مالۇ جانىن نەزر قىلغان ممىللەتىم
جەيشى ئىسلام قەيدە بولسا دائىما ياردەم قىلىپ
دىن ئۈچۈن بولغان جىھاددە يۈزدە توقسان ممىللەتىم
ئىلمۇ ـ تەفسىرۇ ـ ھەدىيسۇ ـ فىقھىدە ئەللامەلەر
ھەم بۇخارىي ھەم سەرەخسىي ئەھلى جۇرجان ممىللەتىم
تىرمىزىي، سەككاكىي ـ يۇ ئەللامە تەفتازان كەبى
ئەننەسەئىي ھەم زەمەخشەر كويدە بۇرھان ممىللەتىم
ئىلمۇ ئەشئارۇ مەئانى ھەم ئەقائىد بەھرىدە
ماتۇرىيدى بىرلە ئۇشىي ئەھلى بوستان ممىللەتىم
ئول سەمەرقەندۇ بۇخارا تىكلەگەن ئالىملەرىن
ئىسمىنى توپلاشكە ئاجىز ھەر بىر ئىنسان ممىللەتىم
ئىبنى سىينا تىب ئۇلۇمىدە يازىب قانۇنچەنى
ھەندەسە جەبرۇ ھىسابدە يازدى ئىخۋان ممىللەتىم
مىر ئەلى ھەم كورەگان، مانغىتۇ سامانىيلەر
كەچتى شاھۇ ـ خانۇ ـ سۇلتان نەچچە قائان ممىللەتىم
يۇرتىمىزدە تەربىيەت تاپقان ئەفازىلدىن بىر ئاز
زىكرىمىز تەنبىھ ئۈچۈن ياد ئەتسە ئارسلان ممىللەتىم
تۇپراقىڭدە بار ئۇنۇمىنىڭ قايسىنى بىلمەم يازاي
مەنبەئى ئالتۇن، كۇمۇش ئەسھابى لەك كان ممىللەتىم
چۆللەرىڭنىڭ ئاتىنى دۇنيا بىھىشتى قويدىلەر
يەتتە نەھرۇ مىڭ بۇلاققا ھەقلى دىھقان ممىللەتىم
يۇمماغىل خەلقىم كۆزۈڭنى، ئويلا، كىم ئەۋلادىسەن؟

بۇ مەزەللەت، بۇنچە خارلىكدە ئەزىلگەن مىللەتىم
قۇرتۇلۇش دەۋرى يىقىن دۇر ئۆرگەنىڭ ئىلمۇ ـ ھۈنەر
تەڭرىگە يالۋار تۈزەپ ئەخلاقۇ ـ ئىمان مىللەتىم
ئۆشبۇ تەۋسىفى سەلىمى مىللەتۇ ـ يۇرتى ئۈچۈن
ئازگىنە شەرھى بەيان ئەي ئەھلى ئىھسان مىللەتىم
(قارى ئەبدۇسسەلام شىر مۇھەممەد داموللا ئوغلى قەلەمىدىن)

# تۈگەنچ سۆز

شانى بۈيۈك الله قا ھەمدۇ ـ سانا، رەسۇل ئەكرەمگە چەكسىز دۇرۇدلار بولسۇنكى، ئۇلۇغ الله ئۆز پەزلى ۋە كەرەمى بىلەن مەتبەئەنىڭ تۇرلۇك قىينچىلىقلارىغا قاراماي، مۇھاجىرلىق ھەياتىمىزدا بىزنى بۇ كىتابنى ھازىرلاشقا مۇۋەففەق قىلدى. بۇ بولسا جەنابى ھەقنىڭ بۇ ئاجىز بەندەسىگە قىلغان بىر ياخشىلىقىدۇر. بولۇپمۇ مەندەك زەئىف، باھارى خەزان بولغان بىر مۇھاجىر ئۇچۇن ئۇلۇغ نىئمەت، بۈيۈك دەۋلەتتۇر.

ئىنايەت ھەركىمە يۈز تۇتسە ئىسيانى ھىجاب ئولمەز
گۈنەش دۇغدىقچە زىرا پەردەئى زۇلمەت نىقاب ئولمەز
تەرجەمەسى:
خۇدا كىمنى يۆلەر بولسا، گۇناھى كۆزگە كۆرۈنمەس
زىرا كۈن تۇغسا، زۇلمەت پەردەسى ئۇنىڭغا كار ئەتمەس

مۇھتەرەم ئوقۇرمەندلەرنىڭ مۇئەللىف ھەققىگە ياخشى تىلەك ـ دۇئالاردا بولۇپ قويۇشلارىنى سورايمىز. ئۇلۇغ ئىگەم بۇ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي خىزمەتنى ئۆز دەرگاھىدا قەبۇل قىلسۇن. سەدەقە جارىيە كەبى ئاخىرەت بايلىقى قىلسۇن. ئامىين

ئەي پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگەسى بولغان الله، مۇئەللىفنى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئاناسى ۋە بارلىق مۇئمىنلەرنى كەچۈرۈم قىلغىن!

بىز ياشاۋاتقان ئىلم ـ پەن ئەسرىدە، مۇھاجىرلىق دەۋرىمىزدە، سەئۇدىي مەملەكەتىدە تۈركستان ئەدەبىياتىدىن نەمۇنە سىفەتىدە ئوز تىلىمىز، ئۆز شىۋەمىزدە يازىلغان بۇ كىتابنىڭ ئىسلام ئۆملۈكى چاقىرىقى پۈتكۈل ئىسلام ئەللەرى بويلاپ قارشى ئالىنىۋاتقان بىر مەزگىلدە ھەمدە پادىشاھىمىز خالىد ئىبنى ئەبدۇلئەزىز ئالىيلەرىنىڭ قۇتلۇق دەۋرىدە باسىپ تارقاتىلىشى بىز مۇھاجىرلەر ئۇچۇن بۈيۈك بەختتۇر. بۇ بولسا بىز مۇھاجىرلەرنىڭ مەئارىف ساھەسىدەكى ئىلمىي ۋە ئەدەبىي تەرەققىياتلارىدىن لايىقىدا بەھرەمەند ئىكەنلىكىمىزنىڭ ئاشكارا دەلىلىدۇر. ئىلاھا پادىشاھىمىزنىڭ تەختى، بەختى بەر قەرار بولسۇن.

ئەدلى ـ ئەدالەتى يوقىماسۇن. ئەسكەرلەرى غالىب، دۈشمەنلەرى مەغلۇب، ئورداسى زەپەردار بولسۇن. ئىلاھا مەملەكەت تىنچ بولسۇن. خەلق خوشلۇق، كەڭرىچىلىكتە ياشاسۇن. ئامىين!

ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى كىتابىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى چارروسلەرنىڭ ۋە قىزىل روسلارنىڭ زۇلم ـ زورلۇقلارىنى مەزمۇن قىلغان ۋاقىئەلەر، كۆرگەن، بىلگەنلەرىم بىلەن مەزمۇن تاپتى. باشقا زەمان ۋە مەكاندا ئۇلۇغ تۈركىستان خەلقىنىڭ باشىغا كىلگەن ھادىسەلەر كۆپتۇر. بىزدىن كىيىن كىلگەنلەر بىلگەن ۋە كۆرگەنلەرىنى يازىپ بۇ يازغانلارىمىزغا قوشۇمچە قىلسالار ئۆز بۇرچلارىنى ئورۇنداغان بولۇر. ئۇشبۇ ئىككىنچى بۆلۈمدە تۈركىستان فاجىئەسىنىڭ كاشغەر سەھنەسىدىن بىر كۆرۈنۈش نامىدا قارا خىتاينىڭ زۇلم ـ ستەملەرى، قىزىل خىتاينىڭ ياۋۇزلۇقلارى، مۇدھىش سياسەتلەرى بەيان قىلىندى. بەلكىم بۇلار يىڭى ئەۋلادلەرگە فائىدەلانىش مەنبەئى بولۇپ قالۇر، ان شاۇ اللە.

**1981** ـ يىل

# فائىدەلانىلغان ئەسەرلەر

ئەبدۇلئەزىز چىڭگىزخان: «تۈركىستان ئاسىيانىڭ يۈرەكى»، مىسىر، **1945** - يىل.

مۇھەممەد ئاتىق: «كاشغەر تارىخى»، **1882** - يىل.

مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا: «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاب تارىخى».

مىر سالىھ مەخدۇم ئۇشى: «دەردلىك خاتىرەلەر».

ئىيسا ئالىپتىكىن: «دوغۇ تۈركىستان».

بۇ كىتاب سەئۇدىي ئەرەبىستان تەشۋىقات مىنىستىرلىكىنىڭ ئىجازەتى بىلەن باسىلدى.

كىتاب ئىسمى: ئۇنتۇلماس تۈركىستان فاجىئەسى

مۇئەللىف: مۇسا تۈركىستانىي

تىلى: تۈركىستان تىلى

# ئىچىدەكىلەر

كىرىش سۆز.......... 4
ئۆزلەشتۈرگۈچىدىن.......... 8
باغىشلاما.......... 15
ھەدىيە.......... 17
كىتابنىڭ يازىلىشى ھەققىدە.......... 18
«ئۇلۇغ تۈركىستان فاجىئەسى» كىتابىنىڭ 2 ـ بۆلۈمىگە مۇقەددىمە.......... 19
يەئقۇببەگ (بەدەۋلەت) نىڭ ئۇنتۇلماس تارىخىي تۆھفەلەرى.......... 25
بەدەۋلەتنىڭ ھەربىي تەدبىرلەرىدىن نەمۇنەلەر.......... 28
يەئقۇب بەگنىڭ تاشقى سىياسەتى.......... 30
تەشەككۈر سۆزى.......... 34
مۇستەفا شامىل بىكنىڭ مۇقەددىمەسى.......... 35
شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىنقىلاب ئەرەفەسىدەكى ئومومىي ۋەزئىيەتى.......... 41
ختايلارنىڭ قانلىق ئىستىبدادىدىن نەمۇنەلەر.......... 42
ئىختىلاف دەۋرى.......... 44
خوتەندە قوزغالان.......... 46
كاشغەردە باشلانغان ئىنقىلاب.......... 47
خوتەن ۋە ياركەنتتە بولغان ئىشلار.......... 49
مادوتەينىڭ يىڭى تەدبىرلەرى.......... 51
مىللەتنىڭ ئىنقىلابقا ھازىرلانىشى ۋە مادوتەينىڭ ئىستىئفاسى.......... 55
كاشغەرگە قىلىنغان ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم.......... 57
كاشغەردە تۇنجى دوختۇرخانانىڭ قۇرۇلۇشى.......... 59
ھەياتتەكى ماددىي ۋە مەئنەۋىي لەززەت.......... 62
تۆمۈر غازىنىڭ كاشغەرگە كىلىشى.......... 64
مىللەت مەجلىسىنىڭ قۇرۇلۇشى.......... 65
مادوتەينىڭ تەختتىن چۈشۈپ يۇنۇسبەگنىڭ ۋالى بولىشى.......... 67
تۆمۈر سىجاڭ زەمانىدە بولغان ئىشلار.......... 68
ۋالى يۇنۇس بەگ قىلغان ئىشلار.......... 69

كاشغەردەكى مەئارىپ ئىشلەرى..........................................70
خەستەخانا ۋە قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىيەتى ..............................72
قىزىل ھادىسەسى.........................................................74
تۆمۈر سىجاڭنىڭ بوشاڭلىقى ۋە رەقىبلەرىنىڭ قۇۋلىقى ..........................76
خوتەن مۇجاھىدلەرىنىڭ مەيدانى..............................................78
خوتەن مۇجاھىدلەرىنىڭ (شاھ مەنسۇر ئەسكەرلەرىنىڭ) قورالسىز لاندۇرۇلۇشى80
خوتەن ۋە كاشغەر ئاسمانىدا قارا بۇلۇتلار.......................................82
كېڭەيمەچىلىك سىياسەتى..................................................88
تۆمۈر سىجاڭنىڭ شەھىد بولۇشى.............................................91
تۇڭگانلارنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئىدارە شەكلى.......................................93
ئاپپاق خوجامدا يۈزبەرگەن تۇڭگان - ئۆزبېك توقۇنۇشى..............................96
(شاھ مەنسۇر) ئەمىر ئەبدۇللاھنىڭ قاچۇرۇۋاتىلىشى..............................97
كاشغەرنىڭ نەجاتى (قۇتۇلۇشى)................................................98
ئىستىقلال جەمئىيىيەتىنىڭ يىغىنى.............................................99
چەتئەللەردىن كىلگەن كىشىلەر..............................................102
ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش ئەرەفەسىدە ئاچىلغان «قۇرۇلتاي» ..............................105
كاشغەردە نەمايىش كۈنى..................................................107
شەرقىي تۈركىستان دەۋلەت قۇرۇلۇشىنىڭ بەيانامەسى..............................108
1933 - يىلى كاشغەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەتى بايراقىدىن
نەمۇنە: .................................................................109
ئىستىقلال مەجمۇئەسىنىڭ ئەدەبىيات قىسمىدىن نەمۇنەلەر ......................122
شەرقىي تۈركىستاندا پۇل مەسىئەلەسى..........................................126
باش ۋەكىل سابىت ئەبدۇلباقىنىڭ بۇيرۇقى ......................................128
خائىن تۇڭگانلار..........................................................131
زالىم خىتايلار ...........................................................133
گۆر ئاغزىدىن يانغانلار......................................................136
ماسكاۋ جاسۇسلەرىنىڭ ئاقىبەتى ..............................................143
ئارمىيە ئاراسىغا سوقۇنۇپ كىرگەن روس جاسۇسلەرى..............................144
ئوسمان ئەلى سىجاڭنىڭ ئاقىبەتى .............................................148
يەنە قان تۆكۈلدى .........................................................149

جەڭ مەيداندىن بىر كۆرۈنۈش .......................................150
تۈڭگانلار بىلەن ئالىپ بارىلغان سىياسىي مۇزاكەرەلەرىمىز.....................152
سۇلھكە مۇناسىبەتلىك بىر مۇئەمما .......................................154
گېرمانىيە بىلەن بولغان قورال سەۋداسى.......................................157
ئەھمەد تەۋفىق ئەپەندىنىڭ ئاقىبەتى .......................................159
ھەمسايە دەۋلەتلەر .......................................161
رەئىس جۇمھۇر خوجانىياز ھاجىمنىڭ كاشغەرگە كېلىشى .......................................166
تۈڭگان كېلدى!.......................................168
كاشغەرگە ھۇجۇم.......................................176
كاشغەردە قەتلىئام .......................................179
يۇسۇفجاننى قورالسىزلاندۇرۇش قەرارى .......................................180
يۇسۇفجان بىلەن ئۇچراشىش.......................................184
تۈڭگانلارنىڭ يېڭى ھىسارنى ئىشغال قىلىشى.......................................189
قىزىل ئۆرۈمچى قۇتراماقتا.......................................192
ھىندىستان يوللارىدا .......................................195
شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئاقىبەتى .......................................199
خوجا نىياز غازى ئاتانىڭ خىتايلار بىلەن ئىتتىفاق تۈزۈشى.......................................200
فۇكاڭ بىتىمى.......................................202
ئەركەشتام زىيارەتى .......................................204
ماسكاۋ - ئۆرۈمچى ئىتتىفاقى.......................................211
يۇسۇفجاننىڭ ئاقىبەتى.......................................212
ئۆزبېك مۇھاجىرلەرى شەرقىي تۈركىستاندا.......................................217
دوختۇر مەجدۇددىن بەگ.......................................219
يەنە بىر ھىكايە.......................................221
ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگەن تۈركىستانلىقلار
تىلىدىن.......................................225
ئەسلەتمە .......................................227
ئىلاۋە .......................................229
تۈركىستان مۇھاجىرلار ئەدەبىياتىدىن نەمۇنەلەر.......................................238
تۈگەنچ سۆز .......................................240